TANGRITAG

2003.6
天尔塔格

تەبىئەتنى ئويغانغان كۆيلەر

ئىر



تەڭرىتاغ

ISSN 1004-1745
9 771004 174004 11



www.nurkitap.com

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

## 2003.6



ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى    «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار

تەبىئەتتىن ئويغانغان كۈيلەر ........................................ مۇھەممەت چاۋار (22)
ئاقىدۇ زاماندىن زامانغا ئەركەك ........................................ ئەخمەتجان تۇرۇپ (23)
ئىككى شېئىر ........................................ ئابلەت ئەخمەت (26)
شېئىرلار ........................................ ئابدۇرېشىت ئېلى (27)
شېئىرلار ........................................ هاياتنوپۇس مۇھەممەت (28)

## ھېكايىلەر

بىر قىزنىڭ تەقدىرى ........................................ ھۆسەنجان ئابدۇۋەلى (4)
ئىككى ھېكايە ........................................ ماھنۇر ئىسمائىل (30)
يامغۇرلۇق گۈگۈم ........................................ روزنتوختى داۋۇت (89)

## ئۇيغۇرلار ۋە سودا

«كروران» دۇچ كەلگەن 81 مۇشكۈلات ........................................ نۇرمۇھەممەت توختى (45)

## ئەسلىمە

ئېرىم روزى سايىتنى ئەسلەيمەن ........................................ روزىنىسا تۇرسۇن (37)
زوردۇن سابىر ۋە مەكتە ........................................ مۇتەللىپ سىيت (71)

نەشرىيات باشلىقى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىن نۇر
بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرلىرى: ئەزىزى، ئەكبەر سالىھ
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت
ئىشخانا خادىمى: سەنەۋەر ئۆمەر، ئالىم خالىدىن، رىسالەت (تەكلىپلىك)
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئەكبەر سالىھ
تارقىتىش خادىمى: ئىمىرھەسەن مەخمۇت
فوتوگراف: ئالىم خالىدىن

*سەمىگىزگە: تەھرىر بۆلۈمىمىز باشقا ئورۇنغا كۆچتى، يېڭى ئادرېسىمىزنى ئىشلەتكەيسىز!*

## ئانا يۇرت تەسۋىرلىرى

قەشقەر بازارلىرى ............ ليۇ شۆجي (57)

## ئەدەبىي خاتىرىلەر

ئەدەبىي خاتىرىلەر ............ غوپۇر قادىر تەرجىمىسى (65)

## دۇنياغا نەزەر

ھىجازدىكى كۆللەر ۋە تۈنلەر ............ ئابدۇۋەلى ئەلى(95)

## چەت ئەل شېئىرلىرىدىن

ئۆزۈمدىن - ئۆزۈمگىچە ............ پەرىدە ئەفرۇز (93)

## مۇسابىقە

سۆ ھەققىدە قىسسە ............ ئەھەد بارات (110)

## ئەدەبىي ئۇچقۇرلار

«ئاقىول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق شېئىرىيەت سەھىپىسى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش ............ (29)


مۇقاۋىدىكى سۈرەتلەرنى ئۆتكۈر نىجات، ئەكبەر سالىھ تارتقان.


ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇاڭ يولى 52 - نومۇر
تور ئادرېس: http://www.tangritagh.net
E—mail:editor@tangritagh.net
polat@tangritagh.net
تېلېفون: 8151072 - 0991 پوچتا نومۇرى: 830002
ئۈرۈمچى لۇگېيدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 - خەت ساندۇقى)
خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISSN1004—I745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 —1012/I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 - 58
پارچە سېتىلىشى: 5.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com



# بىر قىزنىڭ تەقدىرى

(ھېكايە)

ھۆسەنجان ئابدۇۋەلى

پېشانەمگە تولا ئىمتىھان بېرىش پۈتۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، يەنە ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان بولۇپ قالدىم. قاتنىشىدىغانلار مەنلام بولماستىن، يېقىن ئاغىنەم تۇرغۇنمۇ بار ئىدى. بۇنداق ئىمتىھاننى ناھىيىدە ئالمايتتى. شۇڭا ئۈرۈمچىگە مېڭىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقان ھارپا ئاخشىمى تۇرغۇن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالدى. بىز باشقا ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئىمتىھان ئۈچۈن تەييارلىق قىلدۇق. بىزنىڭ تەييارلىقىمىز تاكى توك ئۆچۈپ بىر - ئىككى تال شام كۆيۈپ تۈگىگىچە داۋاملاشتى.

تۇرغۇن ئىككىمىز ئۈرۈمچىگە چۈشۈپلا شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىدىكى بىر مېھمانخانىدىن ياتاق ئالىمىز دەپ كىردۇق. بۇ يەردە تۇرغۇننىڭ ئاپتوبۇستا كېلىۋېتىپ ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويغان ئاغىنىلىرىمۇ ياتاق ئېلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپتۇ. ئويلىمىغاندا بىزمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ ئىككىنچى قەۋەتتىن ياتاق ئالماقچى بولدۇق. قالغان ئىشلارنى تۇرغۇنغا تاشلاپ قويۇپ تۆمۈر ھالقىغا ئاچقۇچ ئىلىۋالغان قارامتۇل ئاي" ؛ ياتاق ئېچىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم - دە، خۇددى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۆمۈرلۈك تۈرمىگە مەھكۇم قىلىنغان جىنايەتچىدەك ئۇندىمەي ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. مېڭەم چاراسلاپ ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇشۇق - تۆشۈك سۆزلەش ياقمايتتى.

مەندىكى ھارغىنلىق كۈتكۈچى ئايال ياتىقىنى ئېچىپ بەرگۈچە بولغان ئارىلىقتا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىدى. ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىغۇم كەلدى.

ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاشتىن بۇرۇن قولۇمدىكى سومكىدىن يىرگەنگەندەك ئۇنى باشقا بىر كارىۋاتقا چۆرۈۋەتتىم. بىردىنلا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، ئۆزۈمچە غېرىبسىنىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالغاندىم، بۇنىڭ بىلەن ئويلىمىغاندا كۆزۈمگە لىق ياش كەلدى. بۇ ياشنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن ئېتىلىپ چىققانلىقىدا قىلچە شەك يوق ئىدى. مەن شۇ تۇرقى بەئەينى تاكى ھازىرغىچە ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىپ باقمىغان ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغاندىم.

بىردەمدىن كېيىن تۇرغۇن ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلاشقىنىچە ياتاققا كىرىپ كەلدى. مەن شۇ چاغدا ياتاقنىڭ كۆرۈنۈشىنى، يەتتە كارىۋات، بىر دېرىزە، كونا تام ۋە باشقا داس دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. نېمە ئۈچۈن ياتاققا كىرىپلا كۆزۈمگە چېلىقىدىغان نەرسىلەرنى خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بىلىپ يەتكىنىمنى ھەرقانداق قىلىپمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن.

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پارتىگى بىلەن بولۇۋاتقاچقا ياتاق ئىچى بەكمۇ غېرىب، بىچارە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بېشىمنى ئاستا كۆتۈرۈپ كۆك سىر بىلەن سىرلانغان تامنىڭ يېنىغا كۆزۈمنى تىكتىم. مەن ئۈچۈن ناتونۇش بولغان ئاللىقانداق خەتلەر توخۇنىڭ پۇتىدەك تامغا چاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا قاچان، كىمنىڭ مۇشۇ ياتاقتا نەچچە كۈن ياتقانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ يۇرتىغىچە يېزىلغانىدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ بىر جۈملە ھېكمەتلىك سۆز ۋە بىر پارچە شېئىرمۇ بار ئىدى. كۆڭلۈم ۋىللىدە ئېچىلغاندەك بولدى. چىرايىمغا قان يۈگۈرۈپ شۇ ئاددىي خەتلەر ئارىسىدىن ماڭا ئوخشاش بىچارىلەر چىقىپ قالارمۇ دېگەندەك كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم.

«ئالتە كۈنلۈك غېرىب ھاياتىمنىڭ گۇۋاھى، يەركەنلىك ئەھەت...»، «مەن ئۇنتۇلۇپ كەتسەم، مېنىڭ باسقان ئىزلىرىم مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ...»، «مەن ئۇ قىزنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمەن»، «مېنى سېغىنساڭ...» قارىغاندا، بۇ ياتاقنىڭ تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىكەنلىكىنى ئۇلارمۇ ھېس قىلىپ يەتكەن ئوخشايدۇ. تۇرغۇن ياتاقتا بىرنېمىلەرنى تاراقشىتىپ يۈرۈپ چۈشلۈك غىزا تەييارلىدى. كونا ئۈستەلگە سومكىدىن كىتاب - ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ يايدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدىن ئېلىپ كەلگەن ياغلىق توقاچنى قويدى. بېغى ھەم گىرۋەكلىرىنىڭ سىرى تۆكۈلگەن كورۇمسىز كورۇشكىلارنى يۇيۇپ دورا چاي سالدى - دە، قايناق سۇ قۇيۇپ ئۈستەلگە تىزىشقا باشلىدى، ئاندىن ھەممىمىزنى چايغا تەكلىپ قىلدى. بىز ھەر خىل تېمىدىكى گەپلەرنىڭ ئىچىدە قورسىقىمىزنى تويغۇزۇشقا تۇتۇش قىلدۇق. ئابدۇللانىڭ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئارىمىزدا يوق ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە، كۆڭلۈم بەكلا بىئارام بولۇشقا باشلىدى. ئەتراپقا قارىدىم، بىز جەمئىي ئالتە يىگىت ئىدۇق. ئەگەر تۇرغۇن بىلەن يالغۇز قالغان بولسام، ئابدۇللانىڭ ماڭا چوقۇم زىيانكەشلىك قىلىدىغانلىقىنى تۇرغۇنغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ قويغان بولاتتىم. ئەڭ ياخشىسى پۇرسەت كۈتۈشۈم كېرەكلىكىنى ئويلىنىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئابدۇللا پەرۋاسىزلارچە مېڭىپ ياتاققا كىرىپ كەلدى. كۆزۈم ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلانغاندىلا، بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتكەندەك سېزىم پەيدا بولدى. ئۆزۈمنى دەڭسەپ بولغۇچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن 14 ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز كىرىپ كەلدى. نېمىگىدۇر قولۇمدىكى كورۇشكىنى ئۈستەلگە قويدۇم - دە، ئۇلارغا «ئورۇن بوشىتىپ بېرىڭلار» دېگەندەك مەنىدە باشقىلارغا قاراپ قويدۇم.

قىز شوخلۇق قىلىپ ھېچكىمگە سالام قىلماستىن كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى - دە، يىغىپ قويۇلغان يوتقانغا يۆلىنىپ ئىشىككە تىكىلىپ قارىدى. ئابدۇللا ئېرەنسىزلىك بىلەن سومكىسىدىكى ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ تۇرغۇندىن ھېلىقى ئاخشىمى ئىمتىھاندا كۆچۈرۈشكە تەييارلىغان نەرسىنى سورىدى. تۇرغۇن ئۇنى مېنىڭ سومكامدىن ئېلىپ بەردى. بىر نەرسە يەۋاتقان باشقىلارمۇ تۇرغۇننىڭ قولىدىكى ماتېرىيالغا قىزىقىپ قالدى. تۇرغۇنمۇ ئۆزىنىڭ بىر كېچە ئۇخلىماي يېزىپ چىققانلىقىنى، ئىمتىھانغا چۈشۈش ئېھتىمالى بولغان مۇھىم نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قويماي كۆچۈرۈپ چىققانلىقىنى چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. ياتاقتا مەن ھەم مېنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغان ئۇ قىزلا ئۆزىمىزنىڭ خىيالى بىلەن يالغۇز قالغاندەك ئىدۇق. كىچىك بالا ياتاقتىكى ئۇ - بۇ نەرسىلەرنى تۇتۇپ كۆڭلى خالىغان ئىشلار بىلەن بەنت ئىدى.

- چاي ئىچەمسىز؟ - ئۇ قىزغا خېلىلا قىزىقىپ قالغانىدىم. كۆڭلۈمدە ھېچقانداق تەشۋىش يوقلۇقىنى سوئالىم ئارقىلىق بىلىپ يەتتىم. قىز ئۇسسىغاندەك قىلاتتى، سوئال سورىشىم بىلەن تەڭ قاپقارا بىر جۈپ نۇرلۇق كۆزى كۆزۈمگە قادالدى. ئۇنىڭ ماڭا لاپلا قىلىپ قارىغانلىقىنى ياكى خېلى ۋاقىت تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدىم. خىيالىم تالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تەسۋىرىي تۇيغۇلىرىمدىمۇ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. قارىسام، ئۇ مەن ئىچكەن كورۇشكىدىكى چاينى قولىغا ئېلىپ ئاز چېلىقىدىغان بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن ماڭا قاراپ تۇرغانىكەن. ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنى بىر دەستە گۈلدەك تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆلدىكى بېلىقجانلاردەك ئويناپ تۇراتتى. چوغدەك ياغلىقى

www.uyghurkitap.com

قاپقارا چاچلىرىغا خويمۇ ياراشقان بولۇپ، كىچىكلىكىگە قارىماي چېچىنى تۇگۈۋالغانىدى. ئۇنىڭ بوغما چاپىنىغا قاراپ، ئاناردەك قىزارغان مەڭزىدىن بىر خىل شادلىقنى تېزلا سېزىۋالدىم. ئۇ ھەسرەتلىك ئۇھسىنىپ قويدى. قىزنىڭ چىرايى تېزلا تاتاردى، ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى شوخلۇقمۇ نەلەرگىدۇر يوقالغاندەك بولدى، ئىچىمنى بىرقىسما غەشلىك چىرمىۋالدى.

ئۇ چاينى ئىچمەي كۇرۇشكىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ماڭا ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ئۇنىڭ كىشىگە ئېيتالمايدىغان مەۋھۇم سىرلىرىنىڭ بارلىقىنى ئەسكەرتىپ قويغاندەك بىلىندى. ھېلىلا پەيدا بولغان خىيالىمنىڭ بىردىنلا يوقاپ، كىچىككىنە بىر قىزغا بولغان ھېسداشلىقىم بارا - بارا ئۆلغايماقتا ئىدى.

- بىز بۇ ماتېرىياللارنى كۆپەيتىپ كىرەيلى. يېزىشقا ۋاقىت يوق، سىزمۇ چىقامسىز؟- دېدى ئابدۇللا بىردە قىزغا، بىردە ماڭا قاراپ.

قىز ئېرەنسىزلىك بىلەن مۇرىسىنى قىسىپ قويدى - دە:

- بەك ھېرىپ كەتتىم، بىردەم ئارام ئېلىۋالايمىكىن،- دېدى.

- ئەمىسە ياتاقتىن سىرتقا چىقماي تۇرۇپ تۇرۇڭ، بولامدۇ پاتمە؟ ئابدۇللا بىلەن تۇرغۇن ياتاقتىن چىقىپ كېتىشتى. ھېلىقى بىغەم كىچىك بالىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ يوقالدى. مەن ئۆزۈمنى ئەمدى نېمىشقىدۇر بىرئاز ئەركىن ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

- سىزمۇ ئابدۇللا ئاكام بىلەن بىرگە ئىمتىھان بەرگىلى كەپتىكەنسىز - دە! - دېدى ئۇ مەندىن بۇرۇن سۆز باشلاپ.

- ھەئە، سىزچۇ؟

- مەن. . .- دېدى ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن،- . . . ئويناپ كەلدىم. ئابدۇللا ئاكام مېنىڭ نەۋرە ھەدەمنىڭ لايىقى بولىدۇ. ھېلىقى كىچىك بالا ھەدەمنىڭ بىر قورساق ئىنىسى.

- ئۇنداقتا سىز، بىزنىڭ يۇرتتىن ئەمەسكەنسىز - دە؟

- شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ. مېنىڭ ئاتا - ئانام مەن بوۋاق چېغىمدىلا ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن، بىلسەم، ئانامنى مۇشۇ شەھەردە بار دەيدۇ، يەنە ئاڭلىسام، باشقا شەھەرگە كەتكەنمىش.

ئۇنىڭدىن يەنە سوئال سوراشنى بىئەپ كۆردۈم. مۇشۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىر بىچارە قىز ئىكەنلىكىنى، ئەھمىيەتسىز كۆڭۈلنىڭ ئارقىسىدىن ئاڭقىرالماي مېڭىپ، نېمە ئۈچۈن ئۇھسىنغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتىم. بىچارە قىز، ساڭا بۇ ناتونۇش شەھەردە نېمە تارتقۇلۇق؟! مەن جېنىمدا خېلى چىداملىق يىگىت تۇرۇپ، بىردەمدىلا غېرىبسىنىشقا باشلىغان ئەمەسمۇ. ئابدۇللا دېگەن ئاداش سېنىڭ ھېچنەرسەڭ ئەمەس ئىكەنغۇ، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىساڭ سېنىڭ ئۆلۈكۈڭگە ئىگە بولالمايدۇ. مەن بۇ قىزنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى چوقۇم ياخشى بولمايدۇ دەپ جەزملەشتۈردۈم.

- سىز بەكلا جىمغۇر ئىكەنسىزغۇ؟

قىزنىڭ چىرايىدىكى غەشلىك بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇنىڭغا نېمە تەسىر قىلغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. يۇمران بارماقلىرى بىلەن زاڭىقىنى يۆلىگىنىچە مېنىڭ قەلبىمدىكى چوڭقۇر غېرىبلىقنى كۆزىتىۋاتقاندەك ماڭا قاراپ ئولتۇردى.

- قانداق دەيسىز؟- سورىدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن تەڭ خۇشال بولۇشنى ئويلاپ.

- سىزنىڭ ئىسمىڭىز ئالىمجانغۇ؟ مەن سىزنىڭ ئارقىڭىزدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ سىزگە شۇنچە ئۇزۇن دىققەت قىلدىم. ئابدۇللا ئاكاملارغا خېلى مەزمۇنلۇق گەپلەرنى قىلدىڭىز، ئۇلار سىزنىڭ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدى، كېيىن سىز ھېچكىم بىلەن كارىڭىز بولماي خىيال سۈرۈپ ئولتۇردىڭىز. مەنمۇ يالغۇز خىيال سۈرۈشكە ئامراق.

توۋا دەپ قالدىم. ئادەم يالغۇز خىيال سۈرۈپ ئۆزى ئېرىشەلمەي قالغان قىممەتلىك نەرسىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرغاندا، يەنە كېلىپ شۇ نەرسىلىرىگە ئېرىشىشكە ئۈمىد قالمىغاندا، يۈرەكتىكى غېرىبلىق ئادەمنى رېئاللىقتىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلايدىكەن.

- سىز ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

- ئوقۇيمەن، تولۇقسىزنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا، 37 ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش باشلىقى

دەڭە، تېخى!

مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدىم. كۆزىدىن ئاز كۆرۈلىدىغان بىر خىل ئۈمىد نۇرلىرى پارلاپ تۇراتتى. مېنىڭ قارىشىم ئۇنى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلغانىدى.

- مەن سىلەرگە بەكلا هەۋەس قىلىمەن. هازىرغۇ ئوقۇشۇم ياخشى، لېكىن ئەهۋالىم بەكلا ناچار. ئەگەر هازىرقى ئەهۋالىم خېلى ياخشىلىنىپ قالسا مەن ئالىي مەكتەپلەرگىچە توختىماي ئوقۇيمەن. ئوقۇمىغان ئادەم هەرقايسى جەهەتلەردىن پۈتۈنلەي شاللىنىپ قالىدىكەن. سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟

ئۇ بۇ سۆزلەرنى تولىمۇ هېسسىياتلىق سۆزلىدى. مەن ئۇنىڭ قەلبىدىكى جىمى گەپنى ئاسانلا هېس قىلىپ يەتتىم. مېڭەم بارا - بارا ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قانداق گەپلەر بىلەن ئىلهام بېرىشنى بىلمەيتتىم.

- گەپ قىلىڭە؟

ئۇنىڭ تولىمۇ مەيۈس، تولىمۇ ئوماق سۆزلىرىدىن مەن تېخىمۇ جىمىپ كېتىۋاتاتتىم. قىزنىڭ پۈتۈن دىققىتى مەندە بولغانلىقى ئۈچۈن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

- رەهمەت سىزگە! مەن سىزنىڭ ئۈمىدلىك كۆزلىرىڭىزگە قاراپ يەنە بىر ئۈمىد قوشالىسام كاشكى. . . سىز چوقۇم مەقسىتىڭىزگە يېتىسىز، قارىغاندا، مەن مۇشۇنچىلىك سۆزلىيەلىگۈدەكمەن.

- نېمىشقا بۇنداق چۈشىنىكسىز گەپ قىلىسىز؟ بىلەمسىز، مەن سىزگە ئوخشاش ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ياردىمىگە موهتاج. مېنىڭ تەقدىرىم قىل ئۈستىدە، سەل بىخەستىلىك قىلسام مېنىڭ سىز ئوقۇغان مەكتەپلەردە ئوقۇيالىشىم، يورۇق سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىيالىشىم، هەر يەردىن كەلگەن باللار بىلەن ساۋاقداش بولۇپ ئۆتەلىشىم، ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزۈم هەل قىلالىشىم مۇمكىن بولمايدۇ. مەن پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىمەن.

قىزنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالغانىدى. كۆزلىرىگە لىق ياش تولدى. بەلكىم پۈتۈن بەدىنى تىترەپ يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلىشىپ كېتىۋاتقاندۇ. ياشقا تولغان ئاشۇ بىچارە كۆز ماڭا مەجنۇنلارچە تولىمۇ بىچارە هالدا يېلىنىپ قاراپ تۇرماقتا ئىدى. مەن ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىدىغانلا بولسام ئۇ هۆكىرەپ يىغلاپ تاشلايدىغاندەك ئىدى. ياتاقنىڭ ئىچى جىمىپ كەتتى. سىرتنىڭ هەر خىل ئاۋازلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا ئىككىمىزنىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە جىمجىت ئولتۇرۇشىمىز بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنىڭ هەممىسىنى بەلگىلەپ بولغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

لېكىن بىزنىڭ رېئاللىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ بىچارىلەرچە ياشايدىغانلىقىمىزنى، كۆڭلىمىزنى ئاۋۇندۇرغۇدەك مۇشۇ تەبىئەتتىن باشقا هېچنېمىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگىنىمدە ناهايىتى ئېغىر مۇڭ بىلەن جىمىپ قالدىم. شۇ تاپ بەدىنىمگە غايەت زور بىر كۈچ يېغىلغانىدى.

- قارالڭ پاتىمە!- دېدىم، لېكىن ئاۋازىم خېلىلا ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى،- مەن سىزنى ماددىي جەهەتتىن هەرگىز قۇتقۇزالمايمەن، مەنمۇ رېئاللىقنىڭ قۇربانىغا ئايلانغان بىر مەخلۇق. قەلبىمدە نە سۆيگۈ، نە خۇشاللىق يوق. غېرىبسىنىمەن، بىچارىلىشىپ هەمىشە جىمجىت يۈرىمەن. ۋۇجۇدۇمنى بىرلا نەرسە پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولدى. قۇتۇلۇپ كېتەي دېسەم، پىكىر - تۇيغۇلىرىمنى، كۆرۈش سېزىملىرىمنى كاردىن چىقارسام بولىدۇ. بۇ مۇمكىنمۇ؟ سىزدەك تراگېدىيىلىك ئەسەر مېنىڭ مېڭەمدە دۆۋە - دۆۋە بولۇپ كەتتى. ئۇلارغا هېسداشلىق قىلغۇم، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالغۇم يوقمۇ؟ لېكىن مەن ئۆزۈمنىمۇ قۇتقۇزالماي يۈرگەن ئاددىي بەندىمەن. بىلەمسىز؟ مەندەك ئەمدىلا 18 ياشقا كىرگەن بىر كىچىك بالىدا، مۇشۇ مىللەتنىڭ ئاق - قارىنى پەرق ئېتىشى تۆۋەن بىر زىيالىيدا سۆزلەش ياكى چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان ئازاب هۆكۈم سۈرسە، بۇنى يەنە كېلىپ بىز ياشايدىغان تەبىئەتنى، بىز تەربىيىلىنىدىغان رېئاللىقنى قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟ !

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بىرنەرسىگە پۈتلاشقاندەك پۈتۈم ئالمىشىپ كەتتى. لېكىن مەن پەرۋاسىزلارچە بېرىپ دېرىزىنى ئاچتىم. بىر خىل سېسىق پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلغاندىن باشقا، سىرتتىن كىرگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭ مېڭەمنى غاجاۋاتقاندەك بىئارام بولدۇم.

«ناتونۇش شەهەر، غېرىبانە ئادەملەر، ئۇلار

www.uyghurkitap.com

نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ يەنە كىملەر بىزگە ئوخشاش تراگېدىيىلىك قىسمەتلەر بىلەن ئازاب ئىچىدە تېپىرلاپ تاكى تىنىقى توختىغۇچە جىمجىت ياشاپ كېتىدىغاندۇ؟ »

ئارقامدا مەيۈسلىنىپ ئولتۇرغان قىز مېنىڭ خاتىرەمنى خېلىلا قالايمىقان قىلىۋەتتى. «كىچىككىنە بىر ئىشنىڭ ئارانلا تۇرغان مېڭەمگە بەكلا چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغانلىقى مەندەك ئادەمگە ئايانغۇ؟! نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن بۇنداق قاتتىق تولغىنىمەن؟

ياق! ياق! مەن تېخى ھېچنەرسە ئويلىمىدىم، كۆزۈمگە تېخى ھېچنەرسە كۆرۈنگۈدەك بولمىدى» .

تېزلا ئارقامغا بۇرۇلدۇم، قىزنىڭ چوغدەك گىرىمسىز لەۋلىرىدە تالاي ئېيتىلمىغان ھېكايىلەر مېنى تەشنالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىدى.

- مەن ھەدەمگە ئانچە ئىشىنىپ كېتەلمەيمەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن تونۇشلىرى بار. سىزگە دېسەم ھەدەم بەكلا سۆيۈق قىز بولدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى كۆزگە ئىلىپ كەتمەيدۇ. ئۆزىنىڭ قىلغىنى قىلغان، ئەتكىنى ئەتكەن. ھازىر ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ھېچكىم ئارىلاشمايدۇ. ئابدۇللا ئاكام ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا يۈرگەن لايىقى ئىكەن. بىزنىڭ يۇرتقا چىقتى. بىر ئايدەك ۋاقىت ھەدەم بىلەن بىرگە بولدى. ئۇلارغا قاراپ بەكلا سەسكىنىپ كەتتىم. تېخى مېنى ئۇلار بارىدىغان ئولتۇرۇشلارغا ئاپىرىدۇ. ھەدەم مەندىن تارتىنمايلا شۇنچە كۆپ ئەرلەر بىلەن ھاراق ئىچىدۇ، تاماكا چېكىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ مېنى قوغدايدۇ، ئىدىيەم بەكلا زەھەرلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قاراپ ئولتۇرىمەن، گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلايمەن، سىزگە ئوخشاش بىلىملىك ئادەم نېمە ئىش قىلسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئوچۇم لۈكچەكلەر. بىلەمسىز؟ مەن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنىڭ ھەدەمگە ئوخشاش بولۇپ قېلىشىدىن بەكلا قورقىمەن. مەندەك كىچىك بىر قىزنىڭ جەمئىيەتتىكى پەس نەرسىلەرنى بىلىپ قېلىشى بەكلا قورقۇنچلۇق ئىكەن. كېچىلىرى دائىم چۈشۈم بۇزۇلۇپلا تۇرىدۇ. راستىنلا مېنىڭ كەلگۈسۈم بەكلا قورقۇنچلۇق. . .

- بولدى، سۆزلىمەڭ! ؟ . . .

ئاۋازىم خېلىلا ئۈنلۈك چىقىپ كەتتى. ئاچچىق ئازاب ئىلكىدە ئۇنىڭغا قارىدىم. قولۇم بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەۋاتاتتى. بىلىمەن، ھېسسىياتىم راستىنلا نازۇك، ئۇ بۇنداق ئېغىر يۈكنى ھەرگىزمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ.

تېزلا تاماكا تۇتاشتۇردۇم. ئارقا - ئارقىدىن نەپەس ئالماي شورىدىم. ھاياجاندىن جانلىنىپ كەتكەن قان تومۇرلىرىم نىكوتىننىڭ زەھىرىدە زەھەرلىنىپ ئۆپكىسىنى سەل بېسىۋېلىشقا ياردەم قىلغاندەك بولدى. تاماكا چېكىش جەريانىدا قىزغا قارىمىغاندىم. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا قارىغىنىمدا كۆزلىرىم چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك تىكىلدىم - دە، ئۆزۈمچە ئىچىمدە قورقۇشقا باشلىدىم. بەلكىم بۇ قورقۇش ئەمەستۇر، بىردەملىك خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن كېلىپ چىققان چۆچۈش بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم. تىلىم تۇتۇلۇپ قالغاندەك زۇۋان سۈرۈشكە ماجالىم يەتمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش سىرغىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ جىمجىت، خۇددى قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. يۇمران قولى بىلەنمۇ كۆز يېشىنى سۈرتۈپ قويمىدى. شۇ چاغدىلا ھەسرەتلىك تىن ئالغانلىقىمنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم. بۇ تىنىقتىن خېلىلا ياۋاشلىنىپ قالدىم - دە، قولۇمدىكى تاماكىنى بارمىقىم بىلەن ئېزىپ ئۆچۈرۈۋەتتىم.

ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىمنى ھېس قىلغىنىمدا، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تېگىشلىك قەلبىمدىكى سۆزلەرنى ئاختۇرۇشقا كىرىشتىم.

- خاپا بولماڭ، پاتىمە، مەن. . . مەن سىزگە بەكلا قوپال تېگىپ قويدۇم. ئەسلى ئۇنداق قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. مەن سىزنى رەنجىتىشتىن باشقا ھېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىم ئايان تۇرسا. بىز ئەركەكلەرنىڭ يۈرىكىنى بەك تاش دېيىشىدۇ. بەلكىم كۆزىدىن ياش چىقمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ گەپ توغرا بولۇپ قالغاندۇ.

قىزنىڭ ئەھۋالى مېنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. دەيدىغان گېپىنى دەپ بولۇپ ئۇنىڭ ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا قىستاۋاتاتتىم.

— مەندىن رەنجىمەڭ، مىجەزىم مۇشۇنداق ئوسال، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاسان رەنجىتىپ قويىمەن. . .— دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاش ئۈچۈن.

قىز تۈيۇقسىز بىر ھەرىكەت بىلەن يىغا ئارىلاش كۈلۈپ قويدى - دە، لاپىلا قاراپ مېنىڭ بىچارە كۆزلىرىمنى قايتا كۆرۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

— سىز ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسىز، كىتاب ئوقۇيدىكەنسىز؟ ياق، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم سىز يازغۇچى ئوخشايسىز، ئۇنداق بولمىسا خاراكتېرىڭىزدا ئۇنداق تېز قالايمىقانچىلىق يۈز بېرەرمىدى؟ مەن ئۇنىڭ سەممىي سۆزلىرىدىن خېلىلا خۇش بولدۇم.

— سىزچۇ، ئوقۇپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نادىر ئەسەرمۇ؟

— بەلكىم باھاردىكى گۈلدۇرمەن.

— بىزدەك بىچارىلەر پۈرىيالامدىغاندۇ؟

قىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى بۇ غېرىبانە ياتاقتىكى ھەممە نەرسىگە خىجىللىق ئېلىپ كەلگەندى.

مەن ياتاقتىن چىقىپ كەتتىم. قەدەملىرىمنى ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە يۆتكەپ، كۆڭلۈم خالىغان يوللاردا يالغۇز ئايلاندىم. قورسىقىم ئاچقاندەك، بىر تۇرۇپ ئاچمىغاندەك ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ئەتراپىمدىكى ئادەملەر ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن پەقەت كارىم بولمىدى. ئۇلار بىلەن مېنىڭ نېمە ئالاقەم بار دەيسىز؟ يا ئۇلارنى مەن تونۇمىسام، يا ئۇلار مېنى تونۇمىسا، شۇڭا خىيالىمغا ئەگەشتىم. خىيالىم مېنى چەمبەر ئىچىدىكى ياتاقتىن سىرتقا سۆرەپ چىقتى. ياتاقمۇ يالغۇز، مەنمۇ شۇنداق. كارىۋاتتا يالغۇز قوپالماي قالسام ئۇ چاغدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ. سىزگە بۇرۇنلا دېمىگەنىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئويۇنخىلى، ئاشۇ مەزمۇنى چىقمايدىغان قورسىقىنى تويغۇزغىلى پاتمەنى ئېلىپ كەچلىك بازارغا كېتىپ قېلىشتى.

مەن ئىمتىھان مەيداندىن بالدۇر چىقتىم - دە، كىتابخانىدا ئۆزۈم ياقتۇرىدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بولدۇم. تېخىچە ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ يوق. شۇڭا يالغۇز ئايلاندىم.

ئابدۇللانىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ئاستا - ئاستا ئاشكارىلىنىپ چىقىۋاتىدۇ. مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم تۇرغۇنمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كەتتىغۇ. بۇ يەردە غېرىب بىر ئىنسان يالغۇز قالدىغۇ، ئۇنى بىرگە ئېلىپ بارمىساقمۇ مەن بولساممۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىرگە قالاي، ئىككىمىز خالىغان يەرلەرگە بېرىپ كېلەيلى ياكى بولمىسا ياتاقتا ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئولتۇرايلى، باشقىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىسەممۇ «ئالىم زېرىكىپ قالىدىغاندۇ» دېگەننى ئويلاپ قويمىدىغۇ؟! . . . بولدى، بۇ ئىشلارنى ئويلاپ نېمە قىلاي. لېكىن پاتمەنى نەلەرگە ئېلىپ كەتتىكىن. ئۇ قىز ماڭا تەسەللى بېرەلەيتتى. كۆڭلۈمنى ئانچە - مۇنچە چۈشىنىپ قالغانىدى. بۇنىمۇ بولدى قىلىۋېتەي، ئۇ قىزنى مەن قايسى ئىمتىيازغا تايىنىپ يېنىمدا ئېلىپ قالىمەن. بەلكىم ئۇ مېنى ئويلاۋاتقان بولسىچۇ، ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا ئابدۇللا تۇيۇقسىز كىرىپ، ئۇ قىزنىڭ مېڭىسىدە پەيدا بولغان قىزىقىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇ قۇيۇپ ئۆچۈرۈۋەتكەندەك، چاندۇرماي بىر ماڭا، بىر پاتمەگە تاتىرىپ قاراپ قويدىغۇ، قىزغا دىققەت قىلغىنىمدا ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىدىغۇ؟! لېكىن ئۇ قىز كىچىككىنە كۆچكە تامام بويسۇنغۇچى بولۇپ قالسا، بولدى بەس. بۇنداق ئويلىماي تۇراي، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇپ قالاي. ئۆز سىڭلىمنى قۇتقۇزغاندەك ئوتتۇرىغا چىقاي. مېڭەمدە ھەم بەدىنىمدە خېلى كۈچ بارغۇ.

مەن ئۆزۈمچە بولدى قىلىۋەتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى كېچىسى مېنى قىينايتتى. كۆزۈم ئۇيقۇدىن يىراقلاشتى، يالغۇزلۇق تۇيغۇممۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇيان ئۆرۈلدۈم، بۇيان تولغاندىم. ئىككى چېكەم ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ئاغرىۋاتاتتى.

ئۇلار مەن ياتاقتا شېرىن خىيال سۈرۈپ يېتىپ قالغاندا پەيدا بولۇشتى. شۇندىلا ياتاق ئىچى قىيامەتكە ئايلاندى، بولمىغۇر گەپ - سۆزلەر، قالايمىقان كۈلۈش - ۋارقىراشلار مېنىڭ كەيپىمنى بۇزدى. گەپ سورىسا ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ ئۈن سۈرمىدىم. ئۇلار تېزرەك يېتىشسىكەن، ياتاق ئىچى جىمجىتلىققا قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كەلسىكەن دېگەندىن باشقا ھېچقانداق ئارزۇ مېڭەمدە پەيدا بولمىدى. پاتىمەنىڭ ئۇلار بىلەن قايتىپ كەلگەن - كەلمىگەنلىكى مېنى ساراسىمىگە سېلىشقا باشلىدى. ھېچقايسىسىنىڭ ئېغىزىدىن پاتىمەنىڭ گېپى چىقمىدى. ئويغىنىپ كەتكەن بولۇپ ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ قوياي دەپمۇ ئويلىدىم. بىراق بۇنىڭدىن ئۇلار چوقۇم گۇمان قىلاتتى. گۇمان قىلسا قىلىۋەرسۇن، پاتىمەنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزۈمگە مەھلىيا قىلىشتىن باشقا ئىشنى زادىلا ئويلىغۇم يوق. ئۇ قىز بىلەن بىرەر سائەت پاراڭلاشساملا كۆڭلۈمگە يىغىپ قويغان گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەيمەن. . . شۇ ئەسنادا ئابدۇللانىڭ ئاۋازى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى:

— پاتىمەنى ئىككى ئايال بار ياتاققا جايلاشتۇرۇپ قويدۇم.

ئۇنىڭدىن باشقا گەپ - سۆزلەر بىلەن كارىم يوق، بىر ئىش كاللامدىن ھازىرمۇ ئۆتمەيدۇ، تۇرغۇن نېمىشقا مەن ئۈچۈن بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ قويمايدۇ؟ ئابدۇللاغا ئوخشاش ئۇنىڭمۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتى بارمۇ يا؟ مەن يوق چېغىمدا مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلغان بولسا يەنە شۇ گەپنى تەكرارلاشنى خالىمىغاندۇ؟

مېنىڭ ياتاقتا يالغۇز قالغانلىقىمنى ئۇ بىلىدىغان تۇرسا، بىرەر ئېغىز بولسىمۇ ياخشى گەپ قىلىپ قويمىدىغۇ؟

مەن ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن بەكلا سەسكىنىپ كەتتىم. كۆڭلۈمنى چۈشەنسە بولاتتىغۇ، كۆڭلۈمدە ئۇلارغا ھېچقانداق يامانلىق بولمىسا يا، مەن شۇ تاپ ئاشۇ قىزنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتىمەنغۇ، ئۇنىڭ كۆلپەتلىك تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھېچقانداق شەخسىي غەرەزدە بولمىغان تۇرسام، ئۇ قىزنى مەن ئۇچراتمىغان، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى مەن ئاڭلىمىغان، ئاڭلاپ ئارىلاشمىغان بولسام كاشكى، ئۇلارنىڭ مېنى ئارىغا ئېلىپ دوست قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا ئېرىشەلەيتتىممۇ؟ ياق!

ئۇلار شۇنداق ئادەملەر، مەن ئۇلارنىڭ خىلىغا، مىجەزىگە ماس كېلەلمەيمەن. ئۇلار قىلغان پىكىرلىرىنى، ئۇلار ماڭغان يولنى مەن ماڭالمايمەن ھەم ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۇلار باشقا گەپ، مەن بولسام باشقا گەپ. ئۇلار خۇشال بولۇشنى، ئىچىپ - يېيىپ كۈلۈشنى خالايدۇ. باشقا بىراۋنىڭ قايغۇ - ھەسرىتىگە تەڭ قايغۇرۇشنى ئەسلا خالىمايدۇ. ماڭا ئوخشاش تېگى يوق ئازابنى يۈدۈپ مېڭىشقىمۇ قارشى. شۇنداق ئىكەن، ئۇلاردىن ئاغرىنىپ ئۆزۈمنىڭ ئازابى يەتمىگەندەك قايغۇلۇق ھېس قىلسام پەقەت توغرا بولمايدىكەن.

تاڭ يورۇماستىنلا ئويغىنىپ كەتتىم. ئورۇن - كۆرپە پاكىز ئەمەسمۇ ياكى مېڭەم ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتتىمۇ، ئىشقىلىپ ئاجايىپ - غارايىپ چۈشلەرنى كۆرۈپ بوغۇلۇپ چۈش كۆرۈپتىمەن. قارىغاندا، ماڭا شېرىن ئۇيقۇمۇ ياراشماپتۇ. مەيلى دېدىم، شەپە چىقارماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقىپ ئولتۇردۇم. مېنى ئويغىنىپ كەتسە، كارىدورغا چىقىپ مۇڭ سۈرۈپ ئولتۇرغۇسى كەلسە ئولتۇرسۇن دېگەندەك كونا ياغاچ ئورۇندۇقنى قويۇپ قويغانىكەن. ئورۇندۇق بولمىسىمۇ بولاتتى. لېكىن ھېلىقى ئايالغا ئالاھىدە ھۆرمىتىم ئاشتى. ئۇنىڭغا بولغان ئوي - پىكرىم ئاۋۇشقا باشلىدى. بىز ئوخشاش تەقدىردىكى ئادەملەر ئىكەنمىز، بۇ يات شەھەردە ماڭا ئوخشاش بىچارىدىن ئىككىنى تېپىۋالدىمغۇ، ئەھمىيەتسىز سەپىرىم خېلىلا ئۈنۈمگە ئېرىشتى. شۇ ئۈن سۈرمەيدىغان، چىرايىدا ھېچقانداق خۇشاللىقنىڭ جىلۋىلىرى كۆرۈنمەيدىغان بۇ ئايالنىڭ يۈرىكى چوقۇم كۆيۈك. ئۇ نۇرغۇن قايغۇ - ئەلەمنىڭ زەربىسىدە شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان، ئۇنىڭ بىلەن كىچىككىنە بولسىمۇ پاراڭلىشىۋالغان بولسام، نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېرىشىپ قالاتتىم ئەمەسمۇ. توۋا، بىزدەك ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قەلب دۇنياسىدا ھەقىقىي ھېكايىلەر دېگەن نېمىدېگەن نۇرغۇن.

تېزلا خىيالىمنى ھېلىلا كۆرگەن چۈشۈمگە يۆتكىۋالدىم. چۈشۈمدە پاتىمە يېنىمدا بارئىمىش، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى ماڭا مەلۇم ئەمەس ئىكەن. ئۇ كۈلۈۋاتىمىش، كۈلدىغۇ، لېكىن چاچلىرىنى يۇلۇپ، كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلىۋەتكۈدەك، مەن ئۇنىڭ يېنىغا باراي دەيمەنۇ، بارالمايمەن. ئۇنى مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، توۋلاپ، ۋارقىرىيالمايمەن، ئاۋازىم سىرتقا چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا

نۇرغۇن ئىتلار توپلىشىۋالغانمىش، قىزغا خىرىس قىلىشىۋاتقۇدەك، بىردەم ئەركىلەپ - سۇنايلىنىپ ياتقۇدەك، قىزمۇ ئۇ ئىتلارنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇۋاتقۇدەك. . .

دىققىتىم بىردىنلا قاراڭغۇ كارىدورغا تارتىلىپ كەتتى. مەۋھۇم بىر گەۋدە ساپما كەشى بىلەن شىپىرلاپ مەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. ئېرەنسىزلىك بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قاراپ تۇردۇم. يۈرىكىم ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك ئايانچلىق بىر ئاۋاز كۆپۈلدەۋاتاتتى. كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئورنۇمدىن قوزغالماي ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ مېڭىشى پاتمەگە ئوخشاپ كېتەتتى (تۇيغۇلىرىم ئارقىلىق پەرەز قىلدىم) . دەل ئۆزى شۇ دەپ جەزملەشتۇرۇپ بولغاندا ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن بەش مېتىرلا قالغانىدى. خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە ئورنۇمدىن قوزغالمىدىم.

- سىزمۇ بۇ؟- دېدىم مەن ئۇنىڭ قورقۇپ ۋارقىراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنداق قىلمىسام ئۇ مېنى كۆرمىگەن بولارئىدى.

- ھە! . . . - ئۇنىڭ قەدىمى تېزلا توختىدى. شاپىپىدە قولى بىلەن ئېغىزىنى تۇتۇۋالدى،- ئالىمجان! . . . بەكلا قورقۇپ كەتتىم، نېمە ئىش قىلىسىز بۇ يەردە؟

- ئۇيقۇم كەلمەي خىيال سۇرۇپ، سىزچۇ؟

- مېنىڭمۇ شۇنداق. يامان چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، تەرەت ئالاي دەپ . . . تۇك يوقمىكەن؟

ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بىزنىڭ گېپىمىزنى باشقىلار ئاڭلىمايدۇ دېگىلى بولمايتتى.

- بار ئىكەن، ياندۇرۇپ بېرەيمۇ؟

- بىردەم تۇرۇپ، ھە راست، چۈشۈمدە مەن سىزنى كۆرۈپتىمەن، سىز ماڭا بىر جۈپ ئاياغ ھەدىيە قىلغۇدەكسىز، لېكىن مەن ئۇ ئاياغنى قولۇمغا ئالاي دېيىشىمگە ئۇ ئاياغ يوقاپ كەتكۇدەك. ئۇنىڭدىن كېيىن بولغان ئىشلارنى سۆزلىمەيلا قوياي،- سۆزلەپ سالسام سارالڭ بولۇپ قالامدىمەن،- دېدى ئۇ خۇشال ھالدا ئاۋازىنى پەس قىلىپ.

مەن ھەممىنى چۈشىنىپ بولدۇم.

ھەركىمنىڭ نېمە دېيىشىدىن پەرۋايىم پەلەك ئىدى. ئويلىغانلىرىمنى ئۇنىڭغا دېيىشمىنىڭ ناھايىتى زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. لېكىن ھازىر ۋاقتى ئەمەس ئىدى.

- بىزنىڭ مىجەزىمىز ئوخشاش ئىكەن. يالغۇز خىيال سۇرۇشكە مەنمۇ شۇنداق ئامراق. . .- دېدى قىز.

مەن ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ كۆزىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈۋالغان بولسام خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يايراپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى.

- رەھمەت سىزگە!- دېدىم مەن بىر خىل چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن.

- نېمىگە؟

- بىلمەيمەن. . .

قىز ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. كۈلكىمىز كارىدورغا پاتماي قېلىۋاتاتتى. قىزمۇ، مەنمۇ بىرئاز ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىشتۇق.

- تۇنۇگۇن نېمىشقا مەن بىلەن بىرگە بارمايسىز؟

- بىلمەيمەن.

- مەن سىزنى كېلىپ قالسا تۇنۇگۇن دېيىشەلمىگەن گېپىمىزنىڭ ئاخىرىنى دېيىشەرمىز دەپ ئويلىغانىدىم. كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى.

- شۇنداقمۇ؟

قىزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدىم.

- نېمە دېدىڭىز؟

- مەنمۇ بىلمەيمەن، سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟

- قېنى، سوراڭ.

- بولدى، خالىسىڭىز پەسكە چۈشۈپ كەتسەك قانداق؟- ئۇ شۇ گەپنى دەپلا بىرىنچى قەۋەتكە قاراپ ماڭدى. سەل تۇرۇپ قېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۈشتۇم. توك يېنىقلىق جايغا كېلىپ بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇردۇق. مەن ئۇنىڭ كۆزىدىكى ئاجايىپ نۇرنى كۆرگەندە ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلىپ كەتتى. بۇنداق نۇرلۇق ھەم بىچارە كۆزنى ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن.

- مەن سىزگە بىر گەپنى دېمەكچىدىم.

www.uyghurkitap.com

بىراق ھازىر ۋاقتى ئەمەس ئىكەن، - دېدىم مەن ئوتلۇق ھاياجان بىلەن.

قىز مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزىنى كۆزۈمدىن ئۈزمەي بىرھازا قاراپ تۇردى، ئۇنىڭدىن كېيىن:

- سىز يازغۇچىمۇ ياكى؟ - دەپ سورىدى.

- ياق، مەن يازغۇچى ئەمەس، قانداق دەيسىز؟

- بولدى، رەھمەت! چۈشەندىم.

قىز جىمىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن گەپ قىلمىدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنى چۈشەنمەيلا قالدىم. سوئال سورىغۇم كەلدىيۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى مېنى سوئالدىن توختىتىپ قويدى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن:

- چىقىپ كېتەمدۇق، - دېدى - دە، چىرايىغا تېزلا كۈلكە يۈگۈرتتى. مەن ئۈن - تىنسىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالايمىقان ئوي - خىياللار بىلەن ھەپىلىشىپ ماڭدىم.

- بۈگۈن بەكلا چارچاپ كەتتىڭىز، كىرىپ بىردەم بولسىمۇ يېتىۋېلىڭ، نەچچە سائەتتىن كېيىن ئىمتىھان بېرىسىز ئەمەسمۇ؟

مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئېغىزىمدىن تۇيۇقسىز مۇنۇ سۆز چىقىپ كەتتى:

- مەن سىزنى ياتاقتا كۈتىمەن، ئەتە ئىمتىھاندىن چىقىپلا ياتاققا كېلىپ ئولتۇرىمەن، سىز مېنى ياتاقتا ساقلاڭ، بولامدۇ؟

- نېمىشقا؟ - سورىدى قىز دېمەكچى بولغانلىرىنى ھازىرلا دېسۇن دېگەندەك.

- سىزگە دېمىسەم بولمايدىغان مۇھىم گەپ بار، بولامدۇ؟

- چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

مەن شۇ ئويغىنىپ كەتكەنچە كېيىن پەقەت ئۇخلىمىدىم، ئارتۇق غەملەردىن ئەمەس، بەلكى خۇشاللىقتىن شۇنداق بولدى. ئىمتىھانىنىمۇ بەرگەن بولدۇم، نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. شۇ تاپتا ئالدىراۋاتاتتىم. ئايىغى چىقمايدىغان ئىشلارغا ئۆزۈمنى ئاۋارە قىلىۋېرىشنىڭ تولىمۇ مەنىسىز ھەم ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ئۈزۈل - كېسىل ھېس قىلىپ يەتتىم. شۇڭا ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشنى، ماڭا مەنسۇپ بولغان خۇشاللىقنى تەمە قىلىپ يېرىم سائەتتىن ئارتۇقراق ۋاقىت قالغاندا، ئىمتىھان قەغىزىنى ئورنۇمغا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتىم. بۇ يەردە مېنىڭ باشقا ئىشىممۇ يوق ئىدى. تۇرغۇننى ساقلاپ تۇرايچۇ، دېدىم. بىراق مەيلىم بارمىدى. شۇڭا ئىت قوغلىغاندەك مېڭىپ ياتاققا قايتىپ كەلدىم. ئۇ ياتاقتا يوق ئىدى. مېڭەمدىن تۈتۈن چىققاندەك بولدى. قەلبىم بىر خىل كۆيۈش ئىچىدە لەززەتلىك ھەم ئازابلىق تېپىرلاشقا باشلىدى. دەرھال ئۇنىڭدىن گۇمان قىلىدىغان، ئۇنىڭ رېئاللىقىغا قەتئىي ئىشەنمەيدىغان مەۋھۇم پىكىر مېڭەمنى ئىگىلەپ بولغاندەك قىلاتتى. قىز پۈتۈنلەي ساختىپەزدەك بىلىندى. ئۇنىڭ مەيدانى، يەنە كېلىپ ۋىجدانى يوق بولسا كېرەك. توۋا، مەن ئۇنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمەنمۇ؟ ئۇ ماڭا ۋەدە بەرگەن تۇرسا، بەلكىم مەن ھېسسىياتىمنىڭ نازۇكلۇقىدىن ئۇنى ناھايىتى چوڭ ئورۇنغا قويۇۋالغاندىمەن، بۇنداق خاتالىقنى مەن ئېتىراپ قىلمىسام، باشقىلارنىڭ توغرا چۈشىنىشى مۇمكىنمۇ؟ ياق! ئۇ ماڭا ھەرگىز يۈزسىزلىك قىلمايدۇ. ئۇ مۇشۇ شەھەردە بار. مەن ئۇنى ئىزدىسەم تاپالايمەن.

مەن چەكسىز زۇلمەت قوينىدىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ مېھمانخانىدىن سىرتقا چىقتىم. مېھمانخانا ئالدىدا بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن پۇتۇم خالىغان تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسە خۇددى ئۇنىڭدەك سىنچىلاپ قارايتتىم. ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەمدەك تەلمۈردۈم، مەجنۇنلارچە تىكىلەتتىم. كۆز ئالدىمدىكى مۇھىت ئۆزگەرگەندەك، ئەسلى - ۋەسلى پۈتۈنلەي ئاشكارىلىنىپ بولغاندەك، لېكىن مەن ئۇلارنى كۆرۈپ ياكى پاراڭلىشىپ قانمىغاندەك ھېسسىياتتا تېخىمۇ مىسكىن، تېخىمۇ بىچارە تۇيغۇغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېلىۋاتاتتىم. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. بەلكىم ئاشۇ ناتونۇش يولدا كېتىۋېتىپ پۇتلىرىم ئېغىرلاشقاندۇ، قەدىمىمنىڭ سۈرئىتى ئاستىلىشىپ، بېشىم قېيىۋاتقاندەك، پۇت - قولۇمدا جان يوقتەك، كۆزۈم تورلىشىپ، چىرايىم تاتارغان ھالدا ئۆزۈم ئۈچۈن ناتونۇش بولغان شەھەر كوچىلىرىدا خاموش خىيالىم بىلەن مۆكۈداشقۇدەكمۇ ھالىم يوق

ماڭغاندىمەن.

قانچىلىك يول يۈرگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، يەنە قانچىلىك غېرىبسىنىپ، قانچىلىك بىنورمال هالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنىمۇ ئۇقمايمەن.

مەن ئۇچۇن ماكان هېسابلىنىدىغان پاناهلىنىدىغان جايىمغا قايتىپ كەلگىنىمدە مېڭەم چاراسلاپ ئاغرىپ كەتكەندەك، هېچنېمىنى، هېچقانداق نەرسىنى ئويلىغۇدەك هالىمنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. مەن راستىنلا تۈگەشكەندىم. ئەمما شۇ تۈگىشىش بىلەن بۇ غېرىبلىقتىن، بۇ ئازابلىق دۇنيادىن يەنىلا خوشلىشالمىدىم. دېمەك، مەن جېنىم تېنىمدىلا بار بولغان بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغاندىم.

ياتاققا كىرىپ ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، بېشىم ياق، ياتاق توختاۋسىز ئايلىنىشقا باشلىغاندا، ئۆزۈمنى راستىنلا نامەلۇم كېسەلگە گىرىپتار بولغاندەك هېس قىلدىم. بۇ كېسەللىك نېرۋامدا، بۇ دۇنيا ماڭا مۇشۇ كېسەلنى بەرگەنىدى. ئاھ خۇدا، بۇنداق كېسەلنى مەندەك قولىدىن هېچ ئىش كەلمەيدىغان چۈپرەندىگە بەرگۈچە، تۈيۈقسىز بىر سەۋەب بىلەن جېنىمنى ئالساڭ بولمامدۇ، مەندەك ئاجىز، ئەرزىمەس بىر ئادەمگە بۇ دۇنيادا يەنە ياشاپ نېمە بار؟

– ياخشىمۇ سىز؟

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. قارىسام، ئۇ بىر پارچە يەردىكى غۇنچە گۈللەردەك



كۆز ئالدىمدىلا كۈلۈپ تۇراتتى. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى.

– ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ جېنىم! هە!... سىز، ياق! سىز نەدىن... نەگە بارغانىدىڭىز؟

مەن ئۆزۈمنىڭ كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، كىكەچلەپ كەتكىنىمنى هېسابقا ئالمىغاندا، تېنىمگە جان كىرگەندەك پارتلاش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. ئۇ قىيا ئوچۇق ئىشىكتىن ياتاققا كىرگەنىدى.

– نېمە بولدىڭىز؟– سورىدى ئۇ مەندىكى تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشتىن هەيران بولۇپ.

مەن جاۋاب بەرمىدىم، لېكىن باشقا گەپ قىلالماي يەنە شۇنىڭ سوئالىدىن ئىبغىز ئاچتىم.

– سىزنى ساقلاپ، سىزنى كۈتۈپ... بىلەمسىز، ئۆزۈمنى خۇددى ئۇ دۇنيادا سىزنى ساقلاۋاتقاندەك هېس قىلىپ... توغرا، سىز ياتاقتا ئولتۇرماپسىزغۇ؟

– زېرىكىشلىك ياتاقتا نېمە بار ماڭا،– دېگىنىچە ئۇدۇلۇمدىكى كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزىدىن باشقا يەردە چوڭقۇر هارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى.

– قارىسام سىز كەلمىدىڭىز، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى، بىلەمسىز، مەن ئۇخلىماسلىققا قەسەم ئىچتىم. ئۇخلىسام سىزنى چۈشەيدىكەنمەن. نېرۋىلىرىم كاردىن چىققانمىكىن ياكى بولمىسا...

– چۈشەندىم، مەنمۇ سىزگە ئوخشاش. سىزمۇ ماڭا ئوخشايسىز. لېكىن رېئاللىق بىز ئىككىمىزگە ئوخشىمايدۇ. رېئاللىقنىڭ قۇپقۇرۇق سۆڭەكلىرى بىزنىڭ ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلىرىمىز. شۇڭا چۈشنى كۆپ كۆرىمىز.

– لېكىن مەن چۈشەنمەيمەن، مەن ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇشنى بىلمەيدىغان تۇرسام، ئۇنداق يامان چۈشلەرنى نېمە ئۈچۈن نېرۋام رېئاللىققا باغلىۋالىدۇ. بولدى قىلايچۇ، شۇنداقمۇ جېنىم، سىزدىن ئۆگىنىپ «جېنىم» دەپ قويايمۇ، قانداق دېدىم، هېلى تېخى «جېنىم» دېگەنىدىڭىزغۇ، ماڭىمۇ يارىشامدىكەن؟ ياراشمىسا هازىرلا سۆزۈمنى قايتۇرۇۋالىمەن.

– پۇشايمان قىلمايدىغانسىز؟ – سورىدىم مەن هەر ئىككىلىمىزدە پەيدا بولغان خۇشاللىقىمىزنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن.

www.uyghurkitap.com

- پۇشايمان قىلمايمەن. راستىنلا شۇنداق دېسىڭىز مەندە نېمە ئامال. مەن دېگەن ئاجىز تۇرسام، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمىسە، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ قالىمەن شۇ. قېنى دەپ بېقىڭە، بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە ئىش قىلالايمەن؟

ئابدۇللا ئىت قوغلىغاندەك ئىشكنى تېپىپ ئېچىپ كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇرغۇنمۇ ھەم باشقىلارمۇ كىرىشتى. ئۇلارنىڭ گۇمان بىلەن تولۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ پاتىمەمۇ ھەم مەنمۇ نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي ئارىسالدا بولۇپ قالدۇق. قىز مەندىن ئۆتە بىچارە كۆرۈنەتتى. ئابدۇللا راستىنلا ماڭا دۈشمەن دېگەنىدىمغۇ. مېنىڭ يېقىن ئاغىنەمنىمۇ ئىندەككە كەلتۈرۈۋاپتۇ. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا دۈشمەن. قىزنى ئەيىبلەپ تىكىلگەن كۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئەپت - بەشرىسىنى مانا مەن دەپ ئېچىپ بەرمەكتە.

مەن ئوڭايسىزلاندىم، گەپ قىلاي دېسەم تىلىم گەپكە كەلمىدى. دېمىسىمۇ شۇ ھالەتتە نېمىمۇ دېيىشىم كېرەك؟

شۇ ئەسنادا مەن ئورنۇمدىن قوزغىلىپ شېرىن ھەم ئازابلىق، شۇنداقلا ئۆزۈم ئىزدەپ كېلىۋاتقان ئازابلىق پارىڭىمىزغا دەخلى قىلغانلارنىڭ كۆزىدىن غايىب بولماقچى بولۇپ باشقا ياتاققا چىقىپ كەتتىم. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن تۇرغۇن بېشىنى ساڭگىلىتىپ مېنىڭ يېنىمغا كىردى. مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى پەملەپ بولغانىدىم. ئۇ گەپ قىلماستىنلا ئۇنىڭ ماڭا ھېچنەرسە دېمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىپ، سۆز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەگەر ئۇنىڭغا بۇنداق خىيالىمنىڭ بارلىقىنى دېسەم، ئۇ مېنى چوقۇم سارالڭ بولۇپ قاپتۇ دېيىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

- مېنى توغرا چۈشەنگىن ئاداش، - دەپ سۆزنى باشلىدى ئۇ مېنىڭ چىرايىمدىن ھېچ نەرسىنى بىلەلمىگەندەك، - ئىككى ئارىدا تەڭلىكتە قالدىم. ئابدۇللا ئۇنى دەيدۇ. ئۇنىڭ گېپىنى توغرا دېسەم، بۇ ياقتا سەن بار. بىلەمسەنكىن، پاتىمە ئابدۇللا ئېلىپ كەلگەن قىز بالا، سەن ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگەنلىكىڭنى ئابدۇللا بىلىپ بوپتۇ. سەن بىلەن سوقۇشمەن دەيدۇ.

- تۇرغۇن! - ئاۋازىم سەل يۇقىرى چىقىپ كەتتى. تۇرغۇننىڭ كۆزلىرى پولتىيىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىدى، - شۇنداق دېگەن ئادەمنى چاقىر، ئۇنىڭغا گېپىم بار. گەپ ئاڭلىمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىمەن. بوپتۇ، ساڭا دەي، مەندە پاكىز بىر روھ بار، ئۇ قىز بۈگۈنمۇ ھەم ئەتىمۇ پالاكەتكە ئۇچرايدۇ، مەن ئۇنى بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇۋالماقچى.

ئابدۇللانىڭ ئىشىك تۈۋىدە خوتۇن كىشىدەك قولاق سالمىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. سىرتقا چىقاي دەپ تۇرۇشۇمغا ئۇ چاندۇرماي ياتاق ئىچىگە كىردى.

- قانداق نوچى، مەن بىلەن ئېتىشقۇڭ بارمۇ؟

مەن ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر مۇشت ئۇردۇم. ئارقىدىنلا پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ تىزىغا قاتتىق تەپتىم. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا شىردەك ئۆزۈمنى ئاتتىم. پەيلىم ھەقىقەتەن يامان ئىدى. غەزەپ تومۇر - تومۇرلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. ئۆزۈمنى شۇنچىۋالا ئاجىز قىلىپ قويغان غېرىب روھىم ئەمدىلىكتە ئۆزىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. ئۇنى مۇشۇنداق ئۇرسام، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم خېلى چوڭ ئىش قىلغاندەك ھەم پاتىمەنى قۇتقۇزۇپ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدىغاندەك قاپ يۈرەك بولۇپ كەتكەنىدىم. تۇرغۇن مېنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالغاندا ئېسىمنى يىغىپ، مەن تېخى ھېچقانچە ئىش قىلمىغانلىقىمنى بىلىپ يەتتىم. ئابدۇللاغىمۇ پۇرسەت كېلىپ مېنى قانغۇچە ئۇرۇۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئاچچىقى، ئازابى، ھاردۇقى چىقىدىغان ئىش بولسا ئۇرسا ئۇرۇۋالسۇن، دەپ ئويلىدىم.

مېنىڭ ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشىمنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى قالمىدى. خۇددى بىرەر كىنودا رول ئېلىۋاتقان پېرسوناژدەك ئۇلارنىڭ قېشىدىن مەجبۇرىي ئايرىلىپ كەتتىم. ياتاقتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئۇلارنىڭ مېنى تىللاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، سۆز قايتۇرسام تىتما - تالاڭ قىلىپ چىشلەپ، ئۇرۇپ، خام يەۋېتىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. ئۇن سۈرمەستىن چىقىپ كېتىۋېتىپ كۆڭلۈم بىردىنلا غەش بولۇشقا باشلىدى. پاتىمە ئاشۇ چىلبۆرىلەرنىڭ قولىدا قالغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا، مەندە جانغا ئەسقاتقۇدەك بىرەر چارە كاللامدا پەيدا بولمىدى. ياتاقنىڭ ئالدىدا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتىم.

نائىلاج ئۆزۈم پاناھلانغۇدەك بىرەر جاي تېپىش ئىستىكىدە پاتمەنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

* *

ئارىدىن تۆت يىل ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تۆت يىل ئىچىدە مەنمۇ بىر يامان ئەمەس يازغۇچى بولۇپ قالدىم. تۆت يىلدىن كېيىن، يۈز بەرگەن ئىشلارنى يېزىشقا تەمشىلىۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز ۋىجدانىم كۆتۈرەلمىگۈدەك ئېغىر چاقچاققا ئۇچرىدىم. بۇ ئىشلار شۇنداق تاسادىپىي يۈز بەردى. مەن ئاغىنەم ئابباس بىلەن ئەل سۆيگەن بىر شائىرىمىزنى يوقلاپ قايتىش ئۈچۈن بۇ يۇرتتىكى ئۇزۇن يوللۇق بېكەتكە بارغاندۇق. بۇ يەردە بىز بارىدىغان ناھىيىگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇس قالمىغاچقا، كىچىك بېكەتكە ماڭايلىمىكىن دەپ تۇرغىنىمىزدا ئابباس بىر قىز بىلەن تونۇشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسە زادى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. مەن بىر چەتتە قاراپ تۇردۇم. ئۇ ھېلىلا ئاپتوبۇستىن چۈشكەن كىچىك بىر قىز بىلەن پاراڭلىشىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئابباس مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ قويۇشنى ئۇنتۇغان بولسىمۇ، مەن ئۇ قىزنى بۇرۇندىن تارتىپ تونۇيدىغاندەك، تولۇق چۈشىنىدىغاندەك، كۆڭۈل يېقىنلىقىم بىلەن مەلۇم بىر مەنزىرىنى كۆزىتىۋاتقاندەك قاراپ كەتتىم.

قىز قىسقا چاچلىق، پادىچى ئىشتىنى كىيىۋالغان، زەڭگەر كۆزلۈك سېمىز قىز ئىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر دانە قونچاق بار ئىدى. قونچاق ناخشا ئېيتالايدىغان بولغاچقىمىكىن، قىز بارماقلىرى بىلەن بىرنېمىلەرنى قىلىپ ئۇنى ناخشا ئېيتقۇزۇۋاتاتتى. سەل بىئارام بولغان قىياپەتتە ئەتراپىغا نەزەر تاشلىدىم. ئابباس بىلەن ئۇ بىغەم ئىدى. مەندىن باشلاپ بېكەتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى بۇ ئىككىيلەندە بولغاچقا، قىزنىڭ ھارغىنلىق، تولىمۇ بىچارىلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزىدىن ئابباسنىڭمۇ ھەم مېنىڭمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئوشۇقچە تونۇش بولۇپ قالغانلىقىمىزنى ئويلاپ ئابباسنىڭ يېنىغا كەلدىم.

— قايتايلى.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. «ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىڭ بولسا مەيلى» دېگىنىمچە ئۇنىڭ يېنىدىن يىراقلاشتىم. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئابباس كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى.

— بۈگۈن ئىشلىرىمىز بولسا قىلىپ، ئەتە كېتەيلى، — دېدى ئۇ.

— نېمىشقا؟

— كەچتە بىر مەيدان تاماشا بار. كۆكمارىمغا بارساق نېمە ئىش قىلىمىز. مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشنى توغرىلاپ قويدۇم. بىلەمسەن؟ ئۇ بىزنى كەچتە «ئۈرۈمچى رېستورانى» دا ساقلىماقچى.

— كىم ئۇ ساقلىماقچى؟ ئىش ئالدىراش دېسە، بۇزۇلۇشنىڭ گېپىنى قىلىدىكەنسەن، — مەن تېرىكىپ ئۇنىڭغا كايىدىم. لېكىن ئۇ ئانچە ئېغىر ئېلىپ كەتمىدى.

— كىم بولاتتى، ھېلىقى پاتىگۈل. ئۈرۈمچى رېستورانىدا ئىشلەيدىكەن، بولدى ئاداش، بىر قېتىم گېپىمنى ئاڭلاپ قوي.

ناماز شام بىلەن ئۈرۈمچى رېستورانىغا كەلدۇق. پاتىگۈل ئىشىك ئالدىدا بىزنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇنىڭ باشلىشى بىلەن يۇمىلاق ئۈستىلى بار، ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق بىر ئۆيگە كىردۇق. بۇ يەر بەئەينى پاھىشىخانىنىڭ ئۆزىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ يەرنى رېستوران دەۋالغانلارنىڭ قانداق يامان غەرەزلىك بىر نېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدۇم. بىز توق قورساققا بىرنەچچە خىل قورۇمىلارنى بۇيرۇتتۇق. ئابباس پاتىگۈلنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ سىرتقا چىققىلى قويمىدى. بىر نېمىلەرنى بۇ يەرنىڭ خوجايىنى ئېلىپ كىردى. مەن ئۇنى كۆرۈپلا چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنى چۈشىنىپ قالدىم. بۇ يەر توغرۇلۇق بىلەلمىگۈدەك ھېچ ئىش قالمىدى.

— پاتىگۈل، — دېدى ئابباس، — بىز بۇنداق جىمجىت ئولتۇرساق بولماس، ھېلىقى دوستىڭىزنى چاقىرىپ كىرمەمسىز؟

قىز ئۈن سۈرمەستىن چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ پاتمەنىڭ باشقا بىر ئۆيدە مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى، بىز بۇرۇنراق كەلگەن بولساق پاتمە بىزنىڭ دەردىمىزگە دەرمان بولىدىغانلىقىنى دەپ، بىزنى بىردەملىك تىنچلاندۇرۇپ قويدى.

— ئۇنىڭغا پۇل بولسىلا بولىدۇ، سىلەرنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ كادىر ئوخشايدۇ دەپ قالغان گەپ، ـ دېدى قىز مۇغەمبەرلىك بىلەن.

ـ نېمىشقا ئەمدى؟ ـ سورىدى ئابباس.

ـ ئۇ دېگەن توي قىلىپ بولغان، بۇ يەردە ئالىدىغان مائاشى تايىنلىق. ئاشۇنداق دېھقانلارنى تاپسا ئانچە - مۇنچە چۆنتىكىگە سالمىسا، ئۇ تويماس قانائەت قىلامدۇ؟

تورۇسنىڭ بىر بۇلۇڭىغا مىخلاپ قويۇلغان ياڭراتقۇدىن داڭلىق ناخشىچىلىرىمىزنىڭ شوخ ئاۋازى ئۆي ئىچىنى بىر ئالغانىدى. نەدە ئۇلارنى ئويلىغۇدەك خىيال، نەدە شۇ شوخ ئاۋازلارغا مۇڭلىنىدىغان كۆڭۈل. شۇ تاپتا بۇنداق نىجىس يەردە مەندەك ئادەمنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇشىمۇ كارامەت بىر ئىش. تېخى مەن بىر مىللەتنىڭ يازغۇچىسىمەن. قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق يازغۇچى، قۇرۇپ كەتسۇن يازغۇچىنىڭ ئابباستەك ئاغىنىسى، لېكىن رېئاللىقتا بويسۇنماي بولمايدۇ. بىزدەك ئادەملەر بۈگۈنكى رېئاللىقنىڭ قۇربانى. بولدى، بۇزۇلساق بۇزۇلايلى، تۈزۈلۈپ نېمە ئىش قىلالايتتۇق. هامان بىز بۇنداق ئەبجەش تۇرمۇشتىن قۇتۇلالمىغاندىكىن.

ئابباس قىزغا كۆز ئىشارىسى قىلدىمۇ ياكى گەپ قىلدىمۇ، قىز سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچىنچى قېتىم سىرتقا چىقىشى ئىدى. بىردەمدىن كېيىن مەۋھۇم گەۋدىنى يېتىلەپ بىزنىڭ قېشىمىزغا ئېلىپ كىردى. پاتىمە ماڭا قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

ـ ئەجەب قىممىتىڭىز يۇقىرى خان ئىكەنسىزغۇ؟ ـ دېدى ئابباس.

ـ كېلىڭ، سىزنى قاچان كىرەركىن دەپ كۆزىمىز تېشىلەي دېدى.

ـ شۇنداقمۇ، ئۇلار تۇتۇۋېلىپ جىق ئىچكۈزۈۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر يىل بۇرۇن مۇھەببەتلەشكەن يىگىتىم بار ئىدى. ۋۇي، مەن سىزنى تونۇغاندەك، بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ؟ ـ پاتىمە تېزلا ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى.

مەن ئۇنى ھېچقانداق يەردە كۆرۈپ باققان ئەمەس ئىدىم. چىرايىمۇ ھەم ئۆزىمۇ تونۇشتەك قىلمايتتى. بۇنداق پەس بىر نېمىنى تونۇپ قانداق قىلاي، لېكىن ھازىرقى چاغدا ئېچىلمىغان كۆڭۈلنى ئاچىدىغان گەپتە.

ـ ئەجەب قىلىپ كەتتىڭىزغۇ، كۆزىڭىزگە چۈشۈن كىرىپ كەتمىگەنلا بولسا مېنى تونۇۋالاتتىڭىز.

ـ راست، سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەك، تونۇشلا كۆرۈنىسىز، قېنى دەپ بېقىڭە، مەن سىزنى نەدە ئۇچراتقان؟

ـ نېرۋىڭىز جايىدا ئەمەس ئىكەن ـ ھە!

ئاببباس بىلەن پاتىگۈل ئىككىمىزنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ھەيران قېلىشتى. مېنىڭ سۆزۈممۇ ئابباسقا خۇددى مەن پاتىمە بىلەن تونۇشتەكلا، بۇ جايدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويدى.

ـ نېرۋام جايىدا بولغاچ سىزنى تونۇۋالدىم.

تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ كەتتى. بىر مەست لەلەڭشىپ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپ پاتىمەگە بۇيرۇق قىلدى:

ـ ھەي قاسماق، نېمە بۇ يەرگە چىقىۋالدىسەن، خوتۇن خەق بارغۇ ھەممىسى ئادەم چالىمەن دەيدۇ.

پاتىمە دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى قوچاقلىغىنىچە يۆلەپ - يېتىلەپ بىزنىڭ يېنىمىزدىن ئۆزى بىلەن تەڭ يوقالدى. ئەگەر ئۇ شۇنداق قىلىشقا بىر مىنۇت كېچىككەن بولسا، تويغۇچە تاياق بىلەن دۇمبالانغان بولاتتى.

پاتىمەنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەن كەيپىم ئۇچتى. ئابباس پاتىگۈلنى سىرتقا بۇيرۇپ پاتىمەنى ئېلىپ كىرىشكە دەۋەت قىلدى. شۇ ئارىلىقتا مەن سىرتقا چىقماق بولۇپ ئىشىكنى ئېچىشىمغا پاتىمە ئىشىك تۈۋىدە بېشىنى قوچاقلاپ ئولتۇرغانىكەن.

ـ نېمە بولدىڭىز؟

ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى.

ـ بەك كۆپ ئىچىۋەتتىم، ـ دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، ـ سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

ـ ئېسىڭە ئالالمىغان ئادەمنىڭ ئىسمىنى سوراپ قانداق قىلىسىز؟

شۇ ئارىلىقتا پاتىگۈل چىقتى.

ـ ئۇنىڭ ئىسمى ئالىم، ئەمدىغۇ ئېسىڭگە ئالغانسەن؟

پاتىمە بىزدىن قېچىۋاتقاندەك ئۇدۇلدىكى ئۆيگە، يەنە كېلىپ بىر توپ مەستلەر ئولتۇرۇشقان جايغا ماڭدى.

ـ سەن بۇزۇق، مېنىڭ يۈزۈمنى پەقەت

قويمىدىڭ، سېنىڭ تونۇشلىرىڭ كەلسە، كېچە - كېچىلەپ ھەمراھ بولۇشۇپ بېرىمەن، مېنىڭ تونۇشلىرىم كەلسە ئەجەب يۈزسىزلىك قىلىۋاتىسەن.

مەن ئۆزۈمنىڭ خېلىلا سەقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى بىلىپ، سىرتقا قاراپ ماڭدىم. خۇدا قايسى گۇناھىم ئۈچۈن بۇنداق پەس جايغا نېمىدەپ ئەكىرىپ، ئادىمىيلىك، ئار - نومۇس، ھەممە - ھەممە نەرسىسىنى يوقاتقان بۇ پەس بىر نېمىلەرنى كۆزۈمگە كۆرسىتىپ يۈرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ياتاقتىن ئايرىلسام ئوخشاشلا يەنە بىر مېھمانخانىدا يېتىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىر سائەت ئون ئىككىدىن ئاشتى. بۇ نامى ئۇلۇغ، سۇپرىسى قۇرۇق جايىڭمۇ ئاللىقاچان دەرۋازىسى تاقىلىپ بولدى. دەرھال قايتىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدىم، ئەمما «ئىچىدە ياتاق بار، قانغۇچە ئويناپ ئۇيقۇ كەلگەندە ئۇخلىساڭلار بولىدۇ، سىرتقا چىقىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭلار» دەپ ئىلھام بەرگەنىدى خوجايىن.

مەن پەسكە چۈشۈشمگە ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. بىزگە بەرگەن ياتاق ھەم قورۇملارنىڭ پۇلىنى نەچچە قاتلاپ ئالدى. شۇ چاغدىلا بۇ يەردە ئىشلەيدىغان ھېلىقى قىزلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە مېھمانلارنى كۈتۈپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان رېستوران خىزمەتچىسى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە يەتتىم.

مەن نېمىنى ئويلىسام شۇ كۆڭلۈمنى يېرىم قىلدى. كۆڭلۈم ئىللىغۇدەك ھېچقانداق ئىمكان تاپالمىدىم. ئاباسمۇ، يەنە شۇ خېنىملارمۇ مېڭەمدىكى كىچىككىنە چېكىتتىن زورىيىپ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى، كۆرگىلى ھەم تۇتقىلى بولمايدىغان غايەت زور نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مەن بۇنىڭغا ھېچقانداق ئىلاج قىلالمىدىم. بەلكى ئىلاج قىلغۇدەك مادارىممۇ قالمىغانىدى. كۆلۈپ ياشاش بىزدەك بىچارىلەرگە مەڭگۈ نېسىپ بولمايدىغان ئىش ئىكەن.

مەن ئاباسنىڭ يېنىغا كىرمىدىم. خوجايىن كۆرسىتىپ بەرگەن ياتاققا چىقىپ، يەر شارىدىنمۇ بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن تېنىمنى غەلىتە پۇراق پۇراپ تۇرىدىغان كارىۋاتقا تاشلىدىم. بىردەم يېتىۋەتكەندىن كېيىن لەمپىگە چىقىپ ئەتراپقا بىچارىلەرچە تىكىلدىم. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى، ئاستىدىكى قەۋەتتە نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلا بىلگۈم يوق ئىدى. مەن ئۈچۈن ۋاقىت ھەم ئاشۇ خېنىملار ئويلاپ بىتەرەپ قىلغۇدەك ئىش ئەمەس ئىدى. ھەممە ماڭا نىسبەتەن بەش قولدەك ئايان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ قايتىلانغان خىياللىرىمنىڭ ئەسەبىي قوزغىلىشىدىن زادى قۇتۇلالمىدىم. پاتىگۈل دېگەن بۇ قىز تېخى ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن تۇرسا، ئۇنىڭغا بۇ يەردە نېمە بار؟ ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇ ياشىغان جەمئىيەت ئۇ قىزنى چۈشىنەمدىغاندۇ؟

قارىساڭ ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرىدىغان قاپقارا كۆزلىرىدىن مۇڭ ھەم ئازاب تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ تاپتا ئاباس دېگەن قىزىلكۆز ئاغىنەم ئۇ قىزنى نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟

ئۇ ھازىر پاتىگۈل بىلەن بىرگە، ھېچكىم ئۇ يەرگە كىرىپ قويمايدۇ، توۋا، پاتىمەچۇ؟

پەسكە چۈشمەكچى بولۇپ مېڭىۋاتقىنىمدا ئاباس ئالدىمغا ئۇچرىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، پاتىمە بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى، ئۇنىڭ راستىنىلا مېنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتتى. مېنى قانداق تونۇيدىغانلىقىنى تەپسىلىي سورىغىنىمدا ئۇ پاتىمەنىڭ تۆت يىل بۇرۇنقى پاتىمەنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويغانىكەن. مېڭەمدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئىنكاستىن ئۆزۈمنى يوقاتتىم - دە، ئالدىراپلا پەسكە قاراپ يۈگۈردۈم. قارىسام، ئۇ ھېلىقى مەستلەر بىلەن بىرگە چىراغنى ئۆچۈرۈپ جىمجىت بولغانىكەن. پاتىگۈلنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى بىلمىدىم. شۇ ۋاقىتتا ئۇ بىز ئولتۇرغان ئۆيدىن چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ چىقتى.

- خۇش بولۇپ قالاي، پاتىمەنى چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز، سىزنى ئالىم تېزدىن چىقسۇن دەيدۇ دەڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي - ھە! بولامدۇ؟ - دېدىم مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي.

ئۇ ئىشىكنى چەكتى، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى - دە، پاتىگۈل ئۇندىمەستىن كىرىپ كەتتى. ھايال بولمايلا ئۇ بېشىنى چىقاردى.

- كىيىملىرىمنى سېلىپ يېتىپ بولدۇم. چىقالمايمەن دەيدۇ، خوش ئەمىسە، - دېدى.

ئۇ ئارقىدىنلا ئىشىكنى يېپىپ ئىچىدىن ئېتىۋەتتى. مەن شۇ تاپتا جان تالىشىۋاتقان

ئادەمدەك كاللام ھېچنېمىگە ئىشلىمەي، تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئادەتتىن تاشقىرى گاراڭلىق ھېس قىلغىنىمچە قاراڭغۇ كارىدوردا جىمجىت تۇرۇپ قالدىم. ھازىرنىڭ ئۆزىدە يولۋاستەك ئېتىلىپ كىرگۈم، ئۇنىڭغا گاراڭلىق ئىچىدە ۋارقىرىغۇم، ئاچچىقىم چىققۇچە ئۇرغۇم بار ئىدى. تىترەپ تۇرۇپ تاماكا تۇتاشتۇردۇم. ئاۋازىمنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئادەتتىن تاشقىرى جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكىمنى ئۇنتۇغان بىر ۋاقىتتا ئابباس يۇقىرىدىن يېنىمغا چۈشتى. ئۇ شۈبرلاپ ئاستا گەپ قىلاتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئەسكە ئالالمايۋاتاتتىم. خۇددى قۇلاق تۈۋىمدە پاشا غىڭشىغاندەك مېنى شۇنداق بىزار قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياقىسىدىن قاماللاپ ئۇرغۇم، يۈزىگە تۈكۈرگۈم كەلدى. . . شۇنداق قىلسام غەزەپتىن تىترەپ تۇرغان ھېسسىياتىمغا ئانچە - مۇنچە ئاراملىق ئېلىپ كەلگىلى بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. مېنىڭ ئۇنىڭغا گەپ قىلمىغانلىقىمنى، سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمىگەنلىكىمنى بىلدىمۇ، قولۇمدىن يېتىلەپ ئۈستۈنكى قەۋەتكە ئېلىپ ماڭدى. چىرايىم چىراغ يورۇقى بىلەن ئۇچراشقاندا مېڭەمدە ئانچە - مۇنچە سوزۇلۇش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئىچكى ھېسسىياتىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشتىم.

- مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، - دېدى ئۇ كېچە بىر ۋاقىتتا.

- نېمە ئۈچۈن؟ - دېدىم مەنمۇ ئۆزۈمنى قىيناپ كېلىۋاتقان خىيالدىن قۇتۇلۇپ كەتسەم ئەجەب ئەمەس دېگەن ئويدا. بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككىلىمىز ئۇخلىمىغاندۇق.

- چۈنكى مەن سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئاچىمەن دەپ، سېنى ئۇنتۇپ قالدىم.

مەن ئۇنىڭ ئەمدى گەپ قىلماي جىمجىت يېتىشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلاتتىم - ھە! ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى، چىداپ تۇرالماي ھاجەتكە چىقىپ كىرەي دېگەن باھانە بىلەن سىرتقا چىقتىم. كېچە ھاۋاسىغا ھەمراھ بولۇپ ئۈچىنچى قەۋەتنىكى ئۈستى ئوچۇق لەمپىگە كېلىپ ئولتۇردۇم. بىچارىلىشىپ كەتكەن خىيالىم ئەينى چاغدىكى پاتمەدىن ئەگىپ كېتەلمىدى.

ئەتىسى مەن ئىمتىھان بېرىمەن دەپ ئىمتىھان مەيدانىغا بېرىپ تۇرغىنىمدا تۇرغۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن كايىپ مېنىڭ سەۋەبىمدىن پاتمەنىڭ جەنۇبتىكى چەت، نامرات بىر ناھىيىگە كېتىپ قالغانلىقىنى، ئابدۇللا ئۇنى شۇ يۇرتتىن كەلگەن بىر ئادەم بىلەن يولغا سېلىپ قويغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئىمتىھان مەيدانىغا ماڭغان ئادەم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كېرىيىگە ماڭغانىدىم. تۇرغۇن ماڭا «پاتمەنىڭ ساڭا يازغان خېتى» دەپ بىر پارچە قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، مەن بىلەن كارى بولمايلا ئىمتىھانغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. پاتمەنىڭ يۇرتىغا قاراپ كېتىۋېتىپ ئاشۇ نارەسىدە، ئاجىز قىزنىڭ تولىمۇ چىرايلىق، تولىمۇ ھېسسىياتلىق يېزىلغان خېتىنى سان - ساناقسىز قېتىم ئوقۇپ چىققانلىقىم ھېلىھەم ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا كۆزۈم قۇرۇمىغانىدى.

«. . . قەدىرلىك ئالىمجان، مەن كەتتىم. نائىلاج، مەجبۇرىي كېتىپ قالدىم. مېنىڭچە بولغاندا كەتمىسەم، سىز بىلەن مۇڭداشسام، سىرداشسام دەيدىغان ئۈمىدتىن باشقا ھېچنېمە كاللامدا يوق ئىدى. سىز ئەمدىلا ئۆزىڭىزنى ئاشكارىلاي دېگەندە، مەن مەجبۇرىي كېتىپ قالدىم. سىز ماڭا تېخى ھېچنېمە دېمىگەندىڭىز، مەنمۇ سىزگە ھېچنېمە دېمىگەنىدىم. كەلمىگەن تەلەيدە ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق ئىكەن. مېنى قاراڭغۇ دۇنيا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن نېمە بولۇپ چىلبۆرىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاپ قالغانلىقىمنى ئويلىسام سىزگە يۈرىكىمدىكى بىر ئېغىز گېپىمنى دەۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ.

قەدىرلىك ئالىمجان، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن! ماڭا ئىشىنىڭ، راستىنىلا شۇنداق. . .

خەير، ئامان بولۇڭ، دوستىڭىز پاتمە. . .»

ئۇ يەنە مېنىڭ خەت يېزىشىمنى ئۈمىد قىلىپ ئادرېسىنى يېزىپ قويغانىكەن. پاتمە تۇغۇلغان شۇ ناھىيىگە بارغاندىن كېيىن خەت يېزىش ئەمەس، ئۇ ناھىيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن، ھەتتا يېزا - بازارلىرىدىن ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتىم. ئۈچ كۈنگىچە ھېچقانداق يەردىن ئىز - دېرىكىنى قىلالمىدىم. خەت يازدىم، ئۈچ كۈندە ئۈچ پارچە خەت يېزىپ ئارقا - ئارقىدىن سېلىۋەتتىم. ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاچىسى بىلەن بىللە ناھىيە بازىرىدا كېتىپ بارغانلىقىنى تۇرغۇن كۆرۈپتۇ. ئاڭلىسام، پاتمەنى ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كەلگەن ئادەم ئۇنى ئالداپ ئويىنىغانىكەن.

شۇنىڭدىن كېيىن جەمئىيەتكە چىقىپ كەتكەنمىش. كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم. كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋەردى. پاتىمە توغرۇلۇق ئويلايدىغان ئوي - خىياللىرىم بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ قىزنى يوقىتىپ قويغان چاغدىكى ھېسسىياتىمدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بىچارىلىككە، غېرىبلىققا چۆكۈپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى تۇنجى خاتالىق ئىدى. ئۆزۈمنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇنداق چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ باقمىغانلىقىمنى، ئۆزۈمنىڭ قولىدىن ئاشۇ قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىش چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالغانلىقىمنى ئويلاۋېرىپ تۈگىمەس ۋىجدان ئازابى تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى پۈتۈن خەلقئالەم بىلىپ بولغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم...

يىراق - يېقىندىن خوراز چىللىدى. كېيىن ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن شۇ چاغدىلا ئورنۇمدىن قوپۇپ ياتاققا قايتىپ كىردىم. ئاپپاس ھېچنېمىنى تۇيماستىن ئۇخلاپ قېتىپ قالغانىكەن. بەك چارچاپ كەتكەنلىكىمدىنمۇ ياكى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىش قالمىدىمۇ، كارىۋاتقا ئۆزۈمنى ئېتىپلا ئۇخلاپ قالدىم. ئەتىسى بەك ۋاقىچە ئورنۇمدىن تۇردۇم. پاتىگۈل ياتاقنى تازىلىغىلى چىقمىغان بولسا چۈشكىچە ئۇخلاپ يېتىشىم ئېنىق ئىدى.

ئۇ مەندىن ئەھۋال سورىمايلا:

- پاتىمە سىزنى پەستە ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، - دېدى.

ئالدىراپلا ئورنۇمدىن قوپۇپ ئۇنىڭدىن پاتىمەنى چاقىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندۈم. ئاپپاسنىڭ سومكىسىدا كىچىككىنە ئەينەك بار ئىدى. مەن ئەينەككىكە قاراپ ئۆز - ئۆزۈمدىن قورقۇپ كەتتىم. قارىسام، كۆزلىرىم قىزىرىپ، چاپاقلىشىپ، ئىششىپ كەتكەنىكەن. چىرايىم سامانىدەك، تۈنۈگۈنكى ھالىم ئەسلا يوق ئىدى.

- كىرسەم بولامدۇ؟ - بۇ پاتىمەنىڭ ئاۋازى ئىدى.

تېزلا ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ياتاققا تەكلىپ قىلدىم.

- نېمىشقا ئاخشام چاقىرسام چىقمايسىز؟ - دېدىم مەن بارلىق دەرد - ئەلەملىرىمنى يىغىنچاقلاپ.

- ...

ئۇنىڭ چىرايىدىن يا خۇشلۇقنى، يا قايغۇنى ئىلغا قىلالمىدىم. پۈتۈنلەي ساختا، پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بىر جۈپ خامۇش كۆز كۆزۈمگە تىكىلگەندە مېنىڭ قىزغىن ھېسسىياتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندا چوقۇم ئۈمىدسىز قالىدىغانلىقىنى بىلىپ بىرھازاغىچە جىمجىت ئولتۇردۇم.

- سىز نېمە ئۈچۈن پەيدا بولدىڭىز، بۇ جاھاندا سىز كۆڭلىڭىزنى ئاچقۇدەك بۇ يەردىن باشقا جاي چىقمىدىمۇ؟ - دېدى ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك چىرايىنى قىلچە ئۆزگەرتمەستىن، - سىز ھەممىنى كۆردىڭىز، بىلدىڭىز، تۆت يىل بۇرۇنقى پاتىمە بۈگۈنكى كۈندە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىرنېمە بولۇپ قالدى. مەن سىزنى كۆرۈپلا تونۇغانىدىم. سىزدىن قەستەن گەپ ئالسام سىز مېنى ئېسىڭىزگە ئالالمىدىڭىز، بىلەمسىز، مەن تۆت يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق تەقدىرگە گىرىپتار بولىدىغانلىقىمنى سىزگە ئېنىق قىلىپ دېگەنىدىم. سىز شۇنداق چۈشەنگەنىدىڭىز، شۇ ۋاقىتتا سىز مېنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىمنى ئۆزگەرتەلەيتتىڭىز، شۇنىڭدىن كېيىن نېمە كۈنلەرنى كۆردۈم، قانداق مۇشكۈل - ئازابلارغا ئۇچرىدىم، يىغلىدىم، ئۇرۇلدۇم، سىقىلدىم، ئاچ قالدىم. شۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۇرتۇمغىمۇ قايتالمىدىم. قايتسامۇ دادام مېنىڭ ئېچىنىشلىق كۈنگە قالغانلىقىمنى ئاڭلىسا، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا - ئانامۇ مېنى ئىزدىمىدى، مەنمۇ ئىزدىمىدىم. مېنىڭ شۇ چاغدا نە دادام، نە ئانام بولسۇن. باشقىلارنى خۇش قىلىش بەدىلىگە جېنىمنى جان ئەتتىم. بۇ ئىشلارنى سىزگە سۆزلەپ نېمە ئىش قىلاي، تەقدىرىمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىكەن، قانداق قىلغۇلۇق.

پاتىمە سۆزدىن توختاپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇراتتى. مەن بۇ كۆزدىن ئۆزۈمنى ھەم ئىلگىرىكى خىياللىرىمنىڭ ئۇشبۇ كۆزگە مۇجەسسەملىنىپ، ئىسپاتلىنىپ چىققانلىقىنى بىلگەندەك بولدۇم. ئۇ يەنە سۆزلەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ گاھى - گاھىدا سۆزلىرى ئارىلىقىدا تۇيۇقسىز توختاپ سوراپ قالغان سوئالىدىن تېخىمۇ تۇگىشىپ، ھېچقانداق گېپىمنى تاپالماي تەمتىرەپ قالاتتىم.

ناتونۇش بىر ئەرنىڭ گەۋدىسى دېرىزىدىن كۆرۈنۈشكە ئۇ سۆزدىن توختاپ قالدى - دە،

www.uyghurkitap.com



يېنىمدا ئولتۇرغان ئادەم لىككىدە باشقا ياققا بېرىپ جىمجىت ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە كۆلۈمسىرەش جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ناتونۇش ئەر ئىشىكنى چەكمەيلا ئېچىپ كىرىپ تېزلا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

- قوپ جالاپ، مېنى شۇنداقمۇ ئەخمەق قىلامسەن؟ - دېدى ئەر. ئۇنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىغانىدى. پاتىمە ھۇرپىيىپ ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغاندەك قىلدى.

- نېمە دەيسەن، قويۇۋەت مېنى.

ئەر ئۇنىڭ چوغدەك مەڭزىگە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. لېكىن پاتىمەنىڭ چىرايىدا ھېلىقى كۆلۈمسىرەش يوقايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئىپادە بىلدۈرۈۋاتقان پاتىمە ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كېتىشنىلا ئويلايتتى.

- سەن مېنىڭ قانچىلىك پۇلۇمنى خەجلىدىڭ، مېنى قانچىلىك ئەخمەق قىلدىڭ، ئاق تاماكىغا خۇمار بولغاندەك سەن جالاپقا خۇمار بولدۇم. لېكىن سەن كۈن بويى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ يۈرسەن، بولدى، مەن ۋاز كەچتىم. مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن ئادەمدەك ياشايمەن.

ناتونۇش ئەر ئۇنىڭ ئۇدۇللا كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. كۈچلۈك تاياق ئۇنىڭ بەدىنىنى ئالا قويماي تېگەتتى. تاياقنىڭ زەربىدىن بىچارىنىڭ كۆزلىرىدىكى ھېلىقى كۆلۈمسىرەش نەلەرگىدۇر يوقاپ كەتكەندەك بولدى.

بىچارە قىز، سەن دائىم مەن بىلەن مۇشۇنداق قىسمەتكە ئۇچرىغاندا مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى خالاپ قالامدىغانسەن؟ ياكى مەن ئارتۇقچە ئويلىنىپ كېتىۋاتامدىم؟ دەسلەپ ماڭا ئوخشاش قەلبىگە بۆسۈپ كىرىپ كېيىن سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلىپ سېنى «ئۆلدى» گە چىقىرىۋەتكەنلەردىن يەنە قانچىسى باردۇر؟ تۇۋا، بىچارە قىزچاق، سېنىڭ بۇ دۇنياغا كېلىشىڭگە سەۋەبچى بولغان ئاتا - ئاناڭ نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ تۇغقانلىرىڭ، دوستلىرىڭ، يۇرتۇڭ يوقمىدۇ؟ سەن شۇنداق يالغۇز، يېگانە بۇ مۇھىتقا پەيدا بولۇپ قالمىغانسەن - ھە!؟ سېنى مۇشۇنداق قارا يېتىم قىلىپ قويغان يەنە قانداق سەۋەبلەر باردۇر؟

بىلىمەن، سەن گۈلدەك خۇشخۇي، ئوماق ھەم چىرايلىق بىر قىز ئىدىڭ، ساڭا ھەرقانداق بىر يىگىتنىڭ كۆزى قىزىراتتى. سەن بىلەن تونۇشقۇسى، مۇڭداشقۇسى، ھەتتا ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆمۈرلۈك بىرگە ئۆتكۈسى بار يىگىتلەرنىڭ قانچىسى ئالدىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن ئەمەسمىدىڭ. مەنمۇ ئەل قاتارى شۇنىڭ بىرسى ئىدىم. لېكىن سەن ھازىر نېمىدېگەن يالغۇز، نېمىدېگەن غېرىب. سېنى ھېچكىم ئاشۇ تاياقتىن بولسىمۇ قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. تاياققۇ تېنىڭگە ئۇرۇلغاندۇ، سەن كۆتۈرەلمەي كېلىۋاتقان روھىي ئازابلىرىڭنىڭ دەرىجىسى يەنە قانچىلىك؟

كونىلار «ھەممىدىن مەھرۇم قالساڭ قالغىن، سۆيگۈنىڭدىن مەھرۇم قالما» دېگەنىكەن. شۇ تاپتا سېنى سۆيگەن يىگىتمۇ يوق تۇرسا، سەن راستتىنلا بىچارە بولدۇڭ، مەنمۇ بىچارە بولدۇم.

پاتىمە ماڭا ھەم مېنىڭ قاراپ تۇرۇشۇمغا ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى ھەم كۆز ئالدىمدا بولۇۋاتقان ئىشقا مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىمىكىن دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويمىدى. دېمەك، ئۇ ئادەملىكنى ھەم بىر قىز ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدا ھېچقانداق سىرنىڭ قالمىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بەرگەندەك، مەن تېخىچە چۈشىنىپ يېتەلمەيۋاتقان ئەڭ نازۇك نەرسىلەرنى ھازىرقى كۆرۈنۈشلەردىن ئەتراپلىق چۈشىنىپ بولغانلىقىمنى بىلگەندەك بولدۇم. شۇ قاتاردا مېنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولغاندەك، ئەمدى دېسەم ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. . .

ئەتىگەنلىك چايىنى ئىچىپ ناۋايخانىدا ئولتۇرغىنىمىزدا، چاقىرغۇم سايراپ كەتتى. قارىسام پاتىمە ئىكەن. قايتۇرغۇم كەلمىدى. ئۇ توغرۇلۇق ئويلانساملا، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسام، ئۇنىڭ دەرد - ھەسرىتىنىڭ تېگىگە يېتىشنى ئويلىسام، ھەتتا چىرايىغا قارىسام كۆڭلۈم شۇنداق بولاتتى. ئون مىنۇتتىن كېيىن چاقىرغۇ يەنە سايرىدى، «مەن سىز بىلەن كېتىمەن» دېگەن سۆز بىلەن تېلېفون نومۇرىنى قالدۇرۇپتۇ. ئابباس مېنىڭ پىكرىمنى ئالمايلا تېلېفوننى قايتۇرغىلى كەتتى. كېلىپ «مەن، سىزنىڭ يېنىڭىزغا ھازىر بارىمىز دەپ قويدۇم» دېدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. ياتاقتا ئىككىمىز بار. ئەسلى مەن يالغۇز بولسام بولمايتتى دەپ ئويلىدىم.

چۈنكى ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ھېكايىلەرنى بىرلا ماڭا دېمەكچى ئىدى، مەنلا ئاڭلاپ. . .

مەن ھېچنېمىنى ئويلىماي، ئۆزۈمنى ئويلاشقا تىرىشماقتا ئىدىم. ئۆزۈمنى ئويلىساملا پاتمەگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقاتتى. ئويلىماي دېسەم مەن ئۇنىڭ يېنىدا يالغۇز ئولتۇراتتىم.

– بۇ نىجىس يەردىن چىقىپ كەتسىڭىز بولمامدۇ؟ – دېدىم مەن ئۇنىڭغا ساختا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ.

– چىقىپ كېتىپ نەگە بارىمەن. ماڭا بۇ شەھەر، بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشى جاي يوق. دەسلەپ مەن بۇ يەرگە زۇلمەت ئىچىدە قالغاندا كېلىپ قالغانىدىم. بىر كەچلىكى يۇرتۇمدىن شەھەرگە كېلىپ، باشقا بىر ئادەمنىڭ تەكلىپى بىلەن پىكاپقا چىقتىم. ئۇ ئۆز مەقسىتىنى ماڭا ئېيتىۋىدى، مەن رەت قىلدىم. زورلۇق ئىشلەتتى، «ماشىنامغا چىقتىڭ، كىراسىنى تۆلىمىسەڭ بولمايدۇ» دەپ تۇرىۋالدى. مەندە ئىسسىق جاندىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. ئۇ قولۇمدىكى سومكامنى تارتىۋېلىپ، مېنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەتتى. مەن بۇ شەھەردە ھېچكىمنى تونۇمايتتىم. ئۇنىڭ رايىغا كۆنسەم بوپتىكەن دەپ ئويلىدىم. چۈنكى قورسىقىم ئاچ، پاناھلىنىدىغان جايىم يوق.

تەمتىرەپ يۈرگىنىمدە مۇشۇ رېستوراننىڭ خوجايىنى مېنى باشلاپ ئېلىپ كەلدى. مېنىڭ بۇ يەردە ئىشلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتى. پۇل بەردى، ياتىدىغان جاي بەردى، شۇڭا مەن بۇ خوجايىنغا ئاسىيلىق قىلسام بولمايدۇ.

– ياخشىغۇ؟ – دېدىم مەن ئۇنىڭ ساختىلىق سىڭىپ كەتكەن گەپلىرىنى ئاڭلاشتىن بىزار بولۇپ، – بىكارغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامتى.

– چۈنكى مەن ئاجىز بىر قىز بالا. ئۇيغۇرلاردىن كۆرمىگەن ياخشىلىقنى ئۇنىڭدىن كۆردۈم.

– سىز پۈتۈنلەي تۇگىشىپسىز!

– سىز تېخى ھېس قىلمىغانمىدىڭىز؟

مەن ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىدىم. پاتىگۇلنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتكەن ئاپباسىنى تېپىپ قانداق تېز كىرگەن بولسام، يەنە شۇنداق تېزلا بۇ يەردىن ئايرىلدىم. شۇ ئاچچىقىمدا ئۇنىڭغىمۇ ھەم پاتىگۇلگىمۇ خوش دېمىگەنلىكىمنى كېيىن بىلدىم. . .

مەن ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم ئەڭ ياقتۇرۇپ يېزىۋاتقان رومانىمنى يازالىغۇدەك ھېچقانداق كاللىمنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. دائىم توپا يېغىپ تۇرىدىغان بۇ يۇرتمۇ ماڭا ھېچقانداق روھىي خۇشلۇق ئېلىپ كېلەلمىگەندەك ئىچ - ئىچىمدىن ئازابلىنىپ، جىمغۇرلىشىپ، قانداقتۇر بىر ۋەھىمىنىڭ، قانداقتۇر بىر شۇملۇقنىڭ پات ئارىدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كەلگەن بولسامۇ، ھېچنېمە دېمەستىن ھەممىنى ئىچىمگە سولاپ يۈرۈۋەردىم.

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتتىمۇ ئىشقىلىپ، مەن ئۇنى ناھىيىلىك قاتناش بېكىتى ئالدىدا تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالدىم.

– نەگە ماڭدىڭىز؟ – دېدىم مەن ئۇنىڭ مېنى تونۇپ يېنىمغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ.

– ئۈرۈمچىگە ماڭدىم، – دېدى ئۇ خامۇش كۆزلىرىنى تىكىپ.

– نېمىشقا؟

– پاتىگۇلنى بىرسى ئالداپ ئىچكىرىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ، خوجايىن ئۇنى ئېلىپ كېلىشىمنى بۇيرۇدى.

– قاچان كېلىسىز؟

پاتمە ئۇلۇغ تىن ئالدى. مەن شۇ چاغدىلا ئىلگىرىكى پاتمە كۆز ئالدىمدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ كۆزىگە لىق ياش تولدى.

– ئەمدى مەڭگۈ كەلمەيمەن.

– نېمىشقا؟

– خوش، خۇدا ئىككىمىزنى، ئەمدى ئىككىمىزنى ھەرگىز ئۇچراشتۇرمىغاي، ئامان بولۇڭ.

– بۇ. . . بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

– خوش! . . .

مەن ئورنۇمدىن قوزغالمايلا ئۇنىڭ ئاپتوبۇسقا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. يېنىمدىكى ئاپباسقا ئوخشايدىغان يەنە بىر ئاغىنەم مېنى موتسىكلىتىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈپ بېكەتنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كەتتى. كېتىۋېتىپ مەندە پەيدا بولغان ئالدامچى ھېسسىياتىمغا تايىنىپ «ئامان بولۇڭ» دېگەندەك سۆزلەرنى پىچىرلىغاندەك بولدۇم.



# تىبەتتىن ئويغانغان كۈيلەر

مۇھەممەت چاۋار

مەن بۇ يىل ياز ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، خوتەندە خىزمەتتە بولۇۋاتقان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى يالقۇنلۇق ئىستەكلەرگە چۆمۈلگەن شائىر دوستلىرىمغا ھەمراھ بولۇپ، گوما ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنىڭ سەلتەنەتلىك مەنزىرىلىرىدىن ئورتاق بەھرە ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم ھەمدە ھاياجانلىق دەقىقىلەر قەلبىمدە ئويغاتقان شېئىرىي تۇيغۇلارنى ھايالسىز خاتىرىگە ئالدىم.

## تاغلار يالقۇن، تاغلار ئوت...

كۆك بەرقۇتقا ئورالغان سىنە
ئەگمىلەردىن تەۋەللۇت قايىنام.
تىنىقىدىن ئويغىنىدۇ تاڭ
قوچىقىدا مىڭ كەۋسەر تارام.
تاغ ئالدىمدا تۇرىدۇ مەزمۇت
تاغلار يالقۇن، سىنە تاغلار ئوت...

شەپەق بولۇپ گۇگۇمدا قوياش
تاغ قوينىغا كىرىدۇ سىڭىپ.
تاۋلاپ چىقار ئۆزىنى تاڭدا
مەدەنلەردىن ھارارەت يىغىپ،
تاغ ئالدىمدا تۇرىدۇ مەزمۇت
تاغلار يالقۇن، مەدەن تاغلار ئوت...
تىك قىيالار يەلپۈنگەن مەشئەل

كۆمۈك چوغدۇر سىر قورام تاشلار
ئۆڭكۈرلەردە پارلايدۇ گۈلخان
نۇر تۆكىدۇ ھەربىر ئاراشلار.
تاغ ئالدىمدا تۇرىدۇ مەزمۇت
تاغلار يالقۇن، قىيا تاغلار ئوت...

ئوتلۇق ئۆۋا قاپتال - جىراسى
قاناتلايدۇ بۈركۈت - شۇڭقارلار
دالاسىدا ئاھۇلار گۈرە
خۇش پۇرايدۇ مۇشكى ئىپارلار.
تاغ ئالدىمدا تۇرىدۇ مەزمۇت
تاغلار يالقۇن، ئانا تاغلار ئوت...

كار قىلمايدۇ ئاڭا سوغۇق قار
ئىللىقى ئاتەش قۇياشلىق باھار
باھار كېلەر تاغلاردىن بويان
يېڭى بۇندا شۇڭا ھەر ناھار.
تاغ ئالدىمدا تۇرىدۇ مەزمۇت
تاغلار يالقۇن، قەدىم تاغلار ئوت...

## تاشلارمۇ شېئىر، تاغلارمۇ شېئىر

تاشتىن پۈتكەن ئانا تاغلار تاش،
تاش ئەكسىدىن ئويغىنار قۇياش.
قۇياش دىمە، شائىر قەلبىدە
گۈلخان ياندى شېئىردىن تۇتاش
تاش ئۈستىدە ئېغىنار شائىر
تۇيغۇسىدا ئالەمچە مېھىر،
كۆكتىن شۇدەم شېئىر تۆكۈلدى
تاشلارمۇ شېئىر، تاغلارمۇ شېئىر.

## ئۆرۈك ۋە ئىلھام

دالا تىنچ، ئاسمان سۈپسۈزۈك،
مۈگدەك باسقان تومۇز ئىسسىقى.
بال پۇرايدۇ باغلاردا ئۆرۈك
شاخ - شاخلاردا سەھرا تىنىقى.
شائىر كەلدى يۇرتقا تاڭ - سەھەر
قەھ - قەھ باستى يوللارنى تۆكەل.
سورۇنلاردا ئۆرۈكلەر تۆكمە،
ياندى گويا كۆك بويلاپ زۇھەل.
مەي باغلىغان ئۆرۈكتىن، ئايھاي

يۇلتۇز قوندى شائىر مەڭزىگە.
چاقچاقلاردىن ئىلھام قۇيۇلدى
باغ - ئادەملەر چۈشتى بەزمىگە.

## دەريا چاقچىقى

دەريا بويى ئىبسىل سەيلىگاھ
راھەت ئاقار دەريادا پەۋەس.
تاش سىرغىتىپ ھارمىدۇق سۇغا
كۆڭۈللەردە ئالەمچە ھەۋەس.
پەخەس بولۇڭ. . . ئاپلا، خەيرىيات،
شۇڭغۇپ كەتتى دەرياغا بالا.
قاڭقىپ چىقتى دەمدە ھايالسىز
نە ھېكمەت بۇ دەريادا يانا،
مەن چۈشەندىم دەرياغا قاراپ
ھېكمەت ئەسلى دەريا چاقچىقى.
باغ - باغاشلاپ مېھمان ئوغلىنى
تۆككەن ئانا بارۇ - يوقىنى.

## ياغلىق...

دوڭغاق سۆگەت، ياپيېشىل سۆگەت
ئىغاڭلايدۇ دەريا لېۋىدە.
ئۇنتۇلغانمۇ، ئونتاشتەك ياغلىق
كۆز چاقىدۇ سۆگەت تۈۋىدە.

نە تاشلىدى قىز ئۇنى بۇندا
چاقىرغانمۇ يا ئانا ئاچچىق.
ئۈركىگەنمۇ بىزدىن يا ھېلى
سۆيگەن چېغى يىگىتنى تاتلىق. . .

# ئاقىدۇ زاماندىن زامانغا ئەركەك

**ئەخمەتجان تۇرۇپ**

**(1)**

ئازاب سانجىلسا باغرىڭغا كۈلۈپ قوي جان ئاداش مەندەك،
يىگىت كۆكلەيدۇ ھەسرەتتىن بىرەلىسەڭ چىداش مەندەك.

بورانلار داپ چېلىپ ئويىنار بېغىڭدا، (بولمىساڭ سەگەك)
كۆزى نۇرلۇق قىباقلارغا بولۇپ ئۆتكەن قاياش مەندەك.

ھىلال قونغاندا مەڭزىڭگە ئۇنى پايلاپ كېلەر ئىبلىس،
غۇرۇرنى زۇلپىقار ئەيلەپ نىسۇەڭنى تالاش مەندەك.

ئاقالماس ناتىۋان ئەركەك زامانلاردىن زامانلارغا،
غېمىنى بىر ئۆمۈر ئەلنىڭ قىلىپ ماڭغىن ھاپاش مەندەك.

كىرەر روھىڭغا زۇمرەت تاڭ قىسىپ بىر تال ئەتىرگۈلنى،
ئېلىپ لەززەتنى تولغاقتىن تۇغۇپ باقساڭ قۇياش مەندەك.

**(2)**

سىڭەي تاڭلارغا دولقۇنلاپ مېنى ئارمانغا يار قىلغىن،
كۆيۈپ كەتسۇن چۈشۈم گۇر - گۇر قارا تۇندىن بىدار قىلغىن.

www.uyghurkitap.com

بوۋام يىپەك ئېلىپ ماڭغان چىغىرغا ئۇندۇرەي بىر مۆلك،
جۇنۇن سەھراسىدا قاتقان غېرىب باشىمنى تار قىلغىن.

قۇياشقا سۆركىلىپ قەھرىم قىلىچتەك چاقىلىنىپ تۇرسۇن،
زامان دەشتىدە ياناقا قىنىمنى ئىنتىزار قىلغىن.

چېلەكلەپ بارچە نامەردلەر يېشىنى ئىچسە ئاشقىنىڭ،
زەھەر تامغان يۈرەكلەرنى شىپا تاپماس بىمار قىلغىن.

نېسىپ بولماس باھادىرلىق جۇلاسى ئۇششىگەن ئەرگە،
پورەكلەپ نۇرگۈلى ئوخشاش ياشاشنى ئىختىيار قىلغىن.

(3)

يېپىلدىم مەن باياۋانغا مىنى چۆللەردە بار دەڭلار،
ئۆزۈمدىن چىقمىسام قاڭقىپ كۆمەر ئىستەكنى قار دەڭلار.

كېتەر ياپراقلىرى ئۇششۇپ ئاياپ يۈرسەم كېپىكلەردىن،
قېقىلغان چاغدىمۇ مىخقا ۋاپا باغرىغا يار دەڭلار.

ئۇچۇپ چىققاندا قۇملۇقنىڭ تېگىدىن مۆلك قوقاس چىشلەپ،
يىغىپ قۇشلارنى بىر جايغا چېكەر بارماقى تار دەڭلار.

يۈيۈپ چىقماقنى ئىزدەيمەن سۆزۈك ياشلاردا روھىمنى،
يېنىشتىن ئۆركىگەنلەرنى باسار پىنھاندا خار دەڭلار.

ھەقىقەت نۇرىغا چۆككەن چاچار ئەتراپقا ئوت - ئاتەش،
قىلىچ ئۇرسام بۇ ھېكمەتكە كۆتەر باشىنى دار دەڭلار.

(4)

چۆكۈپ باغرىڭغا ئەي دىلبەر ئۆزۈپ ئويناشقا مەن تەييار،
ئازاب ئوكيانىدىن شەربەت سۈزۈپ ئويناشقا مەن تەييار.

ئەتىر كۆكلەيدۇ ئاشقىنىڭ يېشى تامغان باياۋاندا،
ئەتىرگۈللەر ئاراسىدا كۆلۈپ ئويناشقا مەن تەييار.

ئىزىڭدىن چاچرىغاي تالقۇن غۇرۇردىن تىكلىسەڭ بايراق،
چۇشىنى جىن - شاياتۇننىڭ بۇزۇپ ئويناشقا مەن تەييار.

رەقىب دەردىدە قان يۇتماي مۇراد - مەقسەتكە يەتكەن كىم؟!
جىمى دىشۋارنى يەلكەمدە يۇدۇپ ئويناشقا مەن تەييار.

بىرىكسە روھ بىلەن پاك تەن قاقاقلاپ كۈلگۈسى ئالەم،
ۋاپانىڭ تەختىگە بەزمە تۈزۈپ ئويناشقا مەن تەييار.

## خەت كېلىدۇ

(1)

خەت كېلىدۇ ساڭا بىر كۈنى،
بىغەنىدىكى ئېچىپەت گۈلىنى
چېكىسىگە قىسقاندا زامان
قۇم دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرىدا
توغراقلاردەك كۆكلىگەندە جان.

ئىشەن، مىڭ يىل ئۆتكەندىن كېيىن
سەن بىلەن تەڭ تۇغۇلمىغانغا،
مىڭ يىگىتنىڭ بولار باغرى قان.

(2)

خەت كېلىدۇ ماڭا بىر كۈنى
ئاۋازىمنى تونۇسا ئاتلار
دىلغا چۆككەن ئەڭگۈشتەرىمنى
قۇشلار ئىزدەپ سايرىغان تاڭلار.

## بىر سۆزۈمنى ئېيتالماي ساڭا

بىر سۆزۈمنى ئېيتالماي ساڭا،
تۇنەپ چىقتىم قىلىچ بىسىدا،
پەيلىرىمۇ كۆيدى چاراسلاپ،
ئىزتىراپىنىڭ گۈلخانلىرىدا.

بىر سۆزۈمنى ئېيتالماي ساڭا،
تاش ئادەمگە قالدىم ئايلىنىپ،
ئارغىمىقى ئۆلگەن ئەرلەرنىڭ
سەركەردىسى قالدىم سايلىنىپ.

## روھىمدىكى چىمبۇلاق

دولقۇنغا لەززەتنىڭ مىنگەشتۈرۈپ ئاققۇدەك،
مۇزىكىنىڭ بارمىقى سىلىماقتا تېنىمنى.
تاجىسىدا گۈللەرنىڭ ئۇخلاپ ياتقان نازىنىن
يېنىك - يېنىك پۇشۇلداپ كۆيدۈرمەكتە قېنىمنى.

روھ چۆلىگە شىلدىرلاپ ئاقماقتىمەن مۇشۇ تاپ،
نەمدەلمەكتە ئۈندىكى چاك - چاك كەتكەن يېرىقلار.
كىرپىكلىرى بىخلىنىپ زۇمرەت چايقاپ ئاقماقتا،
قۇملۇق بىلەن چىرمىشىپ ئۇخلاپ ياتقان ئېرىقلار.

دېڭىزمىكىن تەمبۇرنىڭ يۈرىكىدە چايقالغان،
يېپىلماقتا جاھانغا تار كۆزىدىن ھاياجان.
رەستىلەرگە پاتمىسام، تونۇيالماس ئادەملەر،
يۈتۈۋېلىپ بىر تال چوغ بولۇپ قالدىم گۈلىستان.

## تۇنجى سۆز

تۇنجى ئوققا ئوخشار تۇنجى سۆز،
ئېقىپ - ئېقىپ چىقار ئېغىزدىن.
تۇنجى قارغا ئوخشار تۇنجى سۆز
سوقۇپ تۇرار ھامان ئىزغىرىن.

ئېيتماق ئۇنى قىيىن شۇ قەدەر،
يىگىت ئۈچۈن قىزلار ئالدىدا.
ئۈچۈپ كېلەر يۈمران تىترەكلەر،
تۇنجى سۆزنى ئېيتماق بولغاندا.

مەن - مەن دېگەن ئوغۇل باللار،
ئوق يېگەندە كۈلەر جەڭگاھتا.
تۇرار مەغرۇر تامچە ياش تۆكمەي،
ۋىجدان ئۈچۈن ئېسىلسا دارغا. . .

تىترىمىگەن ئەر يوقتۇر ئەمما،
تۇنجى سۆزنى ئېيتماق بولغاندا.
رەڭلىنىدۇ ئەركەكلىك دېگەن،
دەرد يۈرەككە ئۇۋۇا سالغاندا.

## تىڭشا قىزچاق

تىڭشا قىزچاق قەلبىمنى بىر پەس،
گۈللەر ئۈندا سۆزلەر نىمىنى.
بىر تال چوغلا لاۋۇلداپ كۆيۈپ،
بارخانلىرىم كۈتەركەن كىمنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىڭشا قىزچاق قەلبىمنى بىر پەس
ئويغاتماستىن ئاق بوز ئېتىمنى.
قۇمدا ئۈزۈپ يۈرگەن بىلىجان
ئوقۇپ بىرەر ساڭا خېتىمنى.

## سۆيگۈ يىلتىزى

- پاك سۆيگۈنىڭ يىلتىزى نەدە؟
- ھىجران گۈللەپ ئۆسكەن يۈرەكتە.
- جۇدالىقنىڭ يىلتىزى نەدە؟
- بىر تال ياشقا چۆككەن چېچەكتە.

## تاش ئەركەكنى تۇغار تاش شەھەر

(مەرھۇم يازغۇچى ئەركىن ئەمەتكە ئاتايمەن)

(1)

مەن كىچىكىپ چۈشەندىم شۇنى
تاش ئەركەكنى تۇغار تاش شەھەر
تاش ئەركەكنىڭ قەدىمى
تاش ئەركەكنىڭ قەلىمى
تاش ئەركەكنىڭ سەنىمى
تاش ئەركەكنىڭ ئەلىمى
تاشتەك كۈندە تاشتا بىلىنەر.

(2)

ئەلمىساقتىن خوتەن ۋە ئاتۇش
قۇچاقلاشقان ئىككى ئېغىز ئۆي،
بىر شاختىكى ئىككى تال چېچەك.
تاش ئەركەككە تولغاق يەپ
كۆيۈپ تۇرغان قوش يۈرەك.

(3)

كۆز ياشلىرى ئۇيغۇرنىڭ
تاش شەھەرنى يۇماقتا
كۆز ياشلىرى ئۇيغۇرنىڭ
قۇم شەھەردە ئاقماقتا.

# ئىككى شېئىر

### ئابلەت ئەخمەت

## بىر ئۇلۇغ سۈكۈتتە سۆيىمەن سىنى

لەززەتلىك تۇيغۇلار، گۈزەل ئاۋازلار،
خۇمارلىق كۆزۈڭدىن تارىلار جىنىم.
گۈللەرنىڭ تەپتىنى ئۈرىدۇ جانغا
ئۇلۇغۋار ئاشىقلىق يۈگەشكەن قىنىم.

كۆيۈشنىڭ دەشتىدە چىللاپ سۈبھىنى،
ھەقىقەت نۇرىنى كۆردى ئەقىدەم،
ئەڭ ئۇلۇغ سۈكۈتتە سۆيىمەن سىنى
ئەڭ پاكىز روھ بىلەن ئالىمەن قەدەم.

بەك ئېغىر غەملەرنى يۇدۇش بىھاجەت،
قايغۇ ۋە كۆز ياشقا بىپەرۋا ھايات.
كۆڭۈلنىڭ تەكتىدە بولسا ئېتىقاد،
ئەسىرلەپ ياشايمىز چىقىرىپ قانات.

## تەسەللىگە موھتاجمەن پەقەت

ئۇزۇن بولدى، بەك ئۇزۇن بولدى،
جىنىم بىزگە سۆيۈشمىگىلى.
بۇ دۇنياغا كەلگەندىن بىرى،
بىرەر قېتىم كۆرۈشمىگىلى.

ئاستا - ئاستا كەتتى يىراقلاپ،
لەۋلەردىكى سۇزۇك تەبەسسۇم.
بىر غايىنىڭ ئىسكەنجىسىدە
ياشاپ كەلدۇق شۇنچىلىك مەسۇم.

ئازابىمنى بىلمىسۇن دەيمەن،
كۆزلىرىڭگە قارايمەن كۈلۈپ،
سەنسىز ياشاش ئېغىر كەلسىمۇ،
مەن ياشايمەن سېنىلا سۆيۈپ.

ئېيتالمايمەن دىلدىكى سۆزنى،
قۇچاقلاشقا يوق تېخى جۈرئەت.
بىر جىلۋەڭنى جانغا تەڭكۈزگىن،
تەسەللىگە موھتاجمەن پەقەت.

# شېئىرلار

ئابدۇرېشىت ئېلى

## ئۈلتۈرمەن ئۆزۈمگە قاراپ

تاماكىدەك كۆيۈپ تۈگىدى
ئەڭ ئاخىرقى پۇرسەتمۇ جىمجىت.
ئەمدى ماڭا قالغىنى غۇۋا
تاشتەك ئېغىر پايانسىز چېكىت.

ئۈلتۈرىمەن ئۆزۈمگە قاراپ،
خىياللىرىم سولغان گۈل كەبى.
قورشاپ كېلەر پۈتكۈل ئەتراپتىن
ھېس قىلغۇسىز بوشلۇق ئەسەبى.

## جىمجىت سەھرا، زەڭگەر ئېقىنلار

لەرزان ئۇچار كۆز شامالىرى
ئوقۇپ مۇڭلۇق شېئىرلىرىمنى.
تۆكۈلمەكتە ئالتۇن غازاڭلار
ئۈندەپ مەغرۇر ياشاشقا مېنى...

جىمجىت سەھرا، زەڭگەر ئېقىنلار...
كۆزلىرىمگە نۇر بەردى قايتا.
رەڭدار گۈللەر ئېچىلدى تەكشى
قەلبىمدىكى پايانسىز سايدا.

## بەختىڭ كەلدى دېدى شامالار

مەن ئۆزۈمنى چۈشەندۈرمىگەچ،
چۈشەنمەيدۇ مېنى كىشىلەر
كەچمىش مېنى قۇچاقلاپ قويدى
خازان قىلغاندا، قەدرى ئۆستۈن يارىمنى بوران.

ۋەدە بەردىم كۆز يېشىمغا مەن،
ئەمدى قىزغا ئىشەنمەيمەن دەپ.
بەختىڭ كەلدى دېدى شامالار
تۇرسام ئۆيدە
يالغۇزلۇقتا ھېكايە سۆزلەپ...

## مەن يېنىڭدا

مەن يېنىڭدا...
ئېچىرقىغان كۆزلىرىم بىردىن
كۈچلۈك قولغا ئايلىنىپ ئاستا
سېنىڭ ئاپئاق تېنىڭنى تويماي
سىلىماقتا، قۇچاقلىماقتا...

لېكىن سەن قارايسەن ئىنتىزارلىقتا
جىمجىت، چەكسىز يوللارغا ئۇزاق.
ئاڭلىنار دەپ ئاياغ تىۋىشىم
ئەتراپىڭغا سالىسەن قۇلاق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

**ھاياتنوپۇس مۇھەممەت**

## بۈگۈنكى ۋەھىمە

رېئاللىقتىن چىقىشىم كېرەك،
ياشاش ئۈچۈن بىخەتەر بۈگۈن،
تىلىۋالاي «ھايات» نى سەندىن،
تۆكۈلمىگىن ئەمدى كۆز يېشىم.

ئېرىشەلمەي ئۆزۈمگە ئۆزۈم،
تىلەمچى بوپ ئۆتەرمەن بەلكىم.
سەدىقەڭنىڭ قەرزلىرىدىن،
ئازاب تۇغۇپ ئۆتەر بۇ قەلبىم.

زامانىۋى ئاڭنىڭ تورىدا،
باشقۇرالماس ئۆزىنى ھېچكىم.
خائىنغىنە تىترەكلىرىمدە،
قۇچاقلايمەن سېنى يۈرىكىم.

كۈلەلمىسەم ئۆز ئاۋازىمدا،
يىغلاي چوقۇم ئۆزۈم سىياقتا.
تونۇۋالغىن مېنى ئۆز ئەركىم،
قايتىپ كەلسەم ئەگەر قوينۇڭغا.

ھالقىپ كەتسەم دەيمەن بۈگۈندىن،
باشلىنىش يا ئاخىرلىشىشقا.
رازى بولسام ئىشىمدىن بىراق
ياشىيالىسام بولاتتى تەنھا.

«كەچۈرگىن» نى ئېيتىمەن كىمگە،
زىددىيەتلەر مەۋجۇتلۇقىمدا.
رەنجىتەرمۇ مېنى تۇرمۇشۇم،
تۇرمۇش مەندىن رەنجەرمۇ ۋە يا؟

## قىز قەلبى

قىز قەلبى —
مۇھەببەتكە بوغۇلغان سۈكۈت.
قوشۇۋېتەر ساداقىتىنى،
چاڭقاپ تۇرغان ئازابلىرىغا.
قۇچاق ئاچار ئىللىق باغرىدىن،
يېتىمسىراپ قالغان دۇنياغا.
قايرىپ قويۇپ ئۆز ئارامىنى،
تىكلىدۇ باشپاناھ سۇپەت،
كائىناتقا سۆيگۈلەر ئارا.

قىز قەلبى —
موھتاجلىقنىڭ تەشۋىشلىرىدىن،
سىرغىپ چۈشكەن تىترەڭگۈ كۆز ياش!
يۇيۇپ تۇرار خۇشاللىقىنى
ئازابىنى ھەم كەچمىشىنىمۇ.
ئۇ ھەسرەت بىلەن پاكلىنىشلاردا،
تامچىپ تۇرغان گۈزەل ئېچىرقاش.
قىز قەلبى —
يۇمران ئەمما ئاداققى كۈتۈش.
ساددىلىقتىن ئىللىقلىقىچە،
چەكسىزلىكتە ئۆلۈپ - تىرىلىپ،
يېتىمسىراپ قالار گاھىدا.
قىز قەلبى —
بوشىنالماس بىزار ئەركىنلىك،
ئۇ مەڭگۈلۈك سۆيۈش - سۆيۈلۈش.
ئۇ باشلىنىش نۇقتىسى يوق ھەم
ئاخىرلاشماس تىترەڭگۈ ناخشا. . .

## بويتاقتۇر - شائىر

(ئادىل تۇنىيازنىڭ «بويتاق شائىرنىڭ
مەخپىيىتى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا)

كىم ئۇ؟
بويتاق ئەمەس دېگەن شائىرنى،
ئۇنىڭ روھى بويتاقتۇر ھامان.
رېئاللىقنىڭ تەنھا سايىسى
كۆلەڭگە بوپ چۈشەر قەلبىگە،
ياشايدۇ ئۇ ئۇندا چۈشسىمان.
بوغۇچلانماس روھىي پەرۋازى
ئىجتىمائىي جۈپلۈك قايىنامدا.
ھېجىيىشقا مەجبۇر بولماس ھەم
يۈرەككە قان - زەرداپ يىغلىسا.

ئېھ، ياۋايى تەنھالىقىدا،
چاك - توزانسىز، ۋاقىت، ماكانسىز،
ئەقىدىدەك ساقلانغان ئادەم.
زاھىر ئۇندا يۈكسەك بىر زامان.
شائىر قەلبى - ئېرىۋاتقان شام،
ئۆزگىلەرگە بېرىپ ئۆزلۈكنى،
ئۆزى قالار يەككە ياتسىمان.
ئوخشاش رەڭدە، ئوخشاش رىتىمدا،
قىسقا ئەمەس، ئۇزۇنمۇ ئەمەس،
ساقلاش كېرەك ئوخشاش ئارىلىقنى،
رىئاللىقنىڭ قەدەملىرىدە.
چەكسىزلىكتە بۇزۇلار رىتىم،
چەكسىزلىكتە چەكسىز قەدەم بار
شۇ چەكسىزلىك شائىر قەلبىدە!
باردۇر يەنە يەر بىلەن ئاسمان.
شائىر بولماق تەس
تەنھا ھەسرەت تۇغار شائىرنى،
ئۇ تۇغىدۇ سۆيگۈ بىپايان.
شائىر بىلەن بويتاقلىق جۈپتۇر،
ئوت بىلەن ئوق تۇتاشتەك ھامان.

# «ئاقيول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق شېئىر ۋە شېئىرىيەتكە ئائىت ماقالە قوبۇل قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش

2004 - يىلىدىن باشلاپ «تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتى بىلەن «ئاقيول» نامىدا مۇكاپاتلىق شېئىر ۋە شېئىرىيەتكە ئائىت ماقالىلەر مەخسۇس سەھىپىسى ئېچىلىدۇ. بۇ پائالىيەت ئۈچ يىل داۋاملىشىدۇ. ھەر يىلى يىلىنىڭ ئاخىرىدا مۇنەۋۋەر شېئىرىي ئەسەردىن تۆت پارچە، شېئىرىيەتكە ئائىت مۇنەۋۋەر ئوبزور ھەم نەزەرىيىۋى ماقالىلەردىن ئىككى پارچىسى تاللاپ چىقىلىپ، ھەر بىر پارچە ئەسەر 2 مىڭ يۈەن نەق پۇل بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئاپتورلارنىڭ مۇكاپاتلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىشى ئۈچۈن كېتەرلىك يول راسخوتى، ياتاق ۋە تاماق چىقىملىرىنى ئاقيول رېستورانى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ھەر يىلى 11 - ئايدا بەش كىشىلىك باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى تەسىرى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىغا ئاساسەن شېئىرىي ئەسەرلەر ۋە شېئىرىيەتكە ئائىت ماقالىلەر (ئوبزور ۋە نەزەرىيىۋى ماقالىلەر) نى باھالاپ چىقىدۇ.

ئەسەر تاللاش، باھالاش جەريانى مۇتلەق ئادىل بولۇشقا كاپالەت قىلىنىدۇ (باھالاش ھەيئىتىدىكى قاتناشقۇچىلارنىڭ ئەسىرى بۇ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلمايدۇ).

شېئىرىي ئەسەرنى مۇكاپاتقا باھالاش، تاللاش شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) دەۋرچانلىقى كۈچلۈك، ئىجتىمائىي ئاكتىۋئال تېما يورۇتۇلغان، ئاساسىي مېلودىيە گەۋدىلەندۇرۇلگەن ئەسەر (بىر پارچە تاللىنىدۇ).

(2) ئىپادىلەش ئۇسۇلى ۋە مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، رەڭدارلىقى جەھەتتە ئىجادىيلىقتا ھەم يېڭىلىق يارىتىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن ئەسەر (بىر ياكى ئىككى پارچە تاللىنىدۇ).

(3) ئوقۇرمەنلەر، جۈملىدىن كەڭ ئاۋام خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا، ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شېئىرىيەتنى ئوقۇرمەنلەرگە يېقىنلاشتۇرغان ئاممىباب شېئىر (بىر ياكى ئىككى پارچە).

مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرۇشىدىكى «تەڭرىتاغ» مۇكاپاتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى باش بولۇپ ئەدەبىي ژۇرناللار بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرىدىغان «خانتەڭرى» مۇكاپاتى نامزاتلىقىغا سۇنۇلىدۇ.

بۇ مۇكاپاتقا تاللىنىدىغان ئەسەرلەر دائىرىسى 2004 - يىللىق 1 - سان «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەردىن تاكى 2004 - يىللىق 6 - سانغىچە بولىدۇ. ئەسەر ئەۋەتكەندە، «‹ئاقيول› نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەر سەھىپىسىگە» دېگەننى ئەسكەرتىشنى ئۇنتۇماڭ.

پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، نادىر ئەسىرىڭىز بىلەن بۇ بىر مەيدان ئىجادىيەت بەيگە مەيدانىغا چۈشۈپ، ئۆزىڭىزنى سىناپ بېقىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

**«تەڭرىتاغ» ژۇرناللار نەشرىياتى**

**2003 - يىل 11 - ئاي**

# ئىككى ھېكايە

## ماھنۇر ئىسمائىل



**مۇھەررىردىن:** ماھنۇر ئىسمائىل 1971 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى چىرا ناھىيىسىدە بىر زىيالىي ئائىلىدە تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ تېببىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىلا بىرقىسىم ھېكايە، نەسرلىرى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا «ئاپتوبۇستا»، «خىلۋەتتىكى ئىشلار»، «غوجامنىڭ رىزقى كەڭرى» قاتارلىق 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ئېلان قىلىنغان.

ماھنۇر ئىسمائىل ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن سىرتتىن، يەنە نەزەرىيە تەتقىقاتى ۋە ئاياللار مەسىلىسى ھەققىدىمۇ بەلگىلىك ئىزدىنىپ، «شىنجاڭ ياشلىرى»، «شىنجاڭ ئاياللىرى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق مەتبۇئاتلاردا «ئاياللار ۋە ئىچكى گۈزەللىك»، «يېزا ئاياللىرىنىڭ مەدەنىيەت ئاڭ قاتلىمى» قاتارلىق ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. «يازغۇچى تۇرمۇشنى سۆيۈشى كېرەك» قاتارلىق بىرقىسىم ماقالە ۋە ھېكايىلىرى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «ئۇششۇگەن ياپراق» ناملىق ھېكايە، شېئىرلار توپلىمى يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ. ماھنۇر ئىسمائىل ھازىر خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## چۇقان

- بۇ بايرامدا نېمە كىيەي دەيسىز گۈلئىپار؟

چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتنى توشقۇزالماي، بىكارچىلىقتىن زېرىككەن زۇلپىيە ھەدە ئىشخانىغا كىرىپلا دائىم قولىدىن چۈشۈرمەيدىغان كىچىك ئەينىكىگە قاراپ، ئۇ يەر - بۇيەرنى تۈزۈشتۈرگەچ سورىدى.

- قانداق قىلسام بولاركىن، ئېھتىمال بۇ بايرامدا نەرسە كىيەلمەسمەنمىكىن، - دېدىم سەل ئارىسالدا بولۇپ.

- قاراڭە سىزنى گۈلئىپار، ئادەتتىكى كۈن بىلەن ھېيت - بايرامنىڭ نېمە پەرقى ئەمدى. بىلدا ئارانلا بىر كېلىدىغان مۇشۇ بايرامدىمۇ تۈزۈككىنە بىرنەرسە كىيەلمىسەك...

- ئۇغۇ شۇنداق زۇلپىيە ھەدە، سىزدىن يوشۇرمايمەن، بالا باقىدىغان قىز ھە دېسە كېتىمەن دەپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئازراق پۇل قوشۇپ بېرىپ، بىر ئامال قىلىپ ئېلشاتنى چوڭ قىلىۋالساق دەيمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاھىرنىڭ ئانىسى ئاغرىقچان بولۇپ قېلىپ، بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېلىۋالدۇق...

- ئوھۇش، كېسەل بولسا ئۆزىگە، قىزلىرى باقمامدۇ، ھەرقانچە قىلسىمۇ قېينانا دېگەننىڭ ئېغىزىدىن كېلىنگە ياخشى گەپ چىقاتتىمۇ؟ ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇرۇق ۋاتىلداشلا كېلىدۇ شۇ، ئۇلارنى دەپ بىزمۇ ئاۋارە يۈرسەك خەق نېمە دەيدۇ، يېمەي - كىيمەي ئەرلىرىمىزنى باي قىلىمىز شۇ. مەن زۇلپىيە ھەدەمنىڭ بىكار قالسىلا كىيىم - كېچەك، زىبۇ زىننەتلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ، ئۆزىنى ماختايدىغان مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ گېپىنى سۈكۈت بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇردۇم.

- ئۆيگە بارسىڭىز ئائىلەم، بالام دەيسىز، ئىدارىگە كەلسىڭىز تۈگىمەس خىزمەتنىڭ ھەلەكچىلىكىدە... ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چىرايىڭىز سولۇپ ئۆزىڭىزنىڭ چوڭ بىر ئائىلغا ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بايقايسىز.

... ...

- بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇچرىغانلا ئادەم سالامدىن كېيىنلا «بالا نەچچە» دەپ سورايدىغان، ھازىرچۇ؟ ئەرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ بانكىدا قويۇۋالغان ئازراقلا پۇلى، مىنىۋالغان موتسىكلىتى بىلەن ئۆزلىرىنى كۆز - كۆز قىلىشسا، بىز ئايالLAR بىر - بىرىمىزگە يوشۇرۇنچە زەن سېلىشىپ، بەس - بەستە مودا قوغلىشىش بىلەن كۆڭلىمىزنى ياشارتىمىز. سىز تېخى كىچىك، جەمئىيەتنى چۈشەنمەيسىز، نى - نى ئىشلار ئالدىڭىزغا كېلىدۇ تېخى.

- سىزنىڭ بالىڭىز يوق زۇلپىيە ھەدە، تۇرمۇشتا قولىڭىزنى نەگە سۇنسىڭىز يېتىدۇ. ئەمما مەن ئۆيگە قاراپ ئىش قىلمىسام، كىيىمگەننى كېيىن كىيىۋالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ؟- دېدىم كۆڭلۈم سەل يېرىم بولغان ھالدا چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

- قاراڭە سىزنى، ئەخمەق قىز، شۇنچە قېرى مىجەز بوپ كەتكەن بارمۇ؟ بالام... بالام دەۋېرىدىكەنسىز، بىزمۇ بالىغۇ؟ بالام بار دەپ ئۆزىڭىزنى مۇشۇنداق تاشلىۋېتەمسىز؟ كىچىك تۇرۇپ گەندە، سۈيدۈككە مىلىنىپ... شۇڭلاشقا مېنىڭ زادىلا تۇغقۇم يوق. ئايال كىشى دېگەنچۇ قاراڭ، ئۆزىنى ئانچە - مۇنچە تۈزەپ يۈرمىسە بىر ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىنىڭمۇ كۆزىدىن چۈشۈپ قالىدۇ، بىر ئائىلە دېگەندە ئايال كىشى يامانراق بولمىسا ئوخشىغىنى شۇ.

راست، زۇلپىيە ھەدەم توغرا ئېيتىدۇ. گەرچە بىزنىڭ خىزمەتتىكى دەرىجىمىز ئوخشاش بولغان بىلەن تۇرمۇشتىكى پەرقىمىز زور ئىدى. زۇلپىيە ھەدەمنىڭ زامانغا لايىق ئالتە ئېغىزلىق شەخسىي ئۆيىنىڭ ھەممىسى زامانىۋى ئۆي جاھازلىرى بىلەن بېزەلگەن، گەرچە ئۇ ھازىرغا قەدەر بىرەر پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتا كۆڭلى خاتىرجەم، نېمە قىلاي دېسە قىلالايدۇ. لېكىن بىزنىڭ 14 دىيۇملۇق رەڭسىز تېلېۋىزوردىن باشقا ئۆيىمىزدە كۆزگە چېلىققۇدەك بىرنەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاھىر سەممىمىي، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئېغىر - بېسىق بىر ئەر بولغىنى بىلەن، ئۆزىنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگىلا قاراپ تۇرىدىغان، پۇل تېپىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىغان بىر «بىغەم» نىڭ ئۆزى. باياتىن بېرى زۇلپىيە ھەدەمنىڭ گەپلىرى نېرۋامغا قاتتىق تەسىر قىلدىمىكىن، ئىشقىلىپ مېنى ھەرقاچان ئۆزىنىڭ ئىللىق مېھرى بىلەن بارلىقىنى ماڭا بېغىشلىغان تاھىرمۇ كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنگەندەك، تۇرمۇشۇمدا يەنە ئۆزۈممۇ بىلمەيدىغان قانداقتۇر بىرنەرسە كەملىك قىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئارامىم بۇزۇلدى.

- قاراڭە،- دېدى زۇلپىيە ھەدەم بىردەمدىن كېيىن تارتمىنىڭ تۈرىدىن كىچىككىنە بىر قاپچۇقنى ئېلىپ ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ،- ماۋۇ زەنجىرنى بۇ قېتىمقى ئۈسكەن مائاشىمغا ئېلىپ قويدۇم، قانداق، چىرايلىقمىكەن؟

يۈرەك شەكىلدىكى بولاپكىلىق ئالتۇن زەنجىر، ئۇنىڭ قولىدا ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتقاندەك ۋالىلداپ تۇراتتى، مەن غايىبانە بىر خىل قىزىقىش بىلەن ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئىتتىكلا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

- 3800 يۈەنگە؟ نېمانچە قىممەت، ئىلگىرىمۇ بىرى بار ئىدىغۇ، زۇلپىيە ھەدە.

- نى زاماندىكى نەرسە ئۇ، تەيپىنەم ۋاقتىدىكى، ئۇ دېگەن مودىدىن قالدى. ھازىر قىزلارنىڭ ھەممىسى تويلۇققا ساپلا مۇشۇ خىلدىكىدىن ئېلىشىۋاتىدۇ.

- ئوخشاشلا ئالتۇن ئەمەسمۇ؟

- ئەخمەق قىز. سىزگە ئوخشاش تاپقىنىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئەرلىرىمىزگە تۇتقۇزۇپ خوش قىلىپ بىزگە نېمە كەپتۇ؟ ئۇلار ئوينىغان ئويۇننى بىز ئوينىيالماسمىزمۇ؟ ئۇلار خەجلىگەن شۇ پۇللارنى بىز خەجلىيەلمەسمىزمۇ؟ بىز ئۇلارغا ھەمىشە باقمەندە ئەمەس، گۈلئىپار!

- ...

- ھە راست، سىز مائاشىڭىزنى قانداق قىلدىڭىز؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن ئۆزۈممۇ ئەندىكىپ، دەرھاللا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەيلا قالدىم.

- مەن... ئازراقلا بېرىشلىرىمىز بار ئىدى. شۇ يەردىن ئۈزۈلۈشۈۋالدۇق...

نېمىشقىدۇر كۆز چاناقلىرىم لىققىدە ياشقا تولدى. كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە شۇنداقمۇ بىر لامزەللە، مۆرىمەس بىر ئەرگە نېمىشقىمۇ نېسىپ بولۇپ قالغىنىمغا ھەقىقەتەن ئۆكۈندۈم. گەرچە تۇرمۇشۇم خاتىرجەم بولسىمۇ، بۇ غۇربەتچىلىك تۇرمۇشتىن ئەبەدىي خالىي بولالمايدىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

ۋاقىت توشۇپ قالغاچقا مەن ئالدىمدىكى ماتېرىياللارنى ئالدىراپ يىغىشتۇرۇشقا

كىرىشتىم. مەن ئاخىرقى قېتىم ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغان شۇ قىممەت باھالىق ئالتۇن زەنجىرگە يەر تېگىدىن ئارمان بىلەن قارىدىم - دە، ئىشتىن چۈشۈش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

توساتتىن ئىشىكنىڭ جالاقىدە ئېچىلىشى بىلەن زۇلپىيە ھەدەمنىڭ ئېرى زاكىر غەرق مەست ھالەتتە دەلدەڭشىگىنىچە كىرىپ كەلدى.

مەن ئىتتىكلا زۇلپىيە ھەدەمگە قارىدىم. زەنجىرنى ئەمدىلا بويىنىغا سېلىپ ئەينەككە تويماي قاراپ ئولتۇرغان زۇلپىيە ھەدەم نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھودۇقىنىدىن بويىنىنى قولى بىلەن توسىۋالدى - دە، ئەنسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

- سىز. . . سىز نېمىشقا كەلدىڭىز؟ . . .

# ساختىپەز

ۋىلايەتتىن كەلگەن سىلىشتۇرۇپ باھالاش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۈگۈنمۇ X يېزىدا قونۇپ قالدى. يېزا ئورگىنىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاپپېتەك بولۇشۇپ زىياپەت تەييارلىقىنى قىلىشقا كىرىشتى.

باشقارما باشلىقىنى ھەرقانچە چىللاپمۇ بىرەر قېتىم مېھمان قىلىشقا نېسىپ بولالمىغان ئاسىم شوجى خۇددى شامالدەك يېنىكلەپ، باشلىقنىڭ يېنىدىن پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ نېرى كېتەلمىدى. سورۇن ھەقىقەتەن كاتتا تۈزۈلگەنىدى. شىرەلەرنىڭ ئۈستى تونۇر كاۋپى، توخۇ گۆشى، بېلىق، باچكا گۆشى، سەۋزە، چامغۇر سېلىپ پىشۇرۇلغان شورپا گۆشى، ھەرخىل قورۇمىلار، يېزا بولغىنىغا قارىماي خىلمۇ خىل گۈل چېقىرىپ ئاچچىق - چۈچۈك ئېتىلگەن خام سەيلەر، پىچىنە - پىرەنىك، گازىر - پۇرچاق ۋە ھەرخىل يەل - يېمىشلەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، شىرەلەرنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيلا قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئاسىم شوجى بۇ داستىخاندىن قىلچە رازى بولمىغاندەك شىرەلەرگە قويۇلغان تائاملارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى.

ساقىيلىقنى ئۈستىگە ئالغان مۇئاۋىن يېزا باشلىقى غولاممۇ خۇشلۇقىدىن ئېغىزى قۇلىقىغا يېتىپ توختىماي سۆزلەيتتى. سۆزلەپ تۇرۇپ ئۇلارغا خۇشامەت بىلەن رومكا سۇناتتى. ئالىي سورتلۇق ھاراق بوتۇلكىلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بوشىتىلىپ، رومكىلار بىرنەچچە رەت ئايلانغان بولسىمۇ، سورۇننىڭ كەيپىياتى يەنىلا سۇس، سورۇندا نېمىدۇر بىر نەرسە كەمدەك قىلاتتى. لېكىن بۇ ھەقتە ھېچكىم ئېغىز ئاچالمايتتى.

باياتىن بېرى تارتىنىشىپ، ياتسىرىشىپ ئولتۇرۇشقان چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن بىراقلا تۇرمۇش، ئىشق - مۇھەببەت توغرىسىدىكى چاقچاقلارغا ئۆتتى. لېكىن ئۇلار تۆردە دىمىقىدا كەلگەن، سېمىزلىكتىن كۆزىنى ئارانلا باشقۇرۇپ ئولتۇرغان باشقارما باشلىقىنىڭ باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگىمۇ ئارىلاشماي، نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى قاتتىق تەھلىل قىلىۋاتقاندەك پىستە كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ بارماقلىرىنى ئۆزى ئولتۇرغان كرىسلونىڭ يۆلەنچۈكىگە تىنىمسىز چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا گېپىنى توختىتىشتى. مېھمانخانا سۈكۈتكە چۆمدى.

- قېنى بېقىشسىلا، ئۆزلىرىنىڭ لايىقىدا ياخشى تەييارلىق قىلالمىدۇق. داستىخىنىمىز سەل قۇرۇق بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ. . .

ئاسىم شوجى نېمە قىلارىنى بىلمەي ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا يورغىلايتتى. ئۇ باشقارما باشلىقىنىڭ بۇنداق جىمجىت ئولتۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقالماي، ئالدىدىكى پىيالىدە تۇرغان چايىنى ئالماشتۇردى. ئاندىن قوش كانايلىق ئۈنئالغۇنى بولۇشىغا قويۇپ بەردى.

- ئا شوجى، تانسا ئوينايدىغانغا قىزلىرى يوق، مۇزىكىنى كاركىرىتىپ نېمە قىلىدىلا؟ - دېدى ئارىدىن بىرسى چاقچاق قىلىپ.

- تاغلىقلار تانسا دېگەننى بىلەتتىمۇ؟ ئەمدىلا ئۈنئالغۇ چېلىشنى ئۆگەنگەن خەق بۇ.

- شۇڭا بۇ يەرنىڭ ئاياللىرى قازىناقتىن چىقالمايدىكەندە - دە.

- تاغلىقلارغىچۇ، بىر پىيالە سوغۇق سۇ

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىر بوتۇلكا ھاراق بولسىلا بولدى. ئۇلار ئۇچۇن «لەززەتلىنىپ ياشاش» دېگەن شۇ...

تۇشمۇ تۇشتىن كېلىۋاتقان بۇ چاقچاقلار بىلەن ئاسىم شۇجى تولىمۇ ئوڭئايسىزلاندى. ئۇ يەر تېگىدىن تۆرگە قارىۋىدى، باياتىن بىرى شۇنچە قىزىق پاراڭلارغىمۇ ئارىلاشماي قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغان باشقارما باشلىقىنىڭ ئۆزىچە ئىككى تىزىغا ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەنگەندەك بولدى ۋە مېھمانلارغا چاي قۇيۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەن كاتىپىنى يانغا تارتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا نېمىنىدۇر پىچىرلىدى.

* *

سورۇننىڭ كەيپىياتى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. باشقارما باشلىقى ناھايىتى خۇشال ئىدى. مۇز يېغىپ تۇرغان چىرايى ۋىللىدە ئېچىلدى. ئۇ ئۇدۇلدىكى كىرسلودا قاتار ئولتۇرغان بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئاياللاردىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئۇلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆڭلىدە سان پۈكەتتى.

باشقارما باشلىقى مۇزىكا قايتىدىن باشلانغان ھامان ئۆز بەستىگە ماس كەلمىگەن ھالدا ئىرغاڭلاپ ئېرىپ يۈزلىرى خىرۇستالدەك سۈزۈك، لەۋلىرى گىلاستەك قىزىل، زىلۋا بوي، بوتا كۆز بىر قىزنى تانسىغا تارتتى.

باشقىلارمۇ ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنتۇشۇپ بىر - بىرىدىن قىزغىنىشقان ھالدا گورۇرىدە ئاياللار تەرەپكە تاشلاندى. ئۇلار تاغىنىڭ بۇ گۈزەل نازىنىنلىرىدىن قانغۇچە ھوزۇرلانماقچى ئىدى. ئاسىم شۇجى نېمىشقا بۇ ئەقىلنىڭ بۇرۇنراق خىيالىغا كەلمەي قالغىنىغا ئۆكۈندى.

مۇزىكا رىتىملىق ياڭرىماقتا. باشقارما باشلىقى تانسا ئويناۋېتىپمۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇ شۇنداق ھاياجان بىلەن ئويناۋاتتىكى، ئىلگىرى ھېچقاچان چىقارمىغان شوخلۇقلار بىلەن قىزنى چۆرگىلەتتى.

- ئىسمىڭىز نېمە؟

قىز يەرگە قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

- گۈلگىنە.
- نەدە ئىشلەيسىز؟
- يېزىلىق تېخنىكا پونكىتىدا.
- مۇنداق دەڭ، قايسى مەكتەپتە ئوقۇغان؟
- يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا.
- بۇ يىل خىزمەتكە چىقتىڭىزمۇ؟
- ياق، ئۈچ يىل بولدى.
- ئەمىسە توي قىلىپ ئۈلگۈرگەنسىز.
- ياق...- قىز سەل تارتىنىپراق جاۋاب بەردى.

باشقارما باشلىقى ئاجايىپ بىر سەزگۈ بىلەن قىزنىڭ يەنە بىر قولىنى قاتتىق ئۇۋۇلىدى. قىز باشلىقتا لەپپىدە بىر قارىدى-يۇ، بىر خىل تارتىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئاستىنقى لېۋىنى يىنىككىنە چىشلىگىنىچە يەرگە قارىۋالدى.

قىزنىڭ بۇ ھەرىكىتى باشلىقتا تولىمۇ ئوماق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىنى قىزنىڭ كۆكسىگە تېخىمۇ يېقىن ئەكەلدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاجايىپ بىر خىل ھېسسىياتقا چۆمۈلۈپ، شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۆزىنى مەستخۇش ھالەتتە سەزدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئوتنىڭ ئىچىدە قالغاندەك كۆيۈشەتتى. ئۇ مۇشۇنداق ئولتۇرۇشلارغا قانچە قېتىم قاتناشقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ھەمىشە بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئاياللارنى خالىغانچە تارتىپ بەھوزۇر تانسا ئوينايتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈنكىدەك ھاياجانلانمىغان، ئۆز كونتروللۇقىنى بۇنچىۋالا يوقاتمىغان، ئەكسىچە باشلىقتا خاس بىر خىل سالاپەت بىلەن ھەممە ئىشتا باشتىن - ئاخىر ئۆز «ھاجىتى»نى راۋا قىلغان. بىراق، بۈگۈن ئۇ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ھېسسىياتقا چۆمۈلمەكتە ئىدى. ياكى تاغىنىڭ شۇ گۈزەل بوتا كۆزلىرى ئادەمنى مۇشۇنداق «بىچارە» ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويامدىغاندۇ؟

باشقارما باشلىقى ھەر قېتىم مۇزىكا باشلانغاندا شۇ قىزنىلا تانسىغا تارتاتتى.

- گۈلگىنە، ماڭا قاراڭ،- دېدى باشلىق سىپايىلىق بىلەن قىزنى يېنىك پىرقىرىتىپ تۇرۇپ،- كۆزۈمگە بەكلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتىڭىز، تونۇشۇپ قالساق قانداق؟ قارشى تۇرمايدىغانسىز؟...

قېرىشقاندەك مۇزىكا ئاخىرلاشتى. باشلىق خۇددى بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك ئەلپازدا ئەتراپقا قاراپ خىرقىرىدى:

- ھەي ئا شۇجى، مۇزىكا توختاپ قالدىغۇ. ئۇنئالغۇغا لېنتىنىڭ نوچىسىنى سالايلى،

نوچىسىنى. بۈگۈن بىز قانغۇدەك ياشايمىز، ئوينايمىز! ھەي مىر ئادىل، قوپۇڭلا لامزەللىلىشىپ ئولتۇرماي، ئايالLارنى مۇگدىتىپ سالمايلى.

باشقارما باشلىقىنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئاسىم شۇجى ئۇنىئالغۇغا بىرنەچچە لېنتىنى سېلىپ تەكشۈرگەندىن كېيىن تازا شوخ بىر پەدىگە قويۇپ بەردى.

ئارقىمۇ ئارقا سۇنۇلغان ھۆرمەت ھارىقى بىلەن باشلىق خېلىلا قىزىغاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، بارغانچە شوخلىشىپ كەتتى. ئۇ مۇزىكا باشلىنىش بىلەنلا يەنە بىرىنچى بولۇپ گۈلگىنەنى تانسىغا تارتتى.

مەيدان ئىچى بارا - بارا تانسا ئويناۋاتقانلار بىلەن توشتى. قارىغاندا بۈگۈنكى كۆڭۈل ئېچىش تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدىغاندەك قىلاتتى.

- مۇشۇ يەردە ئىشلەۋېرەي دېدىڭىزمۇ؟ - سورىدى باشلىق گۈلگىنەدىن خۇشامەتكويلۇق بىلەن.

- يۆتكىلەي دەپ قانچە ئارزۇلىغان بىلەن يۆتكەلگىلى بولاتتىمۇ.

- تاغقا كۆنۈپ قاپسىز - دە.

- تاغدىن سەكرەپ چۈشمەكمۇ ئاسان ئەمەس ئىكەن.

- ناۋادا مەن سەكرەتسەمچۇ! ؟

- سەكرەتكۈچىلىكلىرى بولسا كۆرەرمىز.

- ھە. . . ي، بۇنىڭغا گەپ يوق.

باياتىن بېرى ياتسىراش ۋە تارتىنىش ئىچىدە تۇرغان قىزنىڭ بىردىنلا باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇ بۆلەكچىلا خۇش بولدى. دەسلەپىدە ئۇلار بىر - بىرىگە چوڭقۇر ھۆرمەت، ھايا، قورۇنۇش ھېسسىياتىدا قاراشقان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلار كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان ھەمراھلاردەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ كېتىشكەندى.

- گۈلگىنە، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراڭە، نېمىنى كۆردىڭىز؟ گەپ قىلمايسىزغۇ. دەڭە، سىز بەك زېرەك، بولۇپمۇ قىز - ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ شۇ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئەرلەرنىڭ قەلبىنى چۈشىنەلەيدۇ. كۆزلىرىم شۇ تاپتا. . .

باشلىق ئۇنى ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن تارتتى.

- نەدىكىنى، باشلىق دېگەن بىردەملىك كۆڭۈل خۇشلۇقىنى دەپ شۇنداق قىلىدۇ. بىراق ئەتىسى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق ماشىنىسىغا چىقىۋالسىلا ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ. - گۈلگىنە كۆڭلىدىكىنى ئوچۇقلا ئېيتتى.

- ئۇ دەرىجىدىمۇ ئويلاپ كەتمەڭ قىزچاق، باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنداق بولمايدۇ. بولۇپمۇ مېنى شۇنداق ئويلاپ قالسىڭىز چوقۇم خاتالىشىسىز جۇمۇ.

- لېكىن، مەن شۇنداق قارايمەن.

- ياق، ياق. ماڭا ھەرگىز ئۇنداق قارىماڭ، بەلكىم سىزنىڭ نەزىرىڭىزدىكى ئۇ باشلىق مەن ئەمەستۇرمەن.

- شۇنداقمۇ؟ مەن ئىشەنمەيمەن.

ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ تاڭ ئاتاي دەپ قالغان بولسىمۇ، باشلىقنىڭ بۇ سورۇننى ھېچ توختاتقۇسى يوق ئىدى. سورۇندىكىلەرنىڭ بەزىلىرى ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قېلىشقان بولسا، بەزىلىرى ئاياللارنىڭ بېقىنىغا كىرىۋېلىپ، ئۆز قەلبىنى ئىزھار قىلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

باشقارما باشلىقىنىڭ كۆڭلى گۈلگىنەگە پۈتۈنلەي باغلىنىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ يۈگەنسىز كۆڭلىنى ئاران - ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى.

- ئەگەر يۆتكىلىمەن دېسىڭىز مەن ياردەم بېرەي.

باشلىق ئۇنىڭغا ئىشەنچ بىلەن ۋەدە بەردى. ئۆزۈندىن بېرى يۆتكىلىش كويىدا ھەر تەرەپكە چېپىپمۇ ھەل قىلالمىغان گۈلگىنە ھوقۇقى خېلىلا چوڭ بىر باشلىقنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆز تەبىئىتىگە قىلچە سىغمايدىغان باشقىچە بىر خىل نازلىنىش بىلەن ئەركىلەپ، بۇ شاپائەتچىگە بۆلەكچىلا يېقىنلاشتى. ئۇ ئاخىر ئامال تاپقاندەك، ئۆز كۆڭلىدىكى پىلاننى ئاخىر ئىشقا سالدى. ئۇ ھەرقانچە بەدەل تۆلىسىمۇ بۇ نەس باسقان يەردىن چوقۇم كېتىشى كېرەك، بۇ ئۇنىڭ قەتئىي قارارى.

- ئىشەنمەمسىز؟ بۇنداق كىچىك ئىشلار مېنىڭ قولۇمدىن كەلمىسە. . . ماڭا ئىشىنىڭ، ماقۇلمۇ؟

باشلىق ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن گۈلگىنەنىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ مەيدىسىگە يېقىن چاپلاپ پىرقىرىتىپ چۆرگىلەتتى. ھاراق كەيپىدىن قىزىرىپ كەتكەن پىستە كۆزلىرى قىزنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسىگە

چۈشكەندە، يۈرىكى «شۈررىدە» ئاغاتتى. ئۇ ئېغىزىغا يىغىلىپ قالغان تۈكرۈكنى «غۇرت» قىلىپ يۇتۇۋەتكەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئويناپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرىگە ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىدى. ئۇ سېمىز قوللىرى بىلەن گۈلگىنەنىڭ بەللىرىنى توختىماي سىلاپ مۇجۇيتتى. ھەتتا ئۆزىچە بىر نەچچە قېتىم ئەلەڭ - سەلەڭ دەسسىگەن بولۇپ قىزنىڭ كۆكسىگە ئۆزىنى تېخىمۇ چىڭ چاپلاپ ئالدى.

باشلىق سەل چېكىنىپ ئاشۇرۇۋەتكەندەك قىلسىمۇ، گۈلگىنە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق قارشىلىق ئىپادىسى بىلدۈرمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭغا «لاپ» قىلىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ سېھىر كۆچكە تولغان يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن جاۋاب بەردى.

پەقەت يۆتكىلىش ئۈچۈنلا ھەممىگە سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرۇش، ھېچبولمىغاندا مۇشۇنداق يېقىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق باشلىقنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەقسىتىگە يېتىش گۈلگىنە ئۈچۈن ھازىرقى بىردىنبىر يول ئىدى.

— گۈلگىنە.

ئۇ، باشلىققا ئۈمىد بىلەن قارىدى. قىزنىڭ بىر جۈپ شەھلا كۆزى باشقىچە نۇرلاندى.

— مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

— . . .

— ئىشەنمەمسىز؟ ۋۇجۇدۇمدا سىزگە نىسبەتەن بىر خىل ھەۋەس. . . ھە، باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا سىز بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ ئۆزۈمنى بارغانچە ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن.

— . . .

— سىز بەك چىرايلىق ئىكەنسىز گۈلگىنە.

— ئانچە ئەمەس.

— گۈلگىنە.

— ھە. . .

— ئىسسىقلاپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئاز - تولا.

— ئەمىسە سىرتقا چىقىپ بىر پەس شامالداپ كىرمەيمىزمۇ؟

— قانداق بولاركىن، — قىز ئەترابقا سەل ئەندىشە بىلەن قاراپ قويدى.

— ھېچقىسى يوق، قېنى ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭە.

ئۇلار قالايمىقان بولۇپ كەتكەن سورۇندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ جىمجىتلا غايىب بولۇشتى. . .

* *

ئارىدىن ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ گۈلگىنەگە ھېچقانداق خۇش خەۋەر كەلمىدى. باشقارما باشلىقىنىڭ «ھەپتىدىن كېيىن يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى ئۆزۈم بېجىرىپ ئەكېلىمەن» دېگەن ئىشەنچلىك ۋەدىسى بىلەن ئۇ كېتىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بولغانىدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپمۇ، تاماق يەۋېتىپمۇ، ياتاققا كىرسىمۇ ھېلىلا بىرسى ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر ئېلىپ كېلىدىغاندەك بىر تۇيغۇدا ئىدى. لېكىن. . . لېكىن. . . ئۇ كۈتكەن نەرسە كەلمىدى. ئۇ خۇددى قورقۇنچلۇق بىر چۈش كۆرۈۋاتقاندەك تۇرۇپ - تۇرۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالاتتى. كۆڭلىنىڭ قانداقتۇر بىر يېرىدە ئۆزى ئويلاشنىمۇ خالىمايدىغان بىر ئىش ھامان يۈز بېرىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ «ناۋادا يۆتكىلىپ ئاتا - ئانامنىڭ قېشىغا، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇمغا كېتەلىسەم ھەممە ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ» دەيتتىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزى نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى يوشۇرغاندەك قىلاتتى.

يۆتكىلىش ئىستىكىدە تاقىتى تاق بولغان گۈلگىنە ئاخىر ئۆزى شەھەرگە كەلدى. ئۇ باشلىقتىن ئاڭلىۋالغان ئادرېس بويىچە ئۇدۇللا دەرۋازىسى چوڭ، ھەيۋەتلىك ئېگىز بىنا ئالدىغا كەلدى. بىنا ئالدىدا ئۇنىڭغا تونۇش بولغان «TOYOTA» ماركىلىق پىكاپ كۈن نۇرىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا ئايلىنىپ بېرىپ ماشىنىنىڭ ئىچىگە — ئارقا ئورۇندۇققا قاراپ بىردىنلا جىددىيلەشتى. يۈزلىرى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. . . شۇنداق، تۇرمۇش دېگەن ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدۇ. بەزىلەر موھتاجلىقنى تىلەپمۇ تاپالمايدۇ. يەنە بەزىلەر «موھتاجلىق»تىن ھەرقانچە قېچىپمۇ مەڭگۈ خالىي بولالمايدۇ.

گۈلگىنەمۇ بۇ تاسادىپىيلىققا تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغانلىقىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇ ئىشنى «ئامەت» دېگەندىن كۆرە قايتىلاپ قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر پۇرسەت دېيىش بولىدۇ. ئۇ پەقەت مۇشۇ بىر

www.uyghurkitap.com

قىممەتلىك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەممىگە چىدىدى. . . گەرچە بىر ئۆمۈر تىرىشىپمۇ ئۆزىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان، ھاياتىدىكى بىردىنبىر قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئەمدى كۈن بويى توپا - تۇمان يېغىپ تۇرىدىغان بۇ كىچىك ماكاندىن مەڭگۈ ئايرىلىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئارمىنى. . .

گۈلگىنە ئىزدەپ - سوراپ يۈرۈپ باشقارما باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىنى ئاخىر تاپتى. ئۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، ئىشىكنى يېنىككىنە چەكتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئۆزىچە ھودۇقۇپ كەتكەندى.

ھايال ئۆتمەي «كىرىڭ» دېگەن ئاۋاز بىلەن ئۇ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ئىشخانىغا كىردى. ئۇدۇلدىكى ئۈستەلگە ئېڭىشىپ ئولتۇرغان باشلىق پۈتۈن دىققىتى بىلەن «ھۆججەت» كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ گۈلگىنەنى كۆرۈپ «ئىشىڭىز بارمىدى؟» دېگەندەك سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن ئىشىك يېنىدا قويۇلغان ئۇزۇن كىرىسلودا ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

يول بويى يۆتكىلىپ كېتىش توغرىسىدىكى خىياللار بىلەن بەنت بولۇپ، باشلىق بىلەن ئۇچرىشىشنى ئويلاپ كەلگەن گۈلگىنە باشلىقنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن سەل ئاغرىندى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاۋايلاپ دەسسەپ كىرىسلونىڭ لېۋىدىلا ئولتۇردى.

- ھە قىزچاق، كېلىپ قاپسىزغۇ؟- سورىدى باشلىق «ھۆججەت»تىن بېشىنى ئالدىرىماي كۆتۈرۈپ.

- مېنىڭ يۆتكىلىش ئىشىم. . .

قېرىشقاندەك تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. باشقارما باشلىقىمۇ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك تۇرۇبكىنى تېزلا قولىغا ئالدى.

- ۋەي، قا شۇجىما؟ قانداق سالامەتمۇ ئۆزلىرى؟ ھە. . . ھە. . . ھەممە ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولدىما؟ ھە. . . ھە. . . بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە بارىدىغانلار ئۇنچە جىق ئادەم ئەمەس. . . ياق، ھە. . . ھە. . . ۋەي، سىلەرنىڭ يېزىنى نۇقتا قىلغان ئاساستا تەكشۈرىمىز. شۇڭا. . . ھەممە تەييارلىقلار پۈتتى شۇنداقمۇ؟ ھە ماقۇل، ۋەي قا شۇجى، مېنىڭ مىجەزىم سىلىگە ئايان. بىز بىر - بىرىمىزنى بىلىشمەيدىغانلاردىن بولمىغاندىكىن ئوچۇقلا دەۋېرەي، مانا. . . مانا ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپىلا جۇمۇ سىلى، ھە شۇنداق بولسۇن. داستىخىنىڭلارنىڭ تۆرى ئاددىيراق بولسىمۇ ئاياللىرىڭلار خىل بولسۇن جۇمۇ. ھە ماقۇل، ھازىرلا يولغا چىقىمىز. . . خوش ئەمىسە.

باشقارما باشلىقى تېلېفوننى قويۇۋېتىپ مەغرۇر كۈلگىنىچە ئۈستەلدىكى ھۆججەت - ماتېرىياللارنى يىغىشتۇرۇپ تارتمىغا سېلىشۋەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىشخانىدا يەنە بىرەيلەننىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ گۈلگىنەگە قارىدى.

- مېنىڭ يۆتكىلىش ئىشىم. . .- گۈلگىنە تولىمۇ قىيىندا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

- ھە، يۆتكىلىمەن دەمسىز؟ بۇ بىر ئادەمنىڭلا قولىدىن چىقىدىغان ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. ئەگەر تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە راستتىنلا قىيىنچىلىقىڭىز بولسا ياندىكى ئىشخانىدا كاتىپ بار. شۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىڭ، كېيىنچە بىز ئويلىشىپ كۆرەيلى. . .

-مەن. . .- گۈلگىنە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى غەزەبتىن تىترەيتتى. ئۇ ئۆزىنى مىڭ تەستە تۇتۇۋېلىپ ئورنىدىن تۇردى. باشقارما باشلىقى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بويىنغا تاقىۋالغان قىزىل يوللۇق گالستۇكىنى تۈزەشتۈرگىنىچە گۈلگىنەنى ھەيدىگەندەك قىلىپ ئالدىغا سېلىپ سىرتقا چىقتى ۋە قاراپمۇ قويماستىن ئالدىراپ بىنادىن چۈشتى.

ئەنە، باشلىق بىراۋنىڭ ياردىمى بىلەن كۈن نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرغان ماشىنىغا ئالدىرىماي چىقىپ ئىشىكنى گۈپپىدە ياپتى. ھېلىقى ئاخشىمى ئاشۇ ماشىنىدا ئۇلار. . . شۇ چاغدا باشقارما باشلىقى ئېغىز تالغۇچە خېلى - خېلى ئىشەنچلىك گەپلەر بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىگە ئۈمىد ئېلىپ كەلگەنىدى. . .

شۇ تاپتا گۈلگىنە جېنىنىڭ بارىچە «ئالدامچى پەسكەش، مېنى ۋەيران قىلدىڭ. ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن. . .» دەپ ۋارقىرىدىماقچى بولدى يۇ، تۇيۇقسىز كەلگەن كۈچلۈك ھۆدىن قېقىلىپ كەتتى.



# ئېرىم روزى سايىتنى ئەسلەيمەن

(ئەسلىمە)

روزىنىسا تۇرسۇن

بۇ يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سەركەردىلىرىنىڭ بىرى، جانجىگەر پەرزەنتلىرىمنىڭ مېھرىبان ئاتىسى، سۆيۈملۈك ئېرىم، ئۇستازىم، دانا مۇرەببىيىم، خەلق سۆيگەن ئاتاقلىق شائىر روزى سايىتنىڭ ۋاپات بولغىنىغا توپتوغرا ئىككى يىل تولغان خاتىرە كۈن. مانا مەن شۇ تاپتا يۈرىكىمنىڭ پارىسى بولغان ئوماق قىزىم ئۇيغۇرنىسا ۋە زىرەك ئوغلۇم تىيىپجاننى ئەگەشتۈرۈپ، مەرھۇمنىڭ قەبرىسىگە ئېھتىرام بىلەن گۈل قويۇپ، روھىغا دۇئالار قىلىپ، ئۇنىڭ تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىۋاتىمەن. كۆزۈمدە قايغۇلۇق ياش، باغرىم ھىجران، چوڭقۇر سېغىنىشنىڭ ئوت - پىراقى ئىلكىدە، ئۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن بولۇپ بىرگە ئۆتكەن 20 يىللىق مەنىلىك ھەم شانلىق ھايات تارىخىمىز خۇددى كىنو ئېكرانىدەك بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتمەكتە. . .

1

مەن شائىر روزى سايىت بىلەن 1980 - يىلى 12 - ئاينىڭ 9 - كۈنى توي قىلىپ، سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ شېرىن ۋىسال شارابىنى ئوتلىغاندىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككىمىزنىڭ ھايات سەپىرىمىز باشلانغان. شۇ چاغدا ئۇ ئارانلا ئېيىغا 47 يۈەن مائاش ئالاتتى. مەن سەبىي، ساددا بولغىنىم ئۈچۈن سۆيگۈ مۇھەببەتنىمۇ تېخى چوڭقۇر چۈشەنمەيتتىم. ئۇ سۆزگە ئۇستا، يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي، بەكمۇ خۇش چاقچاق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ شوخ، ئېتىك ۋە مەردلىكى بىلەن مېنى ئۆزىگە پۈتۈنلەي مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. گەرچە ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، ئەمما تۇرمۇشىمىز ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. مەن ئۇنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرەتتىم ۋە ھۆرمەتلەيتتىم. ئۇمۇ مېنى قىزغىن سۆيەتتى ۋە بەكمۇ قەدىرلەيتتى. كۆڭلىمىز قوش مېغىزدەك، كۈنلىرىمىز شاد ناخشىدەك ئۆتەتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سۆيگۈ مۇھەببەت دەرىخىمىز چېچەكلەپ مېۋە بەردى. پەرزەنتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۆيىمىز تېخىمۇ جانلىنىپ، شادلىقىمىزغا شادلىق قوشۇلدى. ئۇ بالىلارغا بەكمۇ ئامراق ھەم كۆيۈمچان ئىدى، كۈندۈزى خىزمەت قىلسا، كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ھېرىپ - چارچىغىنىغا قارىماي ئائىلە ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. ئاخشاملىرى بالىلارغا قىزىقارلىق چۆچەك، ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. كىتاب ئوقۇپ، بەزى مۇرەككەپ جايلىرىنى چۈشەندۈرەتتى. بالىلارغا تىرىشىپ ئوقۇپ، ياخشى ئادەم بولۇش توغرىسىدا ھارماي - تالماي تەربىيە بېرەتتى.

ئۇ بارلىقىنى شېئىرىيەتكە بېغىشلىغانىدى. ئۇ شېئىرغا شۇنداق شەيدا بولغانىدىكى، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئوت - يالقۇن بولۇپ كۆيگەن، ئۇ شېئىرغا مۇپتىلالىقتا قانچىلىغان تۈنلەرنى كۈمۈش تاڭلارغا ئۇلىغانىدى. ئۇنىڭ قەلەم تۇتقان قوللىرى قاپىرىپ قاداق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ،

ئەمما ئۇ يەنە ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ ئىشلەيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىشكە تىرىشاتتىم. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، بەدەنلىرىنى تۇتۇپ قوياتتىم. چاينى مەززىلىك دەملەپ، قىزىق - قىزىق قۇيۇپ تەشنالىقىنى قاندۇرۇشقا تىرىشاتتىم. ئۇنىڭ ئارام ئېلىشى پەقەت تاماكا چېكىش، پەس ئاۋازدا ناخشا - مۇزىكا ئاڭلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر يازغان شېئىرىنىڭ تۇنجى ئوقۇرمىنى مەن ئىدىم، ھەربىر پارچە شېئىرنى يېزىپ بولغاندا ماڭا ئوقۇپ بېرەتتى. مەن شۇنچە ئىشتىياق - زوق بىلەن ئاڭلايتتىم. مەن ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ ياخشى يېزىلغانلىقىنى ئېيتسام ئۇ سۆيۈنۈپ، شېئىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىدىن پۈتۈن ھارغىنلىقىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ يېقىن دوستلىرى ئۆيىمىزگە كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا قادىلىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى كۆپرەك دەم ئېلىشقا ۋە سالامەتلىكىنى ئاسراشقا دەۋەت قىلاتتى. ئۇ ئۇلارغا:

— مەن شېئىرغا ئاشىق، شېئىر - بىر ئوت - كۆيۈكى. ئۇ شۇنداق يامان مەشۇقدۇركى، ئۇنىڭ ئىشقىغا مۇپتىلا بولغانلارنىڭ كۆيگەنسېرى كۆيگۈسى، ئۇنىڭ پىراقىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ گويا ياقۇتنىڭ زەرگە باغاشلانغىنىدەك يەنىمۇ بەكرەك باغاشلانغۇسى كېلىدۇ، شېئىر يېزىشتا ھەرقانچە كۆپ جاپا چەكسەممۇ، يەنىلا ئۇ ماڭا راھەت بېلىنىدۇ. مەن شېئىر ئاتلىق بۇ گۈزەل دىلبەرنىڭ ئىشقىغا دەسلەپ مۇپتىلا بولغان، ئۇنىڭ پىراقىغا ساددا ھەۋەس بىلەن يېقىنلاشقان چاغ — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بورانلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس قالغان قىممەتلىك شېئىرىي تەۋەررۇكلىرىمىزنى، ئېسىل مەدەنىيىتىمىزنى ئۆرتەپ كۆلگە ئايلاندۇرغان مەزگىلگە توغرا كەلدى. گەرچە ئەھۋال شۇنداق بولسىمۇ، شائىرلىق كوچىسىدا ئىزدەندىم ۋە ئىزدىنىپ كېلىۋاتىمەن. بىز دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىمىز، ياشىغانىكەنمىز، قىممەتلىك ھاياتتىن ئىز قالدۇرۇشىمىز كېرەك. شائىرلىق كوچىسىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن، قانچىلىك قىستاڭ، تار بولۇشىدىن، شېئىرىيەت سەپىرىنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن ھەم جاپالىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ جەزبىسى شۇنچە كۈچلۈك، ئىشقى شۇنچە مېھىر - ھارارەتلىك، مەپتۇن قىلارلىق. ئەگەر شۇنداق بولمىسا، مەن شۇنچە يىللاردىن بېرى ھاياتىمنى ئۇنىڭ سەۋدالىقىدا ئۆتكۈزەمتىم؟! ماڭا كۆڭۈل بۆلگىنىڭلارغا رەھمەت! — دەيتتى دوستلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇپ.

ئۇ تۇرمۇش قايىنىمىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، تۇرلۇك شەيئىلەرنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، خەلقنىڭ ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى شائىرانە كۆز، شائىرغا خاس تەپەككۇر، ئاممىباب تىل ۋە مۇۋاپىق شېئىرىي شەكىل، ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن يازاتتى. شېئىرىيەت كوچىسىنىڭ تار، قىستاڭلىرىدىن شائىرانە چىدام، غەيرەت، مەردانىلىق بىلەن بۆسۈپ ئۆتۈشكە دادىل جۈرئەت قىلىپ، يېڭى دەۋرنىڭ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، ئۈمىد، ئىشەنچىنى ئاقلاشقا پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن ھارماي - تالماي تىرىشاتتى. ئۇ رېئاللىققا، سەنئەتكە سەمىمىي - ساداقەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ھەر ۋاقىت چىنلىققا يۈزلىنىپ، خەلق ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا جاۋابكار بولۇشتەك ۋىجدانەن تۇيغۇ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ، شېئىرىيەت كوچىسىدا ئۆزىگە خاس قەدەم بىلەن توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى سەيناسىدا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. «دېھقان يىغلايدۇ»، «دېھقان بولماق تەس» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى مەنىۋى ھەيكىلىنى تىكلىگەنىدى. ئۇ يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن 200 پارچىدىن كۆپرەك ناخشا تېكىستى، بەش پارچە تېلېۋىزىيە فىلىمى، شېئىرلىرىدىن تەركىب تاپقان 10 پارچە كىتابى يورۇقلۇققا چىقىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك بايلىققا ئايلاندى. يەنە تۆت كىتابى نەشرىياتقا سۇنۇلدى. مەن شېئىر، مەدەنىيەت شەيداسى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلقنىڭ ئەدەبىيات ئىشلىرىغا بېغىشلىغان قەيسەر، ئىرادىلىك ھەم گىگانت بىر شائىرنىڭ يارى، ھەمراھى بولغانلىقىمدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن. مەن ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

ئۈچۈن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا دىلىمغا ياققان مەرىپەت، ئەدەبىيات چىرىغىنى ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىزىنى بويلاپ شېئىر يېزىۋاتىمەن ھەم پەرزەنتلىرىمگە ئۆگىتىۋاتىمەن ھەمدە ئۇلارنى ئاتىسىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشى ئۈچۈن تەربىيىلەۋاتىمەن.

2

ئۇ ھەمىشە ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەيتتى. سۆيىدە ئېقىپ، ئوتىدا كۆيەتتى. خوتەن ۋىلايەتلىك ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىنىڭ ۋە ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئورنىنىڭ قۇرۇلۇش بىناسى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن يېرىم يولدا توختاپ قالغاندا، ئۇ بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئالاقىدار خادىملار بىلەن بىرلىكتە بېيجىڭغا بېرىپ، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەتكە ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتىپ، قۇرۇلۇشقا مەبلەغ ھەل قىلغانىدى.

ئۇ ھەر دائىم دېھقانلارنى ئويلايتتى، ئۇلار ئالدىرىغانغا ئالدىرايتتى، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولاتتى. ناھەق، ئۇۋال قىلىنغان ئىشلار توغرىسىدا ھال - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىل، كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ، ئۇلارغا تەسەللى بېرەتتى ھەمدە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىگە ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش يولىدا ئىزدىنەتتى. خوتەن دېھقانلىرىنىڭ مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇنى سىردىشىمىز، دىلكىشىمىز دېگەنلىرى ھەرگىزمۇ ئاساسسىز ئەمەس ئىدى.

3

ئۇ كەسپىتە خاس ئۆزىلا ئالغا ئىلگىرىلەپ قالماستىن، بەلكى ياش ھەۋەسكارلارغا ياردەم بېرىش، ئۇلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەشنى ئىنتايىن شەرەپلىك دەپ بىلەتتى. يىراق - يېقىنلاردىن ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن ھەۋەسكارلارغا ھەرگىزمۇ ياردىمىنى ئايىمايتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كېچە - كېچىلەپ ئەستايىدىل تۈزىتىپ، ئۇلارغا ئاقىلانە مەسلىھەت بېرىپ، ئىگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۇ مەيلى خوتەن «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەندە بولسۇن ۋە ياكى ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئىجادىيەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەندە بولسۇن، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ساغلام، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ روھىغا مول مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتىش بىلەن بىرگە، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك مەنىۋى مەدەنىيەت سېپىگە قوشۇلۇشى ئۈچۈن كۆپلەپ كۈچ چىقارغانىدى. شۇڭا ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۇنىڭدىن تەلىم، كۆرسەتمىلەرنى ئېلىشقا ئىنتىلەتتى. ئۇنى كىشىلەر توي - تۆكۈن، زىياپەت، ئولتۇرۇشلارغا، ئىدارە، ئورگانلار ھەر خىل ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا كۆپلەپ تەكلىپ قىلاتتى، ئۇ ۋاقتى يار بەرسە، سالامەتلىكى ياخشى بولسىلا تەكلىپنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ باراتتى. يۇمۇر، چاقچاقلار ئېيتاتتى ۋە كۆڭۈلنى يايرىتىدىغان ھەر خىل تېمىدىكى قىزىقارلىق شېئىرلىرىنى ئوقۇيتتى. ئۇ قاتناشقان پائالىيەت، سورۇنلار باشقىچە قىزىپ كېتەتتى. ئۇ شېئىرلىرىدا تىلغا ئېلىشقا ئالاھىدە كۈچ چىقىراتتى.

2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى تېلېۋىزىيە تىياتىرى تەرجىمە بۆلۈمى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زالى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ تەكلىپكە بىنائەن سالماق قەدەم تاشلاپ سەھنىگە چىقتى - دە، بۇ پائالىيەتكە ئاتاپ يازغان: «ئانا تىلىم ـ گۆھەر تىلىم، زەر تىلىم» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇدى. ئۇنىڭ شېئىرى تۈگىگەن ھامان پۈتۈن زالنى باھار گۈلدۈرمامىسىدەك قىزغىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى قاپلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى ئارقىلىق خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇپ، خەلقنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

4

«ئۆزۈن ئېچىلىپ تۇرالمايدۇ پۇراقلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گۈللەر، داۋاملىق ھەمراھ بولالمايدۇ ياخشى كۈنلەر» دېگەندەك، ئىنساننىڭ ھاياتى ھەمىشە بىر خىل رىتىمدا ئۆتمەيدىكەن، كىشى بەزىدە ئويلىمىغان ئىشلارغا يولۇقىدىكەن. 2001 - يىلى ئائىلىمىز ئۈچۈن كېلىشمەسلىك، بەختسىزلىك باشلانغان تولىمۇ كۆڭۈلسىز بىر يىل بولدى. بىردىنلا ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىشقا باشلىدى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئۇ پات - پات يۆتىلىدىغان، گەجگىسى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى كۆپ قېتىم دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى ئېيتقاندىم. ئۇ، «چوڭ چاتاق يوق، ئۆتۈشلىپ كېتىمەن» دەپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى رەت قىلدى. بۇ دەل ھېيت ھارپىسى بولۇپ، ئۇ مەمۇريي مەھكىمە رەھبەرلىرىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن ئۆزى يېزىپ چىققان بىر تېلېۋىزىيە فىلىمىنى ئىشلەش ئىشىغا تۇتۇنغانىدى. كۆپ ئىشلار ئۇنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەچكە، بەكمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈشكە زادىلا پۇرسەت بولمىدى.

مارت ئېيىنىڭ 11 - كۈنى تۈن نىسپىدىن ئاشقان چاغ ئىدى. ئۇ توساتتىن يۆتىلىشكە باشلىدى، يۆتەل بارغانسېرى ئەزۋەيلەپ ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى. بىردىنلا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايىنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتۈم. دورا ئىچكۈزگەن بولسامۇ، ئۇنىڭ ھېچ ئۈنۈمى بولمىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلۈمدىكى غەم - ئەندىشىلەر بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇ كېچىلەپ دوختورخانىغا بېرىشقا ئۇنىمىدى. بۇ كېچە ماڭا بەكمۇ ئۇزۇن تۇيۇلدى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، مەن ئۇنى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدىم. دوختۇرلار ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا بىرقۇر ئەھۋال ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇلار ئۇنى تەكرار تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆپكىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە داغ چۈشكەنلىكىنى، شۇڭا دەرھال بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. دەسلەپتە ئۇ بۇنى رەت قىلدى، ئەمما دوختۇرلار بۇ كېسەلگە سەل قاراشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى، دەرھال داۋالىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قايتا - قايتا ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇ ئاخىر ماقۇل بولۇپ، 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن ئېتىبارەن بالنىستتا يېتىپ داۋالىنىشقا باشلىدى. دوختۇرلار شۇنچە كۆيۈنۈپ داۋالىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كېسىلىدە ھېچقانداق ياخشىلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمىدى. ئۇنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن - كۈنگە ناچارلاشتى. بىر كۈنى دوختۇرلار قايتا - قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆپكىسىنىڭ ئوڭ قانىتىدا ئۆسمە پەيدا بولغانلىقىنى، شۇڭا دەرھال ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىلارغا يۆتكەش كېرەكلىكىنى، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ھەقىقىي كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېرىمگە بىلدۈرمەسلىكنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ گويا بېشىمغا تاغ يىقىلغاندەك تۇيۇلدى. ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا قانچە تىرىشسامۇ، ئەمما كۆزلىرىمدىن گويا باھار يامغۇرىدەك ياشلار تۆكۈلەتتى. ئاھ، خۇدا! بۇ نېمە قىسمەتتۇر. شۇنداق بېجىرىم، يۈرىكى يالقۇنلۇق، زەبەردەست بىر ئىنساننى نېمىشقىمۇ بۇ لەنىتى كېسەلگە مۇپتىلا قىلغانسەن؟ دەپ قاقشايتتىم، ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل ئاچچىق ئاھۇ - پىغان ئۆرلەيتتى. ئېرىمنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئامالنىڭ بارىچە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشاتتىم.

## 5

2001 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەن ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسەللىكى دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ كەلدىم. بۇ يەردىكى تېببىي خادىملار ئۇنىڭ كېسىلىنى بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن تەكشۈردى. يەنە كېلىپ تەكشۈرگەندىمۇ ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىن ئەۋرىشكە ئېلىپ ئەتراپلىق، چوڭقۇر تەكشۈردى. ئۇلار قايتا - قايتا تەكشۈرۈش، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغانلىقىنى، خۇددى يېغى ئاز قالغان چىراغدەك ئۇنىڭ ھايات چىرىغىنىڭ خىرەلىشىپ ئۆچەي دەپ قالغانلىقىنى، شۇڭا ئائىلىگە قايتۇرۇپ كېتىشىم كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مەن دوختۇرلارغا

ئېرىمنى بارلىق چارە - ئاماللار بىلەن داۋالاپ ساقايتىشنى ئىلتىجا قىلدىم. ئەگەر بۇ يەردە مۇمكىن بولمىسا بېيجىڭ، شاڭخەيدىكى ئالىي دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىپ داۋالىتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. دوختۇرلار بۇ روھىمغا بارىكاللا ئېيتىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ بەكمۇ ئېغىرلىقىنى، نەگىلا ئېلىپ بارغان بىلەن بۇنىڭغا ئامال يوقلۇقىنى ھەمدە ۋاقتىنىڭ يار بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

راك! راك! بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىغۇ!

جۇ ئېنلەي، تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئاشۇ بۈيۈك، ئۇلۇغ ئىنسانلارنى بۇ ئالەمدىن ئېلىپ كەتكەن مۇدھىش، لەنىتى كېسەل شۇ ئەمەسمۇ؟! ئىلىم - پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئالەمشۇمۇل مۆجىزىلەر كىشىنى شادلاندۇرسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان مۇشۇنداق ۋەھشىي كېسەلنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولىدىغان ھەمدە ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ دەھشەتلىك پەيت - شۇم ئەجەلنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىرەر كەشپىياتنىڭ يارىتىلمىغانلىقى مېنى چوڭقۇر ئېچىندۇردى. كۆزۈم قاراڭغۇلىشىپ، قەلبىمنى بىر خىل تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئازاب تۇمانلىرى قاپلىدى. بەختىيار ئائىلەمنىڭ مۇقەددەس تۈۋرۈكى، گۈزەل ھايات بېغىمنىڭ چېۋەر باغۋەنى بولغان ئېرىم - مېھرىبان ۋاپادارىمدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن؟ دېگەن قورقۇنچلۇق ۋەھىمە ئىچىدە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك باستى. شۇ ئەسنادا خۇشاللىقىمىزغا كۆلىدىغان، قايغۇمىزغا يىغلايدىغان جانجان دوستلارنى ئەسلىدىم - دە، شۇ ھامان ئېرىمنىڭ كىچىكىدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان قىيامەتلىك قول بېرىشكەن يېقىن ئاغىنىسى، خوتەن شەھىرىدىكى ناۋاغ ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىنىڭ باشلىقى ئابابەكرى راخمان ھەمدە ئېرىمنىڭ قەدىناس قەلەمداش دوستى، خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەت چاۋار بىلەن تېلېفونلىشىپ ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇلار ئېرىمنى دەرھال خوتەنگە قايتۇرۇپ كېلىشىمنى ئېيتتى. ئېرىمنى ياخشى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ۋاقتىنچە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى مېھمانخانىسىنىڭ 7 - قەۋەتتىدىكى 307 - نومۇرلۇق ياتاققا يۆتكىدىم. ئېرىمنىڭ ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئەنسىز خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە ئۈرۈمچى شەھىرىگە تارالدى. غوپۇر ئابدۇللا، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئىلھام جاپپار، ئابدۇراخمان ئەبەي قاتارلىق دوست - بۇرادەرلىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى يازغۇچى، شائىرلار، ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەستىن كېلىشكە باشلىدى. ياتاقنىڭ ئىچى قايناق بازارغا ئايلاندى. ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ «يوقلاپ كەلگۈچىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەپۇ قىلارسىلەر» دېگەن خەت ياتاقنىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەر بۇنى كۆرمەسكە سېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، ھال - ئەھۋال سورىشاتتى. يوقلاپ كەلگۈچىلەر ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقماقچى بولغاندا، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن:

- ھازىر خېلى ياخشىلىنىپ قالدىم، ئەمما پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق، - دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ئۇنىڭ چىرايى، پۈتۈن بەدىنى كەچ كۈزدە ئۈششۈك تەگكەن ياپراقتەك سارغىيىپ جۈدەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما گەپ - سۆزلىرى ۋە چىرايىدا قىلچە ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلمەيتتى. ۋاقتى كەلگەندە، ئادەمنى تېلىقتۇرغۇدەك قىزىق چاقچاقلارنى قىلىپ كۈلدۈرۈپ، ئۆزىنىڭ كېسىلىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى. بۇ ھال ئادەمگە خۇددى ئېرىم ئەزرائىلنى كولدۇرلىتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. شۇنداق، ئۇ ئەزەلدىن كۈلۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەتتا بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندىمۇ يىغلاشنىڭ ئورنىغا كۈلۈپ ياشىغان. بۇ ئۇنىڭ تاش يۈرەكلىكىدىن ئەمەس، بەلكى كۈلكە ئارقىلىقمۇ يىغلىغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنلىكىدىن ئىدى. خۇشچاقچاق ۋە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ كېسەل ئازابىدا شۇنچە قىينىلىۋاتسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۈرۈمچىدىكى بىرقىسىم ئالىي مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار رەڭمۇ رەڭ

www.uyghurkitap.com



گۈلدەستىلەرنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىپ، سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈشەتتى. ياتاق گۈل دېڭىزىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مېھمانخانىدىكىلەر ئۇنى يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن «بۇ كىم، نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟» دەپ سوراپ ھەيران قالغانىدى.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ياتاق ۋە كارىدور مىغ - مىغ ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. بۇ كۈنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەممىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇنى خاتىرىسىگە ئىمزا قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنسە، يەنە بەزىلىرى بىر - ئىككى كەلىمە سۆز قىلىپ بېرىشنى ئىلتىجا قىلىشاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئازابلاپ قىيناۋاتقان ئاغرىققا قەتئىي بەرداشلىق بېرىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. ئۇ تۆۋەندىكى رۇبائىيسىنى ئوقۇغاندا، ھەممەيلەن ھەيران قالغانىدى:

مەن ھامان ئۆلۈپ كېتىمەن،
ئۆلۈشۈمنى بىلسەم كۈلۈپ كېتىمەن.
تۇپرىقىمدىن گۈل بولۇپ،
يەنە ئۇنۈپ بىخلاپ كېلىمەن.

شۇ ئەسنادا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىرقىسىم مۇخبىرلار، يازغۇچىلار ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ھەممەيلەن ياخشى جەم بولغان بۇ ئەھمىيەتلىك ئۇچرىشىش مۇخبىرلارنىڭ ئاپپاراتى ئارقىلىق تارىخىي خاتىرە ھاسىل قىلىپ يادنامىگە ئايلاندى. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بىز ئۈرۈمچى بىلەن خوشلىشىپ ئايروپىلان بىلەن خوتەنگە قاراپ ئۇچتۇق. ئايروپىلان قوزغىلىش ئالدىدا ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، ئابدۇراخمان ئەبەيلەر ئايروپورتقا كېلىپ بىزنى ئۇزىتىپ قويدى.

### 6

بىزنىڭ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تاپقان ئۇرۇق - تۇغقانلار، دوست - ئاغىنىلىرىمىز، قولۇم - قوشنىلار، ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەستىن ئائىلىمىزگە كېلىپ ھال سورىدى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن كەلگەن بىرقىسىم كادىرلار ۋە دېھقانلار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، تەڭرىدىن ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى تىلىدى. ئىبرىم روزى سايىت ئۇلارنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، چۆللەر كېزىپ، دەريالار كېچىپ ئاتايىن ئۆزىنى شۇنچە يىراقتىن يوقلاپ كەلگەنلىكىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ يىغلاپ سالدى. كېيىن يەنە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن كەلگەن تۇرسۇننىياز، «قەشقەر گېزىتى» دىن كەلگەن تاھىر تالىپلار روزى سايىتنى قۇچاقلاپ قاتتىق ئۈن سېلىپ يىغلاشتى. بىز ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئائىلىمىزگە يوقلاپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى زادى ئۈزۈلمىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە بىرلا ئارزۇ بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ روزى سايىتنىڭ سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىنى ئارمان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

داڭلىق تېۋىپ ئابابەكرى راخمان روزى سايىتنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىش يولىدا ئاجايىپ كۆپ ئىزدەندى. ئۇنىڭ بىر مەزگىل ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمىدىكى ئەڭ ئۇنۇملۇك دورىلار بىلەن داۋالاپ پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا، ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ كېسىلى ياخشىلاندى. بۇ ھال ھەممىمىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. مەن گويا خۇشاللىقتىن بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولغانىدىم.

### 7

2001 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئەتىگەندىلا ئائىلىمىز توي بولغاندەك قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. ئابدۇراخمان قۇربان، يالقۇن قادىر، مۇھەممەت چاۋار قاتارلىق ۋىلايەت رەھبەرلىرى، ۋىلايەتلىك «يېڭى قاشتېشى» ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى، خوتەن شەھىرىدىكى بىرقىسىم يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەر ۋە ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەردىن بولۇپ 500 دىن كۆپرەك كىشى جەم بولۇپ، ھويلىمىزنىڭ سەيناسىدا روزى سايىتقا روھىي ئوزۇق بەخش ئېتىش ئۈچۈن مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. پائالىيەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى رەھبەرلەر سۆز قىلىپ

شائىرنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلىدى. يازغۇچى، شائىرلار روزى سايىتقا بېغىشلانغان شېئىر، غەزەللەرنى ئوقۇپ ئۇنى روھلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئارتىسلار روزى سايىت يازغان بىرقىسىم سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنلاپ، بىر تەرەپتىن مەيداننىڭ كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن شائىرغا مول مەنىۋى ئوزۇق بەخش ئېتەتتى. بۇ بىر كۈن ئەنە شۇنداق يېقىملىق نەغمە - ناۋالار، ئېرىمنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ئىشى بىلەن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكەندى.

## 8

2001 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئائىلىمىز تارىخىدىكى يەنە بىر قۇتلۇق كۈن بولدى، بۇ كۈنى خوتەن ۋىلايىتىدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد خوتەن ۋىلايىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئائىلىمىزگە يېتىپ كېلىپ بىزدىن سەممىمىي ھال سورىدى. ئىسمائىل ئەھمەد ئۇنىڭ بىلەن سەممىمىي سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ روھىغا مەدەت - ئىلھام بەخش ئەتتى. ئاخىرىدا ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ شىپالىق تېپىپ، سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئىسمائىل ئەھمەد بېيجىڭدىن ئاتايىن شائىر روزى سايىتقا تېلېفون بېرىپ، 500 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، ئۇنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مېۋىسى بولغان بارلىق شېئىر - ئەسەرلىرىنى بىرقانچە كىتاب قىلىپ نەشر قىلدۇرۇشنى پىلانلاپ، شېئىر توپلىمىنى ئىشلەش ۋەزىپىسىنى خوتەن مەمۇرىي مەھكىمىگە تاپشۇرغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتكەن. بۇ چاغدا شائىر ئىسمائىل ئەھمەدكە كۆپلەپ تەشەككۈر ئىزھار قىلغانىدى. راست، مۇھەممەت چاۋار، نۇرمۇھەممەت توختى، ھاجى مەتقاسىم ئەكرەم، ئابدۇللا مەمتىمىن، مەمتىمىن تۇردى، مەتكېرەم ئىسمائىل قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ بىر ئايدىن كۆپرەك جاپالىق ئىشلىشى، توپلاپ رەتلىشى ئارقىسىدا، شائىرنىڭ ئالتە كىتابى تەييارلىنىپ، مىللەتلەر نەشرىياتىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە ئىككى كىتابىنى نەشردىن چىقارغانىدى.

## 9

2001 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ھاياتىمدا پەقەت ۋە پەقەت ئۇنتۇشقا بولمايدىغان، مەڭگۈ خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈندۇر.

بۇ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاپتونوم رايون بويىچە خوتەن ۋىلايىتىدە چاقىرىلغان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش چوڭ يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن كەلگەن يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەر خوتەن مېھمانخانىسىنىڭ مەجلىسخانىسىغا جەم بولغانىدى. ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ تەكلىپى بويىچە مەن، قىزىم ئۇيغۇرنىسا ۋە تېۋىپ ئابابەكرى راخمانلار شائىر روزى سايىتنى يىغىن مەيدانىغا ئېلىپ كىردۇق. يىغىن ئەھلى گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، چاۋاك چېلىپ گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە شائىرغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ چاغدا شائىر سەپداشلىرى ۋە بارلىق يىغىن ئەھلىگە خۇشخۇي كۈلۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ چوڭقۇر مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدى. چوڭقۇر ھېس - ھاياجانلاردىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كۆزىدىن تارام - تارام ئىسسىق ياشلىرى تۆكۈلدى.

بىز يىغىن زالىغا كىرىپ ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد خوتەن ۋىلايىتى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا يىغىن زالىغا سالماق قەدەم تاشلاپ كىرىپ كەلدى. مەن ئالدىن مەخسۇس تەييارلانغان يىغىن زالىنىڭ ئالدىنقى رىتىدىكى ئورۇندا ئېرىم روزى سايىتنى يۆلەپ ئولتۇراتتىم. ئىسمائىل ئەھمەد ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان يازغۇچى، شائىرلار بىلەن بىر - بىرلەپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. كۆرۈشۈش نۆۋىتى شائىر روزى سايىتقا كەلگەندە، ئىسمائىل ئەھمەد شائىرنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ۋە ئۇنىڭ باغرىغا باغرىنى مەھكەم يېقىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. سەممىمىي ئەھۋال سوراشتىن كېيىن ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تېخى يېقىندىلا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر

www.uyghurkitap.com

قىلىنغان «روزى سايىت شېئىرلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 1 -، 2 - قىسمىنى ئۆز قولى بىلەن يازغۇچى، شائىرلار ئالدىدا روزى سايىتقا تەقدىم قىلدى. بۇ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلەرگە قىلغان سەمىمىي غەمخورلۇقى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئىدى. بۇ ئىشتىن چەكسىز سۆيۈنگەن شائىر ئۆزىنى 10 ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. شۇ ئەسنادا مۇھەممەت كامال، تۇرسۇن نىياز قاتارلىق شائىرلار يىغىن رىياسەتچىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ شائىر روزى سايىتقا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، يىغىن مەيدانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. يىغىن ئارىلىقىدىكى 20 مىنۇتلۇق ئارام ئېلىشتا يازغۇچى، شائىرلار بەس - بەستە روزى سايىت بىلەن سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

«ئامەت كەلسە قوشلاپ كېلۇر، بىر - بىرىنى باشلاپ كېلۇر» دېگەندەك، بۇ كۈنى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى بىر قىسىم مۇھەررىرلەر ژۇرنال نامىدىن روزى سايىتقا تون كىيگۈزۈپ، چەمەن دوپپا تەقدىم قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ شائىرغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىنى ئىپادىلىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى مۇختەر بۇغرا كومىسسار ئىسمائىل ئەھمەد بىلەن شائىر روزى سايىتنىڭ مېھمانخانا ئالدىدىكى گۈلزارلىقتا سۆھبەتلىشىۋاتقان ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشلىرىنى مەخسۇس زىيارەت قىلىپ سۈرەتكە ئالدى. بۇ قۇتلۇق كۈندىكى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس خاسىيەتلىك ئىشلار قەدىمىي «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى»، يىپەك يۇرتى گۈزەل خوتەننىڭ، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ سەھىپىسىگە ئۆچمەس قۇرلار بىلەن يېزىلدى.

## 10

بۇ ئىش بولۇپ ئۆتۈپ، توپتوغرا 17 كۈندىن كېيىن، خەلق ئاممىسى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرگۈدەك ئىززەتلەيدىغان، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھارۋىسىنى تېخىمۇ زور تەرەققىيات مەنزىلىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن سۆرىگەن، تالانتلىق شائىر روزى سايىت بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىپ ئۇ ئالەمگە كەتتى. ۋادەرىخا، ئاھ پەلەك، تەقدىر بەكمۇ رەھىمسىز ئىكەن، ئۇنىڭ نۇرغۇن پىلانلىرى بار ئىدى. ئۇ ئۆز نامىدا ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلماقچى بولغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇنىڭغا بەكمۇ موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ ئۆمۈر كارۋىنى تېخى ئەمدىلا 58 داۋاندىن ھالقىغان. ئۇ مېنىڭ ۋە ئوماق پەرزەنتلىرىمنىڭ بەختىگە، جاپاكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ بەختىگە يەنە ياشىشى، كۆپرەك يېزىشى كېرەك ئىدى. ئەزرائىل، شۇم ئەجەل ئۇنىڭغا بەكمۇ ۋاپاسىزلىق، نامەردلىك قىلدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن 20 يىل بىرگە ياشىغانىدىم. ئۇلۇغ غايە، گۈزەل مەنزىل يولىدا ئىككىمىز بىر تەن، بىر جان بولۇپ، ھاياتنىڭ داۋانلىق يوللىرىدا قول تۇتۇشۇپ، ئەڭ قىيىن ئۆتكەللەردىن ساق - سالامەت ئۆتكەندۇق. ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئانچە بىلىنمەپتىكەن، مانا ئەمدى بىلدىمكى، ئۇ مەندە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىكەن. ئۇنىڭ قەدرى جېنىمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ھىجران پىراقى دىلىمنى ئۆرتىمەكتە. ئۇنىڭ ۋاپاتى يالغۇز مېنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە ئۇنى تونۇيدىغان ھەم بىلىدىغان بارلىق كىشىلەرنى تولىمۇ ھەسرەتتە قويدى. ھەممەيلەن قايغۇلۇق كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. ئۇ ھەقىقەتەن قەيسەر، ئىرادىلىك، ئۈمىدۋار، ئۆزىگە چىدام، بەرداشلىقنى يار قىلغان ئاجايىپ جاسارەتلىك، مەرد - مەردانە ئىنسان ئىدى. شۇنداق، ئۇ تەڭرىتاغ ئاسمىنىدا پارلىغان بىر نۇرلۇق يۇلتۇز ئىدى. ئۇ چەكسىز سامادىن ئانا تۇپراقنىڭ باغرىغا كۆچتى. ئۇنىڭغا جەننەت نېسىپ بولغاي.

گەرچە ئۇ ئارىمىزدىن كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ جاپالىق قان - تەر، ئەجرى بىلەن يازغان ئۆزىنىڭ زەبەردەست قەددى - قامىتىدەك شۇنچە ۋەزىنلىك ھەم يالقۇنلۇق شېئىرلىرى ھەمدە ئەل - يۇرت ئۈچۈن قىلغان ئەھمىيەتلىك ئىشلىرى، سانسىز دىللارغا ياققان مەرىپەت چىرىغى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ، بەلكى ئۇ خىسلەتلىك مەشئەلگە ئوخشاش ئەبەدىي پارلاپ - چاقنايدۇ ھەم چاقناپ تۇرغۇسى.

# «كروران» دۇچ كەلگەن 81 مۇشكۇلات



(ئەدەبىي ئاخبارات)

نۇرمۇھەممەت توختى

1. «مىللىي بۇرژۇئازىيە» نىڭ ئېنىقلىمىسى

ئوتتۇرا مەكتەپتە سىياسەت دەرسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچۇم «دەللال بۇرژۇئازىيە» نى باشقا يۇرت ۋە باشقا ئەللەردە ياسالغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى يۆتكەپ سېتىپ باي بولغانلار دەپ، «مىللىي بۇرژۇئازىيە» نى ئۆز يۇرتى ۋە ئۆز ئېلىدىكى خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئايلاندۇرۇپ باي بولغانلار دەپ چۈشەندۈرگەن. ماۋجۇشى جۇڭگو جەمئىيىتىنى سىنىپلارغا بۆلگەندە «دەللال بۇرژۇئازىيە» نى دۈشمەن قاتارىغا، «مىللىي بۇرژۇئازىيە» نى ئىتتىپاقداشلار قاتارىغا تىزغان. ئەگەر بىز ماۋجۇشىنىڭ نېمىشقا ئاشۇنداق ھۆكۈم قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىشقا كىرىشىپ كېتىدىغان بولساق، گەپ بەكلا ئۇزىراپ كېتىدۇ. بىزگە كېرىكى، پەقەت ئاشۇ ئىككى خىل «بۇرژۇئازىيە» توغرىسىدىكى ئېنىقلىمىلا خالاس. ۋاھالەنكى ھازىر ئېلىمىزدە «بۇرژۇئازىيە» يوق. ئۇلار ئىسلاھات - ئېچىۋېتىشنىڭ تۈرتكىسىدە «ھالال ئىشلەپ، ئۆز قان - تەرى بەدىلىگە باي بولغان» دەپ قارىلىدۇ. بۇ قاراش بويىچە ھازىرقى جۇڭگو بايلىرىنى «دەللال بۇرژۇئازىيە» ۋە «مىللىي بۇرژۇئازىيە» دەپ سىنىپلارغا ئايرىش خاتا بولىدۇ. ئەمما پارا يېمەي ياكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ھۆددىگە ئېلىۋالماي تۇرۇپمۇ باي بولغانلارنى يۆتكەپ سېتىش سودىسى بىلەن باي بولغانلار ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ھەرىكىتى بىلەن باي بولغانلار دەپ ئايرىش خاتا بولۇشى ناتايىن.

ئەمەلىيەتتە ئالدىنقىسى دەللال سودىگەرلەر، كېيىنكىسى خۇسۇسىي كارخانىچىلاردۇر. بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاز بولسىمۇ باي بولغانلار ئىچىدە ئاشۇ ئىككى خىل تەبىقە ھەر ھالدا مەۋجۇت. ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، بۇرۇنقى رامكىلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەڭ دەسلەپ ئاتۇشلۇقلار دەللال سودىگەرلىك يولىغا قاراپ ماڭدى. باشقا يۇرتلۇقلار ئەگەشتى. كېيىنچە غۇلجىلىقلار ئېچىۋېتىلگەن چېگرا ئېغىزلىرىغا يېقىن بولۇشتەك ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا ھالقىغان سودىغا تۇتۇش قىلىپ خەلقئارا دەللالغا ئايلاندى. بۇنىڭدىمۇ باشقا يۇرتلۇقلار ئەگەشتى. مەيلى ئىچكى دەللاللار ياكى خەلقئارا دەللاللار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى باشقىلارنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى پۇل قىلىپ بېرىش ئەۋزەللىكى بولسا، ئارىدىن پايدا ئېلىپ مەبلەغ جۇغلاشتا ئىپادىلىنىدۇ.

خەلقنىڭ جىددىي ئېھتىياج، زۆرۈرىيىتىنى قامدىشى - ئۇلارنىڭ تۆھپىسى، ئەمما خەلقنىڭ يەنە بىر ئېھتىياجى - ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان خام ئەشيالارنى ئۆز جايىدا سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسىغا سەل قارىغانلىقى - دەللال سودىگەرلەرنىڭ يېتەرسىزلىكى ھېسابلىنىدۇ. ھازىرغىچە دەللال سودىگەرلىك بىلەن بېيىغانلاردىن بىرەرسىنىڭ دەللاللىقتىن ھالقىپ كارخانىچىلىققا يۈرۈش قىلىپ دەللال سودىگەرلىك بىلەن جۇغلىغان مەبلىغىگە تايىنىپ، ئۆز يېرىدىكى خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان كارخانا قۇرغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلمىدى ياكى بىز ئۇنداق خەۋەرنى ئاڭلىمىدۇق. ۋاھالەنكى، دۇنيانىڭ ئىشلىرى دەللال سودىگەرلەرنىڭ قولىغا قاراشلىق ئەمەس. ئۆز يۇرتىنىڭ، ئۆز خەلقى ئىشلەپ چىقارغان خام ئەشيالارنى پۇلغا ئايلاندۇرۇشقا

ياردەم بېرىشنى خالايدىغان، ئۇلارنى سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشنى ئويلايدىغان ئەزىمەتلەر ھەممە يەردىن تېپىلىدۇ. مانا بۇلار ئەنە شۇ دەللال سودىگەرلەرنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مىللىي كارخانىچىلاردۇر. مىللىي كارخانىلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا ۋە ئۇلار ئاز بولمىغان نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بۇنى بىز مەتبۇئاتلاردىن ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيىلەردىكى مەھسۇلات ئېلانلىرىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. «ئارمان»، «ئامىنە»، «گۆھەر زېمىن»، «كروران» ۋە باشقىلار شۇ جۈملىدىندۇر. بۇ يەردە شۇنى ئەسكە ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەتبۇئات ئادىلدۇر. مەتبۇئاتلىرىمىزدا مىللىي كارخانىچىلار دائىم تونۇشتۇرۇلۇپ تۇرۇلىدىكى، دەللال سودىگەرلەرنىڭ خەير - ئېھسانلىرىدىن باشقا پائالىيەتلىرى تىلغا ئېلىنمىدى. ئەكسىچە مىللىي كارخانىچىلار ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، پۇل تاپالماي ۋەيران بولغاندىمۇ، ھېسداشلىق سادالىرى ياڭراپ تۇردى. بۇنىڭ سەۋەبى دەللال سودىگەرلىك بىلەن كارخانىچىلىقنىڭ قىممىتىدە. ئالدىنقىسى گەرچە جىددىي ئېھتىياجنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كەمسىتىلىشكە دۇچار. كېيىنكىسى بولسا، دائىم ۋە ھەر جايدا ئالقىشقا مۇيەسسەر. خەلقنىڭ كۆڭۈل رايى دېگەن مانا شۇنداق. بۇنى مەمۇرىي بۇيرۇق بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. خەلقىمىزدە «پۇل تاپقۇچە، يۈز تاپ» دېگەن ماقال بار. دەللال سودىگەرلەرنىڭ شۇنچە پۇللۇق تۇرۇپمۇ ئابرۇيغا ئېرىشەلمەسلىكىدىكى سەۋەب كۆپ خىل بولۇشى مۇمكىن. قايسىبىر يىلى داڭلىق مۇقامچى ئابدۇللا مەجنۇن ئۇلارنى «پۇلدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق نامراتلار» قاتارىغا تىزغان. بەلكىم يۈز - ئابرۇي دېگەن پۇلغىلا باغلىق بولمىسا كېرەك. ۋاھالەنكى، دەللال سودىگەرلەرگە قارىتىلغان «دەللاللىق قىلىدۇ»، «ئالدامچىلىق بىلەن پۇل تاپىدۇ»، «پۇرسەتپەرەسلىك قىلىدۇ» دېگەن باھالار ئادىل بولۇشى ناتايىن. ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولماس. بىر كولا ھەممە قەلەندەرنىڭ بېشىغا خوپ كېلىشۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بازار ئەھۋالىنى دەڭسەش، مال تاللاش، مال يۆتكەش جەريانىدا تارتقان جاپالىرى، بىر تىيىن ئۈچۈن كۆيۈپ - پىشىپ تالىشىشلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنسا، دىيانەتلىكلىرى نائىنساپلىرى بىلەن بىر تاياقتا ھەيدەلسە ئۇۋال بولىدۇ. ئەمما خەلقنىڭ مىللىي كارخانىچىلارغا بەرگەن باھالىرى ھېچقاچان خاتا بولۇپ باقمىدى. ئىزچىل ھېسداشلىق ۋە قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ كەلدى. بۇ يەردە ئاشۇ پوزىتسىيە بىلەن تىلغا ئالماقچى بولغىنىمىز ئاشۇ مىللىي كارخانىچىلار ئىچىدىكى «خوتەن كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ياش يىگىت ئابدۇۋەلىدۇر.

2. يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماس

ئارزۇ - ئېھتىياجنىڭ كۆڭۈلدىكى شولىسى. ئېھتىياج قانداق بولسا، ئارزۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئوزۇقلىنىش، شەھۋەت، قەدىرلىنىش، مال - مۈلۈك، سالامەتلىك، گۈزەللىك، مۇكەممەللىك قاتارلىق تۈپ ئېھتىياجلىرى ئۇنىڭ ئارزۇسىنى بەلگىلەيدۇ. ئوزۇقلىنىش، مال - مۈلۈك، سالامەتلىك قاتارلىق ئىپتىدائىي ئېھتىياجلىرى قانائەت تاپقان ئەھۋالدا قەدىرلىنىش، گۈزەللىك، مۇكەممەللىك قاتارلىق يۇقىرى ئېھتىياجلىرى ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتىدۇ ۋە شۇلارغا ئائىت ئارزۇلىرى كۆپىيىشكە باشلايدۇ. ستۇدېنت ئابدۇۋەلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا بۇنى ئېنىق ھېس قىلدى. قورسىقى تويغان، كىيىمى پۈتۈنلەشكەن ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۈرۈمچىدىكى خوتۇن - قىزلارنىڭ گۈزەللىك ئېھتىياجلىرى ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەن، ئۇلار تەقى - تۇرقىنى، قانات - قۇيرۇقىنى تۈزەشكە كىرىشكەنىدى. كوچا - رەستىلەردە گىرىمخانا، ھۆسن تۈزەش ئورۇنلىرى قەدەممۇ قەدەم بىر ئۇچراپ تۇراتتى. دۇكان، ماگىزىنلارنى چەت ئەلنىڭ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئەمما ئاشۇلار ئارىسىدا ئۇيغۇرلار ئىشلىگەن، ئۇيغۇرچە ماركىسى، ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشى بار پاكىزلىق بۇيۇملىرى، گىرىم بۇيۇملىرى يوق ئىدى. ئەمدىلا 20 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئابدۇۋەلى غەلىتىلىك ھېس قىلدى. مەۋجۇت ھالەت ئۈستىدىن ئۆكتە قوپۇش ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىغۇ؟ ئۇيغۇرلارنىڭ گىرىم بۇيۇملىرى، ئۆز پاكىزلىق بۇيۇملىرىنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمىدى. «نېمىشقا يوق؟» نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە خەلقىمىزدە ئاي يۈزلۈك، قۇياش كۆزلۈك ئانىلىرىمىزدا، سۇمبۇل چاچلىق، قىرىق كوكۇلۇلۇق ھەدە - سىڭىللىرىمىزدا، نوچىلىقتىن

ئوت چىقىرىدىغان بوز يىگىتلىرىمىزدە گىرىم. قىلىش مەدەنىيىتى شەكىللەنمىگەن بولغىدىمۇ؟ سىم بۇرۇتلۇق، بومبا ساقاللىق ئاتىلىرىمىز جەڭگە چىققان چاغلىرىدا ساقال - بۇرۇتلىرىنى نىمە بىلەن بويىغان بولغىدى؟ پاكىزلىقنى ئىمان جۈملىسىدىن ھىسابلايدىغان خەلقىمىزدە سوپۇن ئىشلىتىش ئومۇملاشمىغان بولغىمىدى؟ ئاشۇ ھورداق، ھامام، ھور مۇنچىلارنى كەشپ قىلغان بوۋىلىرىمىز ھور مۇنچىدا قايسى سوپۇننى ئىشلەتكەن بولغىدى؟ «ئاناڭنى ئاتاڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دىگەن تەمسىل بارغۇ بىزدە؟ نىمە بىلەن پەردازسىز كۆرسەتمىگەن بولغىدى؟ تىرناقلىرىنى، ھۆسن - چىرايىنى قانداق ئاسرىغان بولغىدى؟... ئابدۇۋەلى ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. ئۆزىگە سوئاللار قوياتتى. ئەمما سوئاللارنى يېشىشكە كۆپ ھەرەج كەتمىدى. نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى مۇشۇ مىللىي تۈركۈمنىڭ جىسمانىيىتىنى، تەقى -تۇرقىنى، ھۆسن - جامالىنى، قەلب - روھىنى ئەملەپ، قوغداپ كەلگەن ئۇيغۇر تېبابىتى ئىلمى ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەردى. تەتىلدە ئائىلىسىگە قايتىپ كەلگەن ئابدۇۋەلىگە خوتەن ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك دوختۇرخانىسى ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئالىي تېخنىكومىدىكى ئابلىمىت يۇسۇپ داموللا ھاجىم، خوۋا باھاۋىدىن ھاجىم، باقى ھاجىم قاتارلىق ئەللامىلەر سىيادانىڭ، ئوسمىنىڭ، خىنىنىڭ، سۇرمىنىڭ، جىگدە يىلىمىنىڭ، تۇرلۇك مېغىزلارنىڭ، سۈت، قېتىقلارنىڭ، گۇل - چېچەكلەرنىڭ، مۇشكى - ئىپارلارنىڭ كارامىتىنى سۆزلەپ بەردى. ئوھوي! بار ئىكەن: چاچنى بوستان، قاشنى قىياق، كىرپىكنى ئوقيا، كۆزنى چولپان، لەۋنى جىنەستە، تىرناقنى ئوتقاش قىلغۇدەك خۇرۇچلار بار ئىكەن. تېرىنى، ھۆسن - جامالىنى ئاققاشتەك سۇزۇك، ئالمىدەك رەڭدار، پاقلانىڭ دۇمبە يېغىدەك يۇمران، يۇرەكتەك ئىسسىق قىلغۇچى خۇرۇچلار بار ئىكەن. ۋۇجۇدۇڭنى خۇش پۇراق كانىغا ئايلاندۇرغۇچى خوتەن قىزىل گۇلى، خوتەن مۇشكى - ئىپارى بار ئىكەن. گۇلاپلار، مەلھەملەر، مايلار بار ئىكەن. توقاچ سوپۇنلار، گۇلى سوپۇنلار بار ئىكەن... تېۋىپ ئاخۇنۇملار ھېكايە قىلىشتى: ئىپارخان تۇتقۇن خانىش بولغاندىن كېيىن ئاستانىدە تۇرۇشنى خالىماپتۇ. سەۋەبى، ئۇنىڭغا ياقىدىغان، ئۇنى گۈزەللەشتۇرىدىغان، ئۇنى خۇش پۇراق قىلىدىغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۇياقلاردا يوق ئىكەن. ئىپارخانىنىڭ سولاقتىكى ۋۇجۇدى يەنىلا يىراقتىكى ئۆز ماكانىغا - ئوسمىزارلىقلارغا، جىگدىزارلىقلارغا، قىزىل گۇللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۇلزارلىقلارغا تەلپۈنىدىكەن. شۇ ۋەجىدىن جىگدە كۆچۈرۈش يارلىقى چۈشۈرۈلۈپ «جىگدە يېغىلىقى» يۈز بېرىپتۇ. نەچچە مىڭ ئادەم ئۆلۈپتۇ.... مانا كۆردىڭىزمۇ؟ ھەدە - سىڭىللىرىمىز تۇتقۇن - قەپەسلەنگەن ھالەتتىمۇ ھۆسن تۇزەشنى، چاچ كوكۇلىنى ئاسرىغۇچى جىگدە يېلىمىنى، خۇش پۇراق تارقاتقۇچى جىگدە چېچىكىنى ئۇنتۇماپتۇ. ئەمدى نىمە بولدى؟ گۇمران بولغان ئەۋلادلار ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىمۇ؟ ئاشۇ خۇرۇچلاردىن ھۆسن ئاسرىغۇچى، پاكىزلىغۇچى گۇلاپلار، مەلھەملەر، مايلار، توقاچ سوپۇنلار، گۇلى سوپۇنلار ياساشنى ئۇنتۇشمىغان بولسىمۇ، ئۇنى سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇپ بازارغا سېلىشنى ئويلاشماپتۇ. بازارلاردا ماگىزىن، دۇكانلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز گىرىم بۇيۇملىرى، ئۆز پاكىزلىق بۇيۇملىرىنىڭ يوقلۇقى شۇ سەۋەبتىن ئىكەن...

ئابدۇۋەلىنىڭ يۈرىكىگە ئوت كەتتى. ھۆسن تۈزگۈچى خۇرۇچلارنى كۆكتات بازىرىغا ئەكېلىپ ۋارقىراپ سېتىشنىڭ ئورنى يوق. تەييار مەھسۇلات بولسا خەلقىمىز ئۆز گىرىم بۇيۇملىرىمىز ۋە ئۆز پاكىزلىق بۇيۇملىرىمىزنى ئىشلەتسە، ئىشلىتىۋېتىپ ئۆزلۈك تۇيغۇسىنىڭ قايناملىرىدا ئۈزسە، ئاھ، بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل ئىش بولاتتىمۇ؟ ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يارىشىدۇ. چەت ئەلنىڭ جۇڭگوغا، ئىسسىق رايوننىڭ سوغۇق رايونغا، نەم رايوننىڭ قۇرغاق رايونغا يارىشارمۇ؟ «ئۆزىنىڭ ئۆزىگە يارىشىدۇ» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. ئېھتىياج - ئارزۇنى پەيدا قىلىدۇغۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە ئاستا - ئاستا ئۆز گىرىم بۇيۇملىرىمىزنى، ئۆز پاكىزلىق بۇيۇملىرىمىزنى ياساش، ئۇنى تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش ئارزۇسى باش كۆتۈردى. ئارزۇنىڭ ئىمكانىيەتلىكى ئارزۇ، ئىمكانىيەتسىزى خام خىيال. ئابدۇۋەلى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلىتىلىشچان خىمىيە ئوقۇۋاتقان بولغاچقا، سۇبىيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىمكانىيەتكە ئىگە ئىدى. ئىمكانىيەتلىك ئارزۇ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئارزۇسى ئېپتىدائىي ئورمانغا تۇتاشقان ئوتتەك

www.uyghurkitap.com

ئاستا - ئاستا ئۆلگىيىپ باردى. . . .

ئەگەر بىز ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە، مىللىي جىسمانىيىتىگە، قۇرغاق، سوغۇق، شامال - بورانلىق تەبىئىي شارائىتىغا ماس كېلىدىغان ئۇيغۇر گىرىم خۇرۇچلىرىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلىنالمىغۇدەك بۇ ئەپسۇسلۇق ھالەتنى ئابدۇۋەلىلا ھېس قىلدى، تونۇپ يەتتى دېسەك، راست گەپ قىلمىغان بولىمىز. ئۆز ھۆسن ئاسراش، ھۆسن تۈزەش بۇيۇملىرىمىزنى ياساش، سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇش، تۈركۈملەپ بازارغا سېلىش ئارزۇسى ئابدۇۋەلىنىڭلا قەلبىدە پەيدا بولدى دېسەك، بۇمۇ رېئاللىققا نىسبەتەن مۇشۇككە ئوخشاش كۆز يۇمۇۋالغانلىق بولىدۇ. ئاشۇ يىللاردا ئالىي مەكتەپلەر خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم بىلەن توشۇپ كەتكەن كاللىلىرىدا بۇنداق پىكىرلەر، بۇنداق ئارزۇلار ئاللىقاچان پەيدا بولۇپ بولغان، تېخى ئۇلارنىڭ زاۋۇت قۇرۇشقا كېتەرلىك يۈز مىڭلاپ، مىليونلاپ سوممىدىكى مەبلەغ تەلەپ قىلىش دوكلاتلىرى مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ يېزىق شىرەسى ئۈستىگە يېتىپ بېرىپمۇ بولغانىدى. ئوسما تەركىبلىرىنى ئىشلىتىپ چوڭ تىپتىكى كارخانىلار تەرىپىدىن ئىشلەپ چىقىرىۋاتقان بولسىمۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر تىبابىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىدىكى بايلىقلارنى قېزىش يېتەرلىك بولمايۋاتاتتى. پۇرسەتمۇ كەلگەنىدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش پراكتىكىسى ئۈچۈن ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق پەن تەتقىقات ئاكادېمىيىسىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ يەردە ئەۋزەل شارائىت يېتەرلىك ئىدى. دوكتور ئۆمەرجان مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ياش يىگىت سىيادانىنى خام ئەشيا قىلغان تۇنجى چاچ ئاسرىغۇچى، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ياساپ چىقتى. بارلىق دورا ياسىغۇچى تىبابەتچىلىك ئالىملىرى يېڭى دورىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆز جىسمانىيىتىدە سىناپ باققاندەك، ئۇمۇ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆز چېچىدا سىناق قىلدى. چاچلار بىلەن تولا ئۇچرىشىپ چاچ باھالاش، سوپۇن باھالاش مۇتەخەسسىسىگە ئايلانغان ساتىراش ئۇستامنى باھالىغۇچى قىلدى. خۇرۇچلارنىڭ نىسبىتى يۈز قېتىم تەڭشەلگەندۇ. يۈز قېتىم تەجرىبە قىلىنغاندۇ. يۈز قېتىم قايتا ياسالغاندۇ ۋە ئابدۇۋەلىنىڭ ئۆز چېچىدا يۈز قېتىم سىناق قىلىنغاندۇ. ئاخىر ساتىراش ئۇستامنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى. تەستىق - باھالاشتىن ئۆتۈش باشقا گەپ. ئەمەلىي نەتىجە بولسا يەنە باشقا گەپ. بىر خىل چاچ ئاسرىغۇچى سۇيۇقلۇقنىڭ ئۈنۈمىنى بىر قېتىمدىلا كۆرىمەن دەپ خام خىيال ئەيلىمەڭ. ئۇ دەرھال ئاغرىق توختىتىدىغان ئاسپىرىن ئەمەس. ئۈنۈم ئاستا - ئاستا يۈز بېرىدۇ. يۈز قېتىملاپ ئۆز چېچىدا قىلىنغان يۇيۇش سىنىقى جەريانىدا ئابدۇۋەلىنىڭ چېچى قاپقارا، قويۇق، تاللىرى توم، ئەۋرىشىملىكى كۈچلۈك، ئاسان تۆكۈلمەيدىغان ئەلا ھالەتكە ئېرىشتى. ئۈنۈم دېگەن مانا مۇشۇ، يەنە قانداق بولسا بولاتتى؟

مەھسۇلات ئەۋرىشكىسى سىناقتىن ئۆتتى. ئەمدى تۈركۈملەپ ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سېلىشى كېرەك. زاۋۇت قۇرۇشقا پۇل قېنى؟ يېڭى مەھسۇلاتنى بازار قوينىغا ئالارمۇ؟ چەت ئەلنىڭ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتلىرى ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالارمۇ؟ سېتىۋالىدىغان خېرىدار چىقارمۇ؟ . . .

بازار بۆرە ۋە يولۋاسقا ئوخشايدۇ. ھەيۋەت ۋە چىرايلىق، ئۇنىڭ يۇمشاق تېرىسىنى سىلاپ بېقىشنى، ئۇنى قۇچاقلاپ ئەركىلىتىشنى كىم خالىمايدۇ؟ بۆرە، يولۋاسقا يېقىنلاشساڭ، ساڭا ئەركىلەپ قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ بېرىشىمۇ، سېنى ھاپ قىلىپ يەۋېتىشىمۇ، تالاپ، ئۇستۇېشىڭنى قان قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. ئالىي مەكتەپلەر خىمىيە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بازاردىكى ئاشۇ مەھسۇلاتلارنى ياسىيالايدىغان تۇرۇقلۇق ئىككىلىنىپ، ئەنسىرەپ يۈرىشىدىكى، ئالدىدا يولۋاس، كەينىدە بۆرە باردەك قورقۇپ توختاپ قېلىشىدىكى سەۋەب شۇ. «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ؟» دەپ بىر نىيەتكە كېلەلمەسلىكىدىكى سەۋەب شۇ. ئەمما بىزنىڭ ئابدۇۋەلى ئۇنداق ئىشلارنى ئويلاپ يۈرمىدى. بەلكى ئۇنىڭ باغرىغا دادىل قەدەم باستى. «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماپتۇ» دېگەن مانا شۇ.

3. بۇركۇت چۇجىسى قانات قاقتى

خەيرلىك سەپەرگە ئاتلانغان ئەزىمەت تۇسقۇنلار ئالدىدا چېكىنەمدۇ؟ داۋانغا دۈچ كەلگەن ئورۇق ئاتتەك قۇشقۇنغا ئولتۇرۇپ كەينىگە داجىمدۇ؟ تاغ - داۋاندىن، تەگسىز جىلغا ۋە كېچىكسىز دەريالاردىن، بىپايان چۆل ۋە ئالۋاستى ماكان تۇتقان جاڭگاللاردىن قورققان كارۋان ئەمەس.

ئابدۇۋەلىنىڭ ئالدىنى بىرىنچى قەدەمدىلا مەبلەغ ئاتلىق داۋان توستى. تاغدەك يۆلەك بولىدىغان ئاتا ئاللىقاچان باقىي ئالەمگە كېتىپ قالغان، مېھرىبان ئانا مىڭ بىر جاپادا يىغىپ، تۆشەپ ئوقۇتتى. ئۇلاردا نەدىمۇ مەبلەغ بولسۇن؟ ئەل قاتارى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئاكىلار، ھەدىلەر ياردەم قىلالارمۇ؟ ئابدۇۋەلى ھەمكارلىشىش نىيىتىگە كەلدى. كىم بىلەن ھەمكارلىشىدۇ؟ ئەلۋەتتە پۇلى بار بايلار بىلەن - دە! ئۇلار مەبلەغ چىقارسۇن، ئابدۇۋەلى تېخنىكا چىقىرىدۇ. دەللال سودىگەرلەر ئارىدىن پايدا ئېلىپ جۇغلىغان مەبلەغ بار. مەبلەغ سېلىشقا ئۇنارمۇ؟ ھەمكارلىششقا قىزىقارمۇ؟ ئابدۇۋەلى ئۇلارنى ئىزدەشكە باشلىدى. ئۆزى ياساپ چىققان ئەۋرىشكە چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى كۆيۈپ - پىشىپ تونۇشتۇردى. پىلانلىرىنى بايان قىلدى. ئۇلار تېخى مەكتەپ پۈتتۈرمىگەن ياش ستۇدېنتنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدىمۇ ياكى ئاران جۇغلىغان پۇللىرىنىڭ بازار ئاتلىق يولۋاسنىڭ قارنىدا يوق بولۇپ كېتىشىدىن قورقتىمۇ؟ رەت قىلىندى. قەرز بېرىشنىمۇ، ھەمكارلىششنىمۇ رەت قىلدى. خېلى داڭلىق مىللىي سانائەتكە كۆڭۈل بۆلىدۇ، دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بىرسىمۇ رەت قىلدى. دەللال دېگەن بەربىر دەللال ئىكەن. باشقىلارغا دەلاللىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى پۇل قىلىپ بېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇلارغا ئۈمىد باغلىغانلىق يىراقتىكى يۇلتۇزنىڭ نۇرىدا ئىسسىنىشنى ئويلىغاندەكلا بىر ئىش ئىكەن. ھەي ئىست...

يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئابدۇۋەلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خوتەنگە قايتىپ كەلدى. ئەمما ئۇنىڭ ئەس - يادى سىيادان، ئوسما، جىگدە يېلىمى، خېنىنى سانائەت مەھسۇلاتىغا ئايلاندۇرۇشتا ئىدى. ئۆزى ئوقۇتقۇچىلىقتا تەقسىم قىلىنغان مەكتەپنىڭ مەسئۇللىرىغا ئۆزىنىڭ سىيادان چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئىشلەپ چىقارغانلىقىنى، مەكتەپ مەبلەغ چىقارسا، تۇركۈملەپ ئىشلەپ چىقىرىپ بازارغا سېلىش توغرىسىدا ئېيتىۋىدى، مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا گويا بىر ئالدامچىغا قارىغاندەك تىكىلىپ قارىدى. دېمىسىمۇ «سۆت ئىچىپ ئاغزى كۆيگەن كىشى قېتىقنىمۇ پۈۋلەپ ئىچەر» دېگەن گەپ بارغۇ. تېخى يېقىندىلا «مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ سوپۇن پاراشوكى ئىشلەپ چىقىرىمەن» دېگەن بىر نوچى مەكتەپنىڭ 200 مىڭ يۈەن پۇلىنى قارا قويغان، ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى. ئەمدى يەنە بىرسى كېلىپ «چاچ سۇيۇقلۇقى ئىشلەپ چىقىرايلى، مەكتەپ مەبلەغ چىقارسۇن» دېسە، يىلان چېقىۋالغان مۇدىر ئارغامچىدىن ئۈركۈمەي قالامدۇ؟ رەت قىلىندى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئىشىك پاكار بولسا ئېگىشىپ مېڭىش كېرەك. «يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇش»، «خالتىغا بېقىپ ئۇن تارتىش» دېگەن ئەنە شۇ. زاۋۇت قۇرغىلى مەبلەغ بولمىسا، ئىپتىدائىي ئۇسۇلدا قولدا ئىشلەش كېرەك. قانچىلىك ئىشلىسەڭ، شۇنچىلىك سېتىپ پۇل تاپقاندا زامانىۋىلاشساڭمۇ بولىدۇغۇ. توخۇمدىن چىقماي تۇرۇپ قانات قېقىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىش، بىر بالداق - بىر بالداقتىن ئۆرلەش لازىم....

ئابدۇۋەلى ئاشۇنداق قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆيۈپ - پىشىشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەممۇ تېپىلدى. بېشىڭغا كۈن چۈشسە، بىرەر نەرسىگە موھتاج بولساڭ ئەڭ ئاۋۋال ئىچ ئاغرىتىدىغىنى، ئەڭ بۇرۇن ياردەم قولىنى سۇنىدىغىنى يەنىلا قېرىنداش. «ئاغرىپ باش ياستۇققا يەتسە ئۆز قېرىنداش ئۆزگىدۇر» دېيىلىدۇ ناخشىلاردا. بولۇپمۇ ئاچا - سىڭىل قېرىنداشلىرىڭ يۇمشاق كۆڭۈل كېلىدۇ. كۆيۈپ - پىشىشلىرىڭغا قاراپ تۇرالمايدۇ. ئابدۇۋەلىنىڭ يۇمشاق كۆڭۈل ھەدىسى تىللاقىز ياردەم قولىنى ئۇزاتتى. يېمەي - كىيمەي يىغقان ئىككى مىڭ يۈەن پۇلىنى قەرز بېرىپ تۇردى. ئابدۇۋەلى يەنە دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئىككى مىڭ يۈەن قەرز ئالدى. ئەمدى تۆت مىڭ يۈەن مەبلەغ بىلەن تەلەي سىناپ بېقىشقا بولاتتى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقتىن مائاش ئېلىۋاتىدۇغۇ. ئەگەر ئىش قاملاشماي، بازار يەكلەپ قالسا، ئۇنچىلىك قەرز دېگەننى تۆلەپ كېتىشكە بولاتتى. ئابدۇۋەلى بىر قازان، بىر چېلەك، بىر نوغۇچ، بىر مەش سېتىۋېلىپ ئىش باشلىدى. ئاكىلىرىمۇ قاراپ تۇرمىدى. ئۆزلىرى ئىشلەيدىغان 7 - ترانسپورت شىركىتىنىڭ بىر تاشلاندۇق مۇنچىسىنى سېخ قىلىش ئۈچۈن ئىجارىگە ئېلىپ بەردى. ئىش باشلاندى. دەسلەپكى مەھسۇلات تەييار بولدى. قاچىلاشقا قۇتا، قۇتا ئۈستىگە ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشلۈك ماركا كېرەك ئىدى. ئەمما ئىچكىرىدىكى ئاشۇ زاۋۇت 1000 دانە قۇتىنى ئىشلەپ يۈرمەيدىكەن. ئەڭ ئاز بولغاندا 20 مىڭ

www.uyghurkitap.com

قۇتا زاكاز قىلىنسا ئاندىن ئىشلەيدىكەن. 20 مىڭ قۇتىنى سېتىۋېلىشقا نەدىمۇ پۇل بولسۇن؟ كۆپ يالۋۇرۇشقا، يېلىنىشقا توغرا كەلدى. ئۇلار ھەر ھالدا چېگرا رايوندىكى كىچىك كارخانىنى قوللىدى. ئۈستىدە «سىيادان» دەپ ئۇيغۇرچە ماركىسى بار مىڭ دانە قۇتا ئاخىر يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» نىڭ تۇنجى چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى «سىيادان» بازارغا سېلىندى. ئۇيغۇرچە «سىيادان» دېگەن ماركىسى، ئۇيغۇرچە چۈشەندۈرۈشلىرى بار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز خام ئەشيالىرىدىن ئىشلەنگەن مىڭ قۇتا «سىيادان» ماركىلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى بازارغا سېلىنىۋىدى، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ! بىر ئايغا قالمايلا ھەممىسى سېتىلىپ بولدى. ئۇيغۇرلارمۇ ئۆزىگە تونۇش خام ئەشيالاردا ئىشلەنگەن، ئۆزىگە ماس كېلىدىغان، ئۆز شارائىتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغىنىنى ئالىدىكەن. ئىزدەپ - سوراپ بەش دۇكان، ئون دۇكان نېرىسىغا بېرىپ سېتىۋالىدىكەن. قەشقەردىن، كۇچادىن، ئۈرۈمچىدىن توپ ئېلىپ - توپ تارقىتىدىغان خېرىدارلار يېتىپ كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى ئىستېمالچى - بىۋاسىتە ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىنكاسىنى ئاڭلاڭ: «سىيادان» ياخشى ئىكەن.

مانا كۆرۈڭ: نەچچە يۈز مىڭ يۈەن، نەچچە مىليون يۈەن بولمىسىمۇ ئىش پۈتتۈرگىلى بولىدىكەنغۇ؟ مەھسۇلاتىڭ ياخشى ۋە ئىشەنچلىك بولسا ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭ، ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدىكەنغۇ؟ نەچچە مىليون مەبلەغ ئۈچۈن قايتا - قايتا دوكلات يېزىپ يۈرۈشلىرىڭ بىھۇدە. ئۇچۇش دېگەن كۈۋرۈكتىن تاقاققا، تاقاقتىن ئۆگزىگە، ئۆگزىدىن پەغەزگە، پەغەزدىن كۆك ئاسمانغا بولىدۇ. كۆك ئاسمانغا چىقىۋېلىپ بىراقلا پەرۋاز قىلماقچى بولغانلار موللاقلاپ، پالاقلاپ يەرگە چۈشىدۇ. قۇرۇق قول ئىش باشلاپ كاتتا ئىگىلىك تىكلىگەن كارخانىچىلار، مىليونېر، مىلياردېرلارغا ئايلانغانلار كۆپىيۇ بۇ دۇنيادا. مانا شۇلارنىڭ بىرسى - كۆز ئالدىمىزدىكى مىسال ئابدۇۋەلى.

قەشقەردىن، ئاقسۇ، كۇچادىن، قۇمۇل، تۇرپاندىن، ئۈرۈمچىدىن، قارامايدىن، غۇلجىدىن مال سېتىۋالىدىغان خېرىدارلار كېلىشكە باشلىۋىدى، ئىشلەپ چىقىرىشنى كېڭەيتكىلى بولمىدى. ئىشلەپ چىقىرىشنى كونا چېلەك، ئىپتىدائىي قازان بىلەن كېڭەيتكىلى بولمايدۇ. يېڭى، زامانىۋى ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش كېرەك. دەسلەپكى سېتىشلاردىن توپلانغان مەبلەغ بار ئىدى. ئۇرۇق - تۇغقانلارمۇ ئەمدى ئابدۇۋەلىنىڭ كارامىتى بارلىقىغا ئىشەنگەنىدى. 40 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، شاڭخەيدىن چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىشلەپ چىقىرىدىغان زامانىۋى ئۈسكۈنە سېتىۋېلىندى. نېمىنى دەيمىز؟ ئاشۇ جەريانلارنىڭ ھەممىنى سۆزلەپ ئوقۇرمەنلەرنى زېرىكتۈرۈشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ كونا مۇنچىدا ئىشلەپ چىقىرىش ئېلىپ بېرىشلارنى، يېڭى - يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىشلارنى، زاۋۇت قۇرۇش ئۈچۈن يەر تەلەپ قىلىپ ماڭغان يوللارنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ۋاقىت ئىسراپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق. غەلىبە شادلىقى، زەپەر تەنتەنىسى تۆكۈلگەن ئىسسىق قانلارنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. نۇرانە مەنزىل چەككەن جاپالارنى ئەستىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ۋىسال دەملىرىدە سېغىنىش پىراقىنى ئەسكە ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. مانا ئالدىمىزدا ئالتە مو قورۇ - جايغا 900 كۋادرات مېتىرلىق ئىشخانا بىنالىرى، ئىسسىتىش بىناسى ۋە ئامبارلارغا، چىرايلىق كۆكەرتىلگەن مەيدانلارغا، يېرىم مىليونلۇق زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە، يېرىم مىليونلۇق ئايلانما مەبلەغقە، بەش خىل تاۋار ماركا ھوقۇقىغا ئىگە «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» خوتەن شەھىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدا «توپچا» دېگەن مەھەللىدە 315 - نومۇرلۇق دۆلەت يولىنىڭ بويىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. نامرات، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ 22 نەپەر ئوغۇل - قىزى ئىشلەپ يۈرۈپتۇ. شىنجاڭنىڭ ئون چوڭ شەھىرىدىكى ئون چوڭ سېتىش نۇقتىسى يۈرۈشۈپ تۇرۇپتۇ. مانا شۇ زاۋۇتنى نەۋقىران يىگىت ئابدۇۋەلى قۇرۇپ چىقتى. يېتەرلىك مەبلىغى، ئوبدانلا پايدىسى، خېلىلا ئىناۋىتى بار، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن، شىنجاڭ تەۋەسىدە ئوبدانلا ئاتىقى بار زاۋۇت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

4. توققۇز يەردە توققۇز مۇشكۈلات

گەپنى دېمەك ئاسان، ئۇنى بەلگىلەنگەن ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەپ يازماقمۇ ئاسان، ئەمما ئەمەلىي ئىش قىلماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس. بىر پۈتۈن كارخانا مېخانىزمىنى يۈرۈشتۈرمەك بولسا تېخىمۇ مۈشكۈل. بۇ ئاچارىيا شۆھنزاڭنىڭ نوم ئەكېلىش يولىدا دۇچ كەلگەن 81 مۈشكۈلاتىدىنمۇ مۈشكۈل.

(1) چاچلارنىڭ ئۆلچىمى يوقلۇقى مۇشكۇلاتى.

ئىنسانىيەتنىڭ چېچى چاچلىق سۈپىتى بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. بۇ خۇددى ئاللا ياراتقان ئادەملەر بىر پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن ئادەمگە ئوخشىغىنىغا ئوخشاشلا ئىش. ئەمما ھەر بىر كونكرېت ئادەم بىر - بىرىگە چىراي - ھۆسنى، ئېگىز - پاكارلىقى، سېمىز - ئورۇقلۇقى، رەڭگى - رۇخسارى، ئاجىز - كۈچلۈكلۈكى نۇقتىسىدىن ئوخشىمىغاندەك، ئادەملەرنىڭ چېچىمۇ يىرىك - يۇمشاقلىقى، توم - ئىنچىكىلىكى، ياغلىششچان ياكى قۇرغاقلىقى، كېپەكلىشىدىغان ياكى پاكىزلىقى نۇقتىسىدىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مانا مۇشۇ ئوخشىماسلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىغا قارىتا ئوخشىمايدىغان تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. بۇ چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئۈچۈنلا ئەمەس، يۈز يۇيۇش سوپۇنى، يۈز مېيى، چىش پاستىسى، تازىلاش سۇيۇقلۇقى ئۈچۈنمۇ ئوخشاش. مەھسۇلاتنى بىر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان قىلىپلا ئىشلىگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولۇپ قالسا كۆپ ساندىكى خېرىدارلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. مانا مۇشۇ ئۆلچەمسىز ۋە ئوخشىمىغان تەلەپ ياش تەتقىقاتچى ئابدۇۋەلىنىڭ كېچە - كۈندۈز سوتكىلاپ تەجرىبىخانىدا ئولتۇرۇشىغا سەۋەب بولدى. خۇرۇچلارنى نەچچە يۈز خىل ئۇسۇلدا تەڭشىدى. قايتا - قايتا تەجرىبە قىلىشنى پەيدا قىلدى. ئۇ ئاشۇ ئوقۇۋاتقان چېغىدا، چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ دەسلەپكى ئەۋرىشكىسىنى ئىشلەپ چىقارغان چاغدا، ئۆزىنىڭ چېچىدىلا سىناق قىلغان ئەمەسمۇ. ئۆزى ياسىغان سۇيۇقلۇق بىلەن ئۆز چېچىنى يۇدۇرۇپ، ساتىراش ئۇستامنىڭ باھا - تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەن ئەمەسمۇ. ئەمما ئەمدى بۇ ئاقماي قالدى. بىر ئادەمنىڭ چاچ ئەھۋالىغىلا ماس كەلگەن بىلەن بولمايدىكەن. كۆپ ساندىكى ئادەمنىڭ چاچ ئەھۋالىغا ماس كېلىشى كېرەك ئىكەن. ئابدۇۋەلى خۇرۇچلارنى ئوخشاش بولمىغان نىسبەتلەردە تەڭشەپ، نەچچە ئون خىل ئەۋرىشكە مەھسۇلات تەييارلىدى. مەلۇم مەكتەپتىن 30 نەپەر ئوقۇغۇچى قىزنىڭ چاچلىرىنى يۇيۇپ، سىناق قىلىپ بېقىشقا تارقىتىپ بەردى. سىناق قىلىپ ئىشلەتكۈچىلەردىن پىكىر ئالدى. پىكىرلەرگە ئاساسەن خۇرۇچلارنىڭ نىسبىتىنى قايتا تەڭشەپ، يەنە ئەۋرىشكە چىقاردى، قايتا سىناق قىلدۇردى. تاكى 30 نەپەر سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتكۈچىنىڭ 20 - 25 نەپىرى ماقۇللىغۇچە قايتا - قايتا تەڭشىدى، قايتا - قايتا تەجرىبە قىلدى، قايتا - قايتا ئەۋرىشكە ئىشلىدى. 30 نەپەر سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەتكۈچىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن ئارتۇقراقى «چېچىمغا ماس كەلدى» دېگەن ئىنكاسنى بىلدۈرگەندە ئاندىن رەسمىي ئىشلەپ چىقىرىشقا، تۈركۈملەپ ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشتى. «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» ئىشلەپ چىقارغان «سىيادان» ماركىلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنىڭ بىرنەچچە خىل ۋە بىرنەچچە خىل باھادا بازارغا سېلىنىشىدىكى سەۋەب مانا مۇشۇ يەردە. ھەر كىم چېچىغا ماس كېلىدىغىنىنى تاللىسۇن. تۇنجى قېتىم «كروران» مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغان ئىستېمالچى، ئۆز چېچىغا ماس كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى قانداق بىلىدۇ؟ قانداق ئايرىيدۇ؟ تەجرىبە ئاستا - ئاستا جۇغلىنىدۇ. كارخانا باشقۇرۇشتا تېخىمۇ شۇنداق. ياش كارخانىچى ئابدۇۋەلى ئىستېمالچىلارنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى تاللىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن 2003 - يىلى 10 - ئايدىن باشلاپ 200 گراملىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى قاچىلانغان رەسمىي مەھسۇلاتقا يۇمشاق سولياۋ خالتىغا قاچىلانغان ئالتە گراملىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى قېتىپ قويدى. ئۇ چاچنى بىر قېتىم يۇيۇشقا ئازادە يېتىدۇ. ئەگەر ئاشۇ ئالتە گراملىقنى ئىشلەتكەندىن كېيىن ئۆز چېچىغا ماس كەلگەنلىكىنى ھېس قىلسا، چوڭ قۇتىدىكى 200 گراملىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى داۋاملىق ئىشلەتسۇن. ماس كەلمىسە، قايتۇرسۇن. ئۇقتۇرۇش قىلىنغان ھەر قايسى سېتىش نۇقتىلىرى پۇلىنى ياندۇرۇپ مەھسۇلاتنى قايتۇرۇۋالىدۇ.

چاچنىڭ ئۆلچەمسىزلىكى ۋە تەلەپنىڭ ئوخشىماسلىقى مۇشكۇلاتى دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ئابدۇۋەلى خۇرۇچلارنى قايتا - قايتا تەڭشەش، قايتا - قايتا تەجرىبە قىلىش، قايتا - قايتا ئەۋرىشكە ئىشلەش، قايتا - قايتا سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ مۇشكۇلاتنى يەڭدى.

(2) ناتوغرا رىقابەت مۇشكۇلاتى.

ئابدۇۋەلى گەرچە ياش بولسىمۇ، ئۇنىڭدا

www.uyghurkitap.com

پەن - تېخنىكا تەتقىقاتچىسىغا خاس بىلىم ۋە ئىجتىهات بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پىششقان كارخانىچىغا خاس ئاڭ ۋە تەپەككۇرمۇ يېتەرلىك. ئۇ ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرىلا ئۆز مەھسۇلاتىنىڭ تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرغان. ماركا ئېڭى يېتەرلىك بولغاچقا بۇنىڭغا سەل قارىمىغانىدى. ئۇ هازىرغىچە «كروران»، «سىيادان»، «ئاق لاله»، «سۇمبۇل» ۋە «جىگدە» دىن ئىبارەت بەش خىل تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇردى. بەش خىل ماركىدا 17 تۈرلۈك مەھسۇلات ئىشلەپ چىقاردى. ناتوغرا رىقابەت «سىيادان» ماركىلىق چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئىشلەپ چىقارغان دەسلەپكى مەزگىللەردە يۈز بەردى. «سىيادان» چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىنى ئەمدىلا بازارغا سېلىنىۋىدى، باشقىلار ئۇنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بىلەن مەھسۇلات ئىشلەپ چىقاردى. يەنە بىر شىركەت بولسا كونا مەھسۇلات قۇتىسىنىڭ ئۇستىگە «يېڭى سىيادان» دېگەن ماركىنى چاپلىۋالدى. ئابدۇۋەلىمۇ بوش كەلمىدى. ماركا هوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن دەۋالاشتى. ئابدۇۋەلى ئۇلارغا ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۈستۈرۈش بىلەن زەربە بېرىپ، «سىيادان» ماركىسىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداپ قالدى.

(3) ساختا مەھسۇلاتلار مۇشكۇلاتى.

ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ رىقابەتلەشكۈچىسى بولىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭمۇ رىقابەتلەشكۈچىسى بولىدۇ. ئۇ - شەيتان. ئاللا ئادەملەرنى هىدايەتكە، دىيانەتكە باشلايدۇ. شەيتان بولسا گۇناھ ياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە ئېزىقتۇرىدۇ. ئاللاغا ئەگەشكىنى جىنىڭ ئادەم، شەيتانغا ئەگەشكىنى ساختا ئادەم. ئادەمنىڭ ساختىسى بولغان يەردە مەھسۇلاتنىڭ ساختىسى بولماي قالامتىمۇ؟ نوپۇس كۆپەيگەن، ئەمما ئادەم ئاز قالغان زاماندا...» دېگەندەك مەزمۇنلاردا يېزىلىدىغۇ ماقالىلەردە. ساختا ئادەم جىنىڭ ئادەمنىڭ دۈشمىنى بولغاندەك، ساختا مەھسۇلات جىنىڭ مەھسۇلاتنىڭ دۈشمىنى. ساختا ئادەم جىنىڭ ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرگەندەك، ساختا مەھسۇلاتمۇ جىنىڭ مەھسۇلاتنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرىدۇ. «سىيادان» نىڭ ساختىسى 2000 - يىلى پەيدا بولدى. بۇ تېخى «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» قۇرۇلغىنىغا بىر يىلمۇ بولمىغان، مەھسۇلاتلىرى ئەمدىلا بازارنى قاپلاۋاتقان چاغ ئىدى. قەشقەردىكى ماگىزىنلاردا قۇتىسى، ماركىسى «كروران» نىڭكىگە ئوپمۇئوخشاش، ئەمما ئىچىدىكى چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ئىنتايىن ناچار بولغان مەھسۇلات پەيدا بولدى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، بۇنى پايدا ئېلىش ئۈچۈن ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىشتىن يانمايدىغان دەللال سودىگەرلەر پەيدا قىپتۇ. ئۇلار «سىيادان» ماركىلىق چاچ سۇيۇقلۇقىنىڭ ماركىسى ۋە قۇتىسىنى ئىچكىرىدىكى ساختا مەھسۇلات ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتلارغا ئەۋەتىپ، شۇ ماركىدىكى ئەرزان مەھسۇلاتنى زاكاز قىپتۇ. زەربىدارلىق بىلەن ئەكەلدۇرۇپ بازارغا سېپتۇ. ئىككى - ئۈچ يۈەنگە تەييار بولىدىغان ساختا «سىيادان» نى «كروران» نىڭ جىنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا ئوخشاشلا 14 يۈەندىن سېتىپتۇ. «كروران» نىڭ «كارخانا ئۆلچىمى» مۇ شۇنداق. ئۇنىڭغا ئۇيغۇر تېبابەت ئىلمى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن يەرلىك خۇرۇچلار تولۇق ۋە ئەڭ مۇۋاپىق نىسبەتتە ئىشلىتىلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئورۇنباسار خۇرۇچلارنى ئىشلىتىشمۇ قاتتىق چەكلەنگەن. ئابدۇۋەلى ساختا «سىيادان» نى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئانالىز قىلدى. مەلۇم بولدىكى، ئۇنىڭغا جىگدە يېلىمى، خېنە قاتارلىق خۇرۇچلار ئەسلا قېتىلمىغان، خۇرۇچ نىسبەتلىرىمۇ قالايمىقان ئىدى. ئاشۇ ساختا مەھسۇلاتنى سېتىۋالغان كىشىلەرنىڭ باهالىرىنى تىلغا ئېلىشقىمۇ نومۇس قىلاتتى كىشى. «سىيادانىنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتتى يەي»، «سىيادانمۇ ئىككى - تۆت كۈندە بۇزۇلدى يەي»، «ئىچكىرىگە بۇيرۇتۇپ ياسانتۇرۇلغان ساختا مەھسۇلات ئىكەن»، «مىللىي تېبابەتنىڭ، ئەنئەنىۋى خۇرۇچلارنىڭ نامىنى سۇيىئىستىمال قىپتۇ يەي»... دېگەندەك سۆزلەر ساماندەك تولا ئىدى. بۇ تولىمۇ نومۇس قىلارلىق گەپلەر ئىدى. ئابدۇۋەلى ئەمدى «كروران» نىڭ ئىناۋىتىنى قوغداشقا ئاتلاندى. ئىستېمالچىلار جەمئىيەتلىرىنى، بازار باشقۇرۇش ئورگانلىرىنى ياردەمگە چاقىردى. ساختا «سىيادان» يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلدى، زەربە بېرىلدى. ئەمما ساختا مەھسۇلاتنى كۆيدۈرگىلى بولغان بىلەن ساختا مەھسۇلات بۇيرۇتقۇچى، ساختا مەھسۇلات ئىشلىگۈچى ساختا ئادەملەرنى تۈتۈپ بولغىلى بولمايدىكەن.

ئۇلار قىلىقلىرىنى توختاتمىدى. «كروران»

مەھسۇلاتنىڭ ساختىسى يەنە پات - پات پەيدا بولۇپ تۇردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھازىرغىچە تۆت خىل ساختا «سىيادان» بازارغا كىردى. «سۇمبۇل» ، «ئاق لالە» نىڭمۇ كىردى. ئابدۇۋەلى دائىم ھوشيار بولۇپ تۇرمىسا بولمايتتى. ساختا مەھسۇلاتلارنى بايقاش، پاش قىلىش، زەربە بېرىش ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنىڭ يەنە بىرىگە ئايلاندى. ناھايىتى ئەپسۇس، ساختا «سىيادان» قۇيرۇقىنى خادا قىلغان بىلەن، ساختا «ئاق لالە» ، ساختا «سۇمبۇل» پەيدا بولماسمۇ؟ ساختا ئادەملەر توۋا قىلىپ دىيانەتلىك ئادەمگە ئايلىنارمۇ؟ مۇمكىنچىلىك بەك ئاز. قارىغاندا، بۇ مۇشكۇلات «كروران» ۋە ئابدۇۋەلىگە دائىم ۋە پات - پات دوقۇراپ تۇرىدىغان مۇشكۇلات ئوخشايدۇ.

بۇ يەردە ساختا مەھسۇلات نېمىشقا تەرەققىي تاپقان ئەللەردە يوق دېيەرلىك، بىزنىڭ جۇڭگودا بولسا شۇنچە كۆپ؟ دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئاز، شىنجاڭدا كۆپ؟ دېگەن مەسىلە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدۇ. بۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئامىللار بەك جىق بولۇشى مۇمكىن. لېكىن تۈپ ئاساستىن ئېيتقاندا پەقەت ئىككىلا. بىرى مەنىۋى ئامىل. يەنى، ئىنسانىي ئەخلاق مەسىلىسى. كېيىنكى چاغلاردا ئەنئەنىۋى ئەخلاق مەنسىتىلمىدى. لېكىن زامانىۋى ئەخلاق تۇرغۇزۇشمۇ ئىشقا ئاشمىدى. ئىدىيە - ئەخلاق مەسىلىسىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە نە يارانقۇچىدىن، نە ئەل - جامائەتتىن، نە قانۇن - تۈزۈمدىن تەپ تارتمايدىغان، نەپ دېسە ئاتا - ئانىسىنىمۇ ئالدايدىغان بىر تۈركۈم ئەخلاقسىز، دىيانەتسىز، ئىنساپسىز كاززاپلار پەيدا بولدى. بۇ ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلىمىزدە كۆپ پەيدا بولۇشىدىكى تۈپ ئامىل. شىنجاڭ رايونىدا دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا قارىغاندا كۆپ سېتىلىشىدىكى سەۋەب، ماددىي ئامىلغا يەنى ئىقتىسادىي ئامىلغا چېتىلىدۇ. خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەن. ساختا مەھسۇلاتقا قارىغاندا جىڭ مەھسۇلاتنىڭ باھاسى يۇقىرى بولغانلىقتىن ئىستېمالچى 14 يۈەنلىك مەھسۇلاتنى ئەمەس، سەككىز يۈەنلىكنى سېتىۋالىدۇ. مانا بۇ شىنجاڭ رايونىدا ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپرەك بازار تېپىشىدىكى تۈپ سەۋەب. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ ساختا مەھسۇلاتنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، جىڭ مەھسۇلات بىلەن ساختا مەھسۇلاتنىڭ ئۇنۇمىگە بولغان تونۇشى، دەللال سودىگەرلەرنىڭ ئىنسابى قاتارلىق ئامىللار بار. كېيىنكى بۇ ئامىللارغا قارىتا ئۇمىدۋار پوزىتسىيىدە بولۇشقا، ئىستېمالچىلارنىڭ راست - يالغاننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ئۆسكەندە ساختا مەھسۇلاتلارنى قۇيرۇقىنى قىسىپ، چىققان يېرىگە كېتىدۇ، دەپ قاراشقا بولمىسىمۇ، ئەمما بۇ مىللىي كارخانىچىلارنى يەنە ئۇزۇن مەزگىل قىينايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ساختا مەھسۇلاتلارنىڭ ھۇجۇمى ئۇلارنى زىيان تارتىشقا ھەتتا ۋەيران بولۇشقا ئېلىپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇ دائىم ھوشيار بولۇشقا تېگىشلىك مەسىلە.

(4) «ئۆيدىكى توپاق ئۆي بولماس» مۇشكۇلاتى

گىرىم بۇيۇملىرى سانائىتى دۇنيادا ئىنتايىن زور تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئارقىسىغا تاشلىغان ساھە بولۇپ، يۇقىرى تېخنىكا، زور مەبلەغ، زور كۆلەملەرگە ئىگە بولغان، مەھسۇلاتلىرى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىغان كارخانىلار ۋە شۇ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا كىرگۈزۈشى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىغا مەھسۇلاتلىرىنى يەتكۈچە تۆكمە قىلىپ سېتىۋاتقان جەنۇبىي دېڭىز رايونلىرى كارخانىلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. مۇشۇ خىل شارائىتتا بازاردا كروران مەھسۇلاتلىرىنىڭ بۆسۈپ كىرىپ ئۆز ئورنىنى تىكلىشى ئاسانغا توختىمىدى. شىنجاڭنىڭ قۇرغاق، سوغۇق شامال - بورانلىق تەبىئىي شارائىتىغا، ئاھالىلەرنىڭ جىسمانىي ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىشتەك بۇ ئەۋزەللىكنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئابدۇۋەلىنىڭ بىردىنبىر كوزىرى. لېكىن ئارقىمىزدا ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ كارخانىلارنىڭ تىرىشچانلىقىغا، نەتىجىسىگە ئىشەنمەيدىغان، سىرتىغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان خاھىشى ئېغىر. مۇشۇ خىل كۆز قاراشلارنىڭ ئىستېمالچىلاردا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇشى ئالدىدا ئابدۇۋەلى باش ئېگىپ قالمىدى.

«كروران» ۋە ئابدۇۋەلى پىسخىكىمىزدىكى ئاشۇنداق «ئۆيدىكى توپاق ئۆي بولماس» لىق، ئۆز مەھسۇلاتلىرىمىزنى تۆۋەن كۆرۈش قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن مەھسۇلات تەشۋىقاتىنى ئىزچىل ياخشى ئىشلىدى. مەھسۇلاتنى ئوراپ قاچىلاش سەۋىيىسىنى ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزدى. نەچچە مىڭ پارچە، نەچچە ئون مىڭ پارچە رەسىملىك مەھسۇلات چۈشەندۈرۈش ئېلان ۋەرەقىلىرىنى ئىشلىتىپ تارقاتتى. ھەر

يىلى يۈز مىڭ يۈەن خەجلەپ ئىشلان فىلىملىرىنى ئىشلەتتى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ تارقىتىش ھەققى ئۇچۇن ھەر يىلى ئۇچ يۈز مىڭ يۈەندىن ھەق تۆلىدى. ئۆز مەھسۇلاتلىرىمىزنى ھەممە كىشىگە بىلدۈرۈشكە تىرىشتى. بۇلارنىڭ ئۈنۈمى ھەر ھالدا ياخشى بولدى. ئارىمىزدىكى چەت ئەلنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىغا چوقۇنىدىغانلار پەيدا قىلغان بۇ مۇشكۇلاتنى يەڭگەنلىكنىڭ ئىپادىسى شۇكى، «كروران» داۋاملىق زەپەر مەنزىلىگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. كۇنسايىن روناق تاپماقتا.

(5) ئورۇن سېتىۋېلىش مۇشكۇلاتى.

ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئابدۇۋەلى «كروران گىرىم بۇيۇملىرى زاۋۇتى» نى قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىككى ئىشقا يېتىشەلمەي قالدى. ئوقۇتقۇچىلىق دېگەن تولىمۇ ئالدىراش ۋە جاپالىق ئىش. زاۋۇت باشقۇرۇشمۇ شۇنداق. بىر ئادەم بىر ياقتىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، يەنە بىر ياقتىن زاۋۇت باشقۇرۇشقا، تېخنىك بولۇشقا، مال ساتقۇچى بولۇشقا قانداقمۇ يېتىشەلىسۇن؟ ئۇ مەكتەپتىن رۇخسەت سورىدى. مەكتەپمۇ رۇخسەت بەردى. بۇ ئوبدان بولغانىدى. ئەمما ئىككىنچى يىلى مەكتەپ تەرەپ ئابدۇۋەلىنىڭ ئىشقا چۈشۈشىنى ئۇقتۇردى. بۇ «كروران» راسا روناق تېپىۋاتقان چاغ ئىدى. ئابدۇۋەلى ئىشقا چۈشسە زاۋۇت توختاپ قالاتتى. ئابدۇۋەلى شتاتنى ساقلاپ بېرىش ۋاقتىنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، مەكتەپ قوشۇلمىدى. ھەتتا ئابدۇۋەلى شتات ساقلاپ بېرىش ھەققىنى كۆپەيتىپ تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسىمۇ ئۇنىمىدى. مەكتەپ بىلەن بىرلىشىپ زاۋۇت بىناسى سېلىشنى، بىرلىكتە باشقۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىۋىدى، بۇمۇ رەت قىلىندى. ئابدۇۋەلى يا زاۋۇتقا تۇرۇشى، يا شتاتنى تاللىشى كېرەك ئىدى. ئوتتۇرىدىكى يول رەت قىلىندى. ئابدۇۋەلى ئاران ئېرىشكەن تۆمۈر تاۋاقتىن ـ شتاتتىن ۋاز كەچتى. شتاتسىزلىق ئېلىمىزدە تالاي نەرسىلەردىن ھەتتا ئىستىقبالىدىن مەھرۇم بولۇش مەنىسىگە ئىگە. ئەمما ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋردە ئۇنچىۋالا بولۇپمۇ كەتمەيدىكەن. يېڭى دەۋردە ئىستىقبال دېگەنمۇ يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بوپتۇ. ئابدۇۋەلى شتاتتىن ئايرىلىپ قالغان بىلەن زاۋۇتقا ئىگە بولدى. خوجايىنغا ئايلاندى. بۇرۇنقى زاماندىكى مىللىي بۇرژۇئازىيىگە تەڭداش مال ـ مۇلۈككە ئىگە بولدى. بۇنى قانداقمۇ تالاي نەرسىلەردىن مەھرۇم بولۇش دېگىلى بولسۇن؟ مەركەز خۇسۇسىي ئىگىلىكنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسى دەپ ئېتىراپ قىلغان، ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەھۋالدىمۇ، بەزى كاللىسى 60 ـ يىللارنىڭ ئەندىزىسى بىلەن توشۇپ كەتكەن كىشىلەر خۇسۇسىي ئىگىلىككە، خۇسۇسىي كارخانىلارغا بولغان يەكلەش خاھىشىنى ئۆزگەرتكىنى يوق. مانا بۇ خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ يولىدا دائىم قىزىل چىراغ يېنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. «كروران» بۇ خىل «تەتۈر قىيناش» نىڭ دەردىنى ئاز تارتقىنى يوق. كارخانا قۇرۇش ئۇچۇن يەر سېتىۋالىدىغان چاغدا تارتتى. 30 مىڭ يۈەنگە، 40 مىڭ يۈەنگە ئالغىلى بولىدىغان بىر مو يەرنى 50 مىڭ يۈەندىن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. بىر يىلدىن ئارتۇق يول ماڭدى. تالاي دەرۋازا، تالاي ئىشىكلەرگە دوقۇرىدى. ھېلىمۇ تەلەيگە «توپچا» مەھەللە كومىتېتى قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىكەن. شەھەر باشلىقى يەر سېتىپ قەرز تۆلەشكە بۇيرۇپتۇ. بولمىسا ئۇچ مو يەرنى قانداق ئالاتتى؟ قانچىلىك يول ماڭاتتى؟ باشقا 3000 مو يەرنى ۋالىي تەستىقلىغان ھالەتتىمۇ، ئىش بېجىرگۇچىلەر نېمىشقا ئارقىغا تارتىدۇ؟ «ئەتە... ئەتە...»، «مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى» دېيىشلەر «تەتۈر قىيناش» ئەمەسمۇ؟ «كروران» ۋە ئابدۇۋەلى ئاشۇ «تەتۈر قىيناش» لار نەتىجىسىدە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى ئالىدىغان چاغدا قىينالدى. مەركەزنىڭ نامرات رايونلاردىكى كارخانىلاردىن باج ۋە سۇپەت ھەققىنى كېمەيتىپ ئېلىش سىياستى بار تۇرۇقلۇق يەنە ئاشۇرۇپ تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۆلچەم باشقۇرۇش تارماقلىرىغىمۇ تۆلىمىسىمۇ بولىدىغان ھەقلەرنى تۆلىدى. سەھىيە تەكشۈرۈشلەرنى، ئامانلىق ساقلاش ھەقلىرىنى يەنە تالاي ئورگانلارنىڭ قەدەم تەشرىپلىرىنى ئاۋارىگەرچىلىك كەلتۈرمىدى دەپ ھېچكىم ئېيتالمايدۇ...

يەنە نېمىسىنى دەيمىز؟ «تەتۈر قىيناش» لارغا دۇچار بولىدىغىنى «كروران» ۋە ئابدۇۋەلىلا ئەمەسقۇ. خۇسۇسىي كارخانىلار ساھەسىلا ئەمەسقۇ. ھەممە يەردە «تەتۈر قىيناش» لار بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ كىشىلەر چىداپ كېلىۋاتىدۇ. «كروران» بىلەن ئابدۇۋەلىمۇ

چىدىسۇن! سۇرۇشتۇرسەك، «كروران» لىكلەر بىر قېتىممۇ پارا بېرىپ باقماپتۇ. ھېچ يەردە ھېچكىمگە پارا بەرمەپتۇ. پارا بەرمەي تۇرۇپ شۇنچىۋالا رەسمىيەتلەرنى، يەرلەرنى، ئىشلارنى ھەل قىپتۇ. بۇ ئوڭاي ئەمەس. قارىغاندا، «تەتۈر قىيناش» لار توغرىسىدا بەكلا ۋايساپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك قىلىدۇ. پارا بەرمەي تۇرۇپ سۇنۇۋۇكۇڭ باشلىغان ئاچارىيا شۆەنزاڭنىڭ نوم ئەكېلىش ئەترىتى مۇشكۇلاتلارنى يېڭىپ ساكلار يۇرتىغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندەك ئالغا باسقانىكەن. ئۇلار دۇچ كەلگەن مۇشكۇلاتلارنىڭمۇ كارى چاغلىقتەك قىلىدۇ...

(6) ھەسەتخورلۇق مۇشكۇلاتى.

(7) تەشۋىقات ۋە ئېلان مۇشكۇلاتى.

(8) داۋاملىق تەرەققىي قىلىش ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار ئۈتكىلى مۇشكۇلاتى.

(9) سېتىش يوللىرى ۋە شىنجاڭ رايونىدىن ھالقىپ چىقىش مۇشكۇلاتى.

(10) تەننەرخ ۋە باھا رىقابىتى مۇشكۇلاتى.

(11) ئىختىساسلىقلارغا ئېرىشىش ۋە مەلىكىلىك ئىشچىلارنى تەربىيىلەش مۇشكۇلاتى.

(12) ......

ئەگەر بىز راستىنلا «كروران» ۋە ئابدۇۋەلى دۇچ كەلگەن مۇشكۇلاتلارنى بىرنى قالدۇرماي ساناشقا چۈشىدىغان بولساق، خۇددى سۇنۇۋۇكۇڭ ۋە شۆەنزاڭ دۇچ كەلگەندەك توققۇز يەردە توققۇز = سەكسەن بىر مۇشكۇلاتنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما بۇنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟ ناھايىتى، مەسىلە پەقەت بىر. خۇلاسە، يەكۈنمۇ بىر. «كروران» قايتىماس كارۋاندەك مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. زاۋۇت تۆت ياشقا توشۇپ قىرانلىق مەزگىلىگە قەدەم قويدى. ئۇنىڭ كېيىنكى يولى ئۇزۇن ۋە پارلاق. تىلىكىمىز شۇكى، ئۇ بۇنىڭدى كېيىن دۇچ كېلىدىغان مۇشكۇلاتلار ئازراق بولغاي! مۇشكۇلاتلار تۇپلىشىپ «كروران» نىڭ كۆز يېشىنى ئۇلغايتىۋەتمىگەي!

5. «كروران» گە كۆز تەگمىسۇن

بۇ باب خۇلاسە. ئالىي مەكتەپنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن، يېشى 30غا يەتمىگەن بىر ئوغلان 4000 يۈەن بىلەن ئىش باشلاپ تۆت يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە «كروران گىرىم بويۇملىرى زاۋۇتى» دىن ئىبارەت مۇكەممەل ھۈنەر سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى، سېتىش سىستېمىسىغا ئىگە كارخانىنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ ئەلۋەتتە ئاپىرىن، ھەشقاللا ئېيتىشقا تېگىشلىك ئىش. «كروران» نىڭ كۈندىلىك، ئايلىق، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى قانچە؟ تۆت يىلدا قانچىلىك پۇل تاپتى؟ يېڭى مەھسۇلاتلار پىلانى قانداق؟ بۇ مەسىلىلەر مەخپىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن. رىقابەت دەۋرىدە ھەر بىر كارخانا ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئوبدان ساقلىمىسا، ئۇنى ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىغان تەييارغا ھەييارلار قەدەمدە بىر تېپىلىپ تۇرىدۇ. باشقا ئاۋارىگەرچىلىكلەرمۇ يۈز بېرىدۇ. شۇڭا مەخپىيەتلىكنى ساقلاش كېرەك. ئەمما بىز ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر يىلدىلا مەلۇم بىر باش سېتىش ئورۇنسىدىكى ۋاكالەتچىنى 97 مىڭ يۈەنلىك ئېبىسىل پىكاپ بىلەن مۇكاپاتلىغانلىقى، ھەر يىلى ئېلان - تەشۋىقات ئۈچۈنلا يېرىم مىليوندەك پۇل سەرپ قىلىدىغانلىقى، ئىشچىلىرىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ خېلىلا يۇقىرىلىقى (بەش يۈز يۈەندىن ئارتۇق ئىكەن)، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ تامامەن ئاپتوماتلاشقانلىقى، ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئېسىللىقى، ئىشخانىلىرىنىڭ ئالىي دەرىجىدە بېزەلگەنلىكى، تۆت يىلدا دۆلەتكە 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق باج تۆلىگەنلىكى .... قاتارلىقلارغا قاراپلا، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى ۋە تاپقان پايدىسىنىمۇ مۆلچەرلىيەلەيمىز. 4000 يۈەن بىلەن ئىش باشلاپ بىر يېرىم مىليونلۇق مۈقىم مۈلۈككە، يېرىم مىليونلۇق ئايلانما مەبلەغكە ئىگە بولۇش ئاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان ئىش ئەمەس. «كروران» باھا قوغلاشمىغان، مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىدىن كۆپ ئارتۇق قىلمىغان ئەھۋالدا خېلى ئوبدان ئىقتىسادىي قىممەت ياراتقانىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى خېلىلا كۆپ بولغان بولىدۇ. بىز «كروران» نى پالانى نامراتقا ئۇنداق ياردەم قىلدى، پوكۇنى مەكتەپكە ئۇنداق ئىئانە قىلدى دېگەن داۋراڭلىرىمىز بىلەن ئابدۇۋەلىنىڭ ساخاۋەت يولىدا تاپقان ساۋابىنى يوققا چىقىرىشنى خالىمايمىز. ئەمما «ساخاۋەت قانچە مەخپىي بولسا شۇنچە ياخشى. ئەگەر ھەممە يەردە سۆزلىنىپ يۈرسە، ئۇ مىننەتكە ئايلىنىدۇكى، ساۋابى يوقىلىپلا قالماستىن ئەكسىچە گۇناھقا سەۋەب بولىدۇ». بۇ ئانىسىنىڭ ئابدۇۋەلىگە قىلغان نەسىھىتى. ئابدۇۋەلى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: چاچ يۇيۇش سۇيۇقلۇقىغا قوشۇلىدىغان بىر خىل خۇرۇچنىڭ

www.uyghurkitap.com

بازاردا ھەر كىلوگرامى ئىككى مىڭ يۈەنلىكلىرىمۇ، بىر يۈز يىگىرمە يۈەنلىكلىرىمۇ بار ئىكەن. روشەنكى، ئادەمگە قىممەتتى جىڭ، ئەرزىنى ساختا مال تەسىراتى بېرىدۇ. ئابدۇۋەلى ئۆز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىناۋىتى نۇقتىسىدىن قىممەترەك بولسىمۇ جىڭ مال تەسىراتى بېرىدىغان خۇرۇچنى ئىشلىتىش تەرەپدارى ئىكەن. ئاكىلىرى بولسا ئىنساپ ۋە دىيانەت نۇقتىسىدىن چوقۇم جىڭ خۇرۇچنى ئىشلىتىشنى تاپىلاپ تۇرىدىكەن. ئورۇنباسار خۇرۇچلارنى ئەمەس، چوقۇم ئەسلى خۇرۇچنى ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن. . . يۇقىرىقىلاردىن بىز ئابدۇۋەلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قەلبىدىكى پاكىزلىقنىلا ئەمەس، بەلكى «كروران» مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىزچىل ئىناۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتقا سەۋەب بولغان روھىي ئىچكى ئامىللارنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز. باشتىكى گېپىمىزگە كەلسەك، قەلبىدە پاكىزلىق ھۆكۈم سۈرگەن ئائىلە ساخاۋەتنى دائىم ئۆزىگە ھەمراھ قىلىدۇ. بۇ ھەممە يەردە سۆزلەپ، داۋراڭ سېلىپ يۈرۈش بىلەن مۇناسىۋەتسىز. يۇقىرىدا «كروران» ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇۋەلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. ئەسلى مەقسەتمۇ ئۆز كارخانىلىرىمىز ۋە ئۆز كارخانىچىلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇش. كۆپچىلىككە بىلدۈرۈش ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. ۋاھالەنكى، سۆز تاللاشتا چولتىلىقىمىز سەۋەبلىك ئوقۇرمەنلەردە ماختىغاندەك، كۆپتۈرگەندەك تەسىرات قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ئوقۇرمەنلەر كەچۈرگەي ۋە ماختاش ئىبارىلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، «كروران»غا بولغان تونۇشىنىلا ساقلاپ قالغاي. «ئايىنىڭمۇ دېغى بار». «كروران» تېخى مۇكەممەللىشىپ، تاكامۇللىشىپ قىرانىغا يېتىپ بولغىنى يوق. بىز زىيارىتىمىز جەريانىدا ئابدۇۋەلىنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىدۇقكى، «كروران» زامانىۋى كارخانىلارنىڭ قاتتىق شەرت (زاۋۇت كۆلىمى، ئۈسكۈنىلەر ئەلالىقى، تېخنىكا، ھۈنەر - سەنئەت قاتارلىق ئوبيېكتىپ شەرت)لىرىدە بىر قەدەر مۇكەممەللىككە ئىگە بولغان بولساقمۇ، لېكىن يۇمشاق شەرت (خادىملار تەربىيىلىنىشى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى، تېخنىكا يېڭىلاش ئىزچىللىقى قاتارلىق سۇبيېكتىپ شەرت)لىرىدە خېلىلا كەينىدە ئىكەن. 22 نەپەر ئىشچى ئىچىدە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن ئىشچىدىن بىرسىمۇ يوق ئىكەن. ئۇلار پەقەت تۆت يىللىق ئەمەلىيەت جەريانىدا ئاستا - ئاستا مەشغۇلات تەرتىپلىرىنى ئىگىلەپ كەپتۇ. زاۋۇت باشلىقىمۇ، باش تېخنىكىمۇ، لابىرانتىمۇ، خام ئەشيا سېتىۋالغۇچىمۇ، تەييار مەھسۇلاتنى سېتىش نۇقتىسىغا ماڭدۇرغۇچىمۇ ئابدۇۋەلى ئىكەن. بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچىمۇ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىنكاسىنى خۇلاسىلىگۈچىمۇ ئابدۇۋەلى ئىكەن. . . بىز پاراڭلىشىپ، ئابدۇۋەلى كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتسە، يېڭى تېخنىكا، ھۈنەر ئۈگەنگىلى كۇرسلارغا بارماقچى بولسا ۋە ياكى تاسادىپىي ئاغرىپ يېتىپ قالسا، زاۋۇت ئىشلىرى نېمە بولىدۇ؟ بىز زاۋۇتتا بىرمۇ كومپيۇتېر كۆرمىدۇق. ئابدۇۋەلىنىڭ ھەدىسى كاسسىر ئىكەن. ئاكىلىرى ياردەملىشىۋېتىپتۇ. بۇ ئەھۋال ئادەمدە ناتۇرال ئائىلە ئىگىلىكى تەسىراتى پەيدا قىلماي قالارمۇ؟ . . . . بۇلارنى ئابدۇۋەلىمۇ ھېس قىپتۇ. زاۋۇت باشلىقى، سېتىش خادىمى، بازار ئەھۋالىنى تەكشۈرگۈچى، كومپيۇتېردا ماركا، ئېلان لايىھىلىگۈچى . . . دېگەندەك ئىختىساسلىق خادىملارنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. مەقسىتى: تەجرىبىلىك، پىششىقان خادىملارنى قوبۇل قىلىش ئىكەن. بىلىش كېرەككى، ئابدۇۋەلىگە تەجرىبىلىك، پىششىقان خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان مەكتەپ يوق. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچى ئىش كۈتۈپ تۇرۇپتۇغۇ؟ ئاشۇلاردىن قوبۇل قىلىش، ئاستا - ئاستا يېتىشتۈرۈش، پىشۇرۇش، تەجرىبىگە ئىگە قىلىش كېرەك. كۆرگەن كىتاب، ماتېرىياللىرىمىزدىن قارىغاندا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەرنىڭ، داڭلىق كارخانىلارنىڭ تۇتقان يولىمۇ شۇ. سەن ئۆزۈڭ يېتىشتۈرمىسەڭ، ئىختىساسلىق خادىمنى باشقىلار يېتىشتۈرۈپ بەرمەيدۇ . . .

قايسىدۇر بىر ماتېرىيالدىن 20 ياشتا ساغلام بولالمىساڭ، 30 ياشتا دۇنيا قاراش تۇرغۇزالمىساڭ، 40 ياشتا باي بولالمىساڭ، 50 ياشتا ئەقىل تاپالمىساڭ، 60 ياشتا ئارىپ (ئويغاق)لىق ماقامىغا يېتەلمىسەڭ دۇنيادىن قۇرۇق قول يانغان بولىسەن، دېگەن گەپلەرنى ئوقۇغانلىقىم يادىمدا. قارىغاندا، ئابدۇۋەلى 30 ياشقا بارماي تۇرۇپلا ئالدىنقى ئۈچ نۇسرەتكە ئېرىشكەندەك قىلىدۇ. كېيىنكى ئىككى نۇسرەتمۇ ئۇنىڭغا نېسىپ بولغاي، «كروران» ۋە ئابدۇۋەلىگە كۆز تەگمىسۇن!



# قەشقەر بازارلىرى...

لىيۇ شۇجى
داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى

يېقىنقى يىللاردا خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن بەزى بازارلاردا ئېكسكۇرسىيە ۋە تەكشۈرۈشلەردە بولدۇم. بىرمۇنچە ئوقەتچى - تىجارەتچىلەر بىلەن ئۇچراشتىم، پاراڭلاشتىم. مەن بارغان ئۇ بازارلار ھەقىقەتەن ئاجايىپ چوڭ، كۆركەم، ھەيۋەتلىك ۋە سالتەنەتلىك ئىدى.

ئۇنداق خىيال قىلىپ باقتىم، بۇنداق خىيال قىلىپمۇ باقتىم. ھەرقانداق قىلسامۇ، بۇ بازارلار ۋە ئۇلاردىكى قاينام - تاشقىنلىق زادى ئاشۇ ئاددىي ئادەملەرنىڭ چېۋەر قوللىرى ئارقىلىق بىنا بولغاندەكلا بىلىندى. چىن كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتسام، يەنىلا شۇ شىنجاڭ بازارلىرىغا، جۈملىدىن قەشقەر بازارلىرىغا مەيلىم چۈشۈپ قالغاندەكلا، قانچىلىك ئاربىلىسامۇ، قانچىلىك تەرىپلىسەممۇ ئازلىق قىلىۋاتىدۇ.

جەزبىدار غەربىي دىيار بازارلىرىنىڭ كىشىنى مەھلىيا قىلغۇدەك ئۆزگىچە خىسلىتى گويا نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن، ئىنتايىن قىممەتلىك ئىجتىمائىي ھەقىقەت يوشۇرۇنغان ئىجتىمائىي دەستۇرنىڭ ئۆزى. ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن ئىقتىسادىي ۋەقەلەرنى، پانىي ئالەمنىڭ بارلىق قايغۇ - ئەلەملىرى ۋە شادلىق - خۇشاللىقلىرىنى ئاپىرىدە قىلغان ھەم مېھرىگىنى ئۆزەلمەس قىلىۋەتكەن، ھەم نېمە ئۈچۈن ھېرىسمەنلىكىگىنى ئۆزۈڭمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان، ئالەمدىكى ئاجايىباتلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، خىسلەتكە باي پۈتمەس - تۈگىمەس بىر تارىخىي ئېقىن!

قەشقەر بازارلىرى يېشىش - چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن مۇشكۇل بىر تېپىشماق. جەمئىيەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئائىت تۈرلۈك مول بىلىملەر كۆرگەزمە، كۆرەك قىلىنىدىغان كاتتا مۇراسىم. ئۇنى كۆرەلەيسەنۇ، تېگىگە يېتەلمەيسەن. ئۇ ساڭا گويا سايىدەكلا ھەمراھ، ئەمما تۇرۇپ ساڭا يېقىنلىشىۋاتقاندەك، تۇرۇپ سەندىن يىراقلىشىۋاتقاندەك، سېنى ئۇمۇرۋايەت گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. مانا بۇ - قەشقەر. قەشقەر ئەنە شۇنداق سىرلىق ماكان. بازار - قەشقەرنىڭ روھى. قەشقەر بازارلىرىنى چۈشەنگىنىڭ قەشقەرنى چۈشەنگىنىڭدۇر.

قەشقەر بازارلىرىنىڭ چۈشىنىشسىزلىكىنى ھازىرچە بىر ياققا قويۇپ تۇراي.

شىنجاڭلىقلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭغا يەنىمۇ يېقىنلىشاي، چۈشەنگىنىمچە چۈشىنىپ تۇراي. ھېچقانچە بىر چۈشەنچىگە ئېرىشەلمىسەممۇ بوپتۇ. «بازار پادىشاھلىقى» دىن ئىبارەت بۇ قەشقەردە ئايلىنىپ تاماشا قىلىۋالغىنىم قالار.

## 1

تارىخنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە توغرا كېلىپ قالدى.

پارس تارىخلىرىدا خاتىرىلىنىشىچە، سوغدىلار (ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان قەدىمىي مىللەت) بەش يېشىدا ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشنى، يەتتە يېشىدا مەلۇم بىر ھۈنەرنى

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىپ بولىدىكەن. ھەرقانداق كىشى سودا قىلالايدىكەن. سوغدىلار تاڭ دەۋرىدىلا ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن چاڭئەن شەھىرىگىچە بولغان رايونلاردىكى بازارلارنى تامامەن مونوپول قىلىپ بولغانىكەن. شۇ سەۋەبتىن سوغدىلار «شەرقنىڭ فىنىكىيىلىكلىرى» دەپ نام ئالغانىكەن. قەشقەرىيىلىكلەر سوغدىلارنىڭ تەسىرى ۋە تاۋلىشى نەتىجىسىدە سودىغا ئىنتايىن ھېرىسمەن ھەم پىشقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوقەت - تىجارەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭغا كىرىشىشى بۇ دەۋردىن باشلانغان ئەمەسكەن.

ئۇنداقتا، قېنى قاچاندىن باشلانغان؟

مىلادىدىن 138 يىل ئىلگىرى (غەربىي خەنئۇدىنىڭ 3 - يىلى) جاڭ چيەن پەۋقۇلئاددە ئەلچى سۈپىتىدە غەربىي يۇرتقا كېلىپ قەشقەرىيىگە چۈشكەن. ئۇنىڭ بۇ سەپىرىدىكى مەقسىتى بۈيۈك ياۋچىلارنىڭ خەن سۇلالىسى بىلەن سىياسىي ۋە ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈپ، چېگرا رايوندىكى چوڭ دۈشمەن - ھۇنلارنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ يوقىتىش توغرۇلۇق ۋائىزلىق قىلىش ئۈچۈن ئىدى. ئەمما مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. بىراق ئۇ ئۇنداق ئاسانلا بولدى قىلىۋېتىدىغانلاردىن بولمىغاچقا، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ مىڭ بىر مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كۆچۈرۈپ، غەربىي يۇرتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيىۋى ئەھۋاللىرىنى، خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ، كېيىنكى دەۋرلەردە ھۇنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىيال ئاساسلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن.

جاڭ چيەن مەلۇم بىر كۈنى ياردەمچىسى گەن فۇنى ئەگەشتۈرۈپ كېچىلەپ يول يۈرۈپ، شۇ زامانلاردا غەربىي يۇرتتىكى 36 دۆلەتنىڭ بىرى بولغان قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ مەركىزى سۇلېغا، يەنى ھازىرقى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن ۋە بۇ جاينىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى شەھەر - بازارلارغا ئوخشاش يول - كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسى دۇكان - رەستىلەر، ئاشپۇزۇل، چايخانىلار بىلەن تولغان، مىغ - مىغ ئادەم ۋە ئۇلاغ - ھارۋىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە تېپىلىدىغان، قاينام - تاشقىنلىق كەيپىياتقا چۆمگەن بىر ئاۋات جاي، يوللىرى ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە قاراپ تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان خەلقئارالىق سوداگاھى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالغان.

2 مىڭ نەچچە يۈز يىللار ئىلگىرىكى بۇ كىچىككىنە سۇلې قانداقلارچە چوڭ خەلقئارا سودا مەركىزى بولۇپ قالغاندۇ؟ جاڭ چيەننىڭ «قەشقەرىيە غەربتىكى بۈيۈك ياۋچىلار، فەرغانە، كانجۇتلاردۇر» دېيىشى بىكار ئەمەسكەن. يۇقىرىقى ئۈچ جاي ھازىرقى قازاقىستان، يەنە كېلىپ ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى ئۆتىدىغان جاي. سۇلې دەل شۇ يولنىڭ باش ئۆتكىلى ئىكەن. قەشقەر يىپەك يولىنىڭ جۇڭگو چېگراسى ئىچىدىكى ماللار يىغىلىپ تارقىلىدىغان ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئوبدان جاي بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ئىكەن.

شەرقتە جۇڭگونىڭ چاڭئەن شەھىرىدىن باشلىنىپ، غەربتە رىم ئىمپېرىيىسىگە تۇتىشىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 7 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدىغان، يىپەك توشۇلىدىغان بۇ سودا يولى يۇرەكنى پوكۇلدىتىپ، قورقۇنچ پەيدا قىلىدىغان تەبىئىي توسالغۇلار داغدام يول بولۇپ بولغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ خەتەردىن خالىي بولالمىغان بىر يول. جاڭ چيەننىڭ ئىككى پۇتىغا تايىنىپ ئاشۇ 7 مىڭ كىلومېتىرلىق ئۇزۇن مۇساپىنى تەنھا بېسىپ ھايات قايتىپ كېلەلىگىنىنىڭ ئۆزىلا بىر مۆجىزە. ئەپسۇسلىنارلىقى، قەدىمىي يىپەك يولىدىكى دىپلوماتىيە سەھىپىسىنى ئاچقان جاڭ چيەندەك شۇنداق بىر ئەزىمەتكە «ئېكسپېدىتسىيىچى» دەپ نام بېرىدىغان بىر ئىنسان چىقمىغان.

يىپەك يولى ئۈستىدە گەپ بولغاندا، يىپەكنى بىر ياققا قايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. سۆزلەپ كەلسەك قىزىق ئىش. ئەينى زاماندا زور كۆپ سانلىق غەربلىكلەر يىپەكنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئەمەس، بەلكى قەشقەردە كۆرگەن. ئەمما شۇ زامانلاردىكى قەشقەرىيىلىكلەر يىپەكنىڭ قانداق تەييار بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق ھېچقانچە بىرنەرسە بىلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن خاتا چۈشەنچە خاتا بويىچە قېلىۋېرىپ «ئاجايىپ»لار ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ ئاجايىپلىشىپ، غەرب دۇنياسىدا «يىپەك دەرەخ يوپۇرمىقىدىن پەيدا بولۇپ، سۇغا چىلىنىپ تارتىپ چىقىرىلىدۇ» دەيدىغان رىۋايەتلەرچە تونۇش شەكىللەنگەن. غەربلىكلەر جۇڭگونىڭ «ئاجايىپ رەڭدار، چىرايلىق، ئۆمۈچۈك تورلىرىدەك سىپتە» يىپەك بۇيۇملىرىنى كۆرگەندە، جاھاندا نەپىسلىكتە تەڭدىشى يوق مۇشۇنداقمۇ ئېسىل نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەي قالغان. غەرب ئاقسۆڭەكلىرى جۇڭگونىڭ «سېنىس» (يىپەك)

لىرىنى شان - شەرەپ ۋە سۆلەتنىڭ مودىسى، سىمۋولى قىلىۋالغاچقا، سودىگەرلەر شۇلارنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكىنىڭ تۈرتكىسى ۋە پايدىنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن كۆپ پايدا ئېلىپ، تازا بېيىۋېلىش مەقسىتىدە، ئۇ يىپەكلەرنى رىم بازارلىرىدا بىر پارچىسىنى بىر سەردىن ئالتۇنغا ساتقان. بۇ نېمىدېگەن قالتىس سودا - ھە!

ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇرلار سودىگەرلەرنىڭ ئۇستىلىقىغا راستتىنلا قىزىقىپ قالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار سىنىپىي جەمئىيەتكە قوي پادىلىرىنى ھەيدىگەن پېتى كىرىپ كەلگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ جىسمانىي مەشغۇلات ئېڭىدا ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىش كۆرۈلۈشكە باشلىغان. چۆل - جەزىرىلەردە، قۇملۇقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن غەربىي يۇرت ئادەملىرى ناچار تەبىئىي مۇھىت ۋە جاپالىق تۇرمۇش شارائىتىدا قاۋۇل ۋە قەيسەر بولۇپ يېتىلگەن. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد نامراتلىقتا ياشاپ كەلگەن يەرلىك چارۋىچىلارنى پارلاق داغدام يولغا باشلاپ، ئۇلارغا مىسلىسىز ئامەت ئېلىپ كەلگەن. بۇ خىل تارىخىي ئۆزگىرىشتىن يەنە بىر خىل ئۆزگىرىش تۇغۇلغان - قۇيمىچىلىق ھۇنىرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن بۇ ھۇنەرنىڭ پارلاق مەھسۇلى بولغان مىتال پۇل مالغا مال ئالماشتۇرۇشتەك ئىپتىدائىي سودا شەكلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، شۇ زامانلاردىكى سودا پائالىيەتلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە كۆلىمىنى نامايان قىلغان. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى ۋە غەربىي ئاسىيادىكى، ھەتتا رېين دەرياسى ۋە نىل دەرياسى بويلىرىدىكى نۇرغۇن ئۇيغۇر كارۋانلىرى توغرىسىدىكى ئاجايىپ ھېكايە - رىۋايەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ زور ئۇلاغ - ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى جايلارغا، ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا رايونلىرىغا يۈرۈش قىلغان. ئۇلارنىڭ ئۇچرىغانلىكى ئادەم بىلەن سالام - سەھەت قىلىشقان چېغىدىكى «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دەيدىغان بىر ئېغىز خەيرلىك سۆزى ئۇلارغا ئالقىش، ئىشەنچ ئېلىپ كەلگەن، ئۇلارنىڭ يوللىرىنى راۋان قىلغان.

ئۆزلىرىنى «سودىدا تەڭداشسىز» ساناپ كۆرەڭلەپ، بىر مەھەل تېرىسىگە پاتماي كەتكەن ئەرەبلەر جۇڭگو شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - سېتىقتا ئۆزلىرىدىن قېلىشمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزلىرىنى بىر چوقۇپ ئالىدىغانلىقىنى شۇ چاغدىلا بايقىغان.

كېيىنكى دەۋرلەردە ۋەزىيەتتە قاتتىق ئۆزگىرىش يۈز بەردى - يىپەك يولى دېڭىز قاتنىشىنىڭ باشلىنىشى، تارىم ئەتراپىدىكى مالىمانچىلىق، ناچارلىشىپ كەتكەن قۇرۇقلۇق قاتنىشى شارائىتى ئۇيغۇرلارنىڭ سودا پائالىيەتلىرىنى بوسۇغىسى ئەتراپىدىلا چەكلەپ قويدى. غەربنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەت كەلگەن سودىگىرى ۋە ساياھەتچىسى مارك پورونى كۆتۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دۇنيا كوئوردىنات سىستېمىسىدىكى ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى بارا - بارا سۇسلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن «يېگانە ئارال» تۇسىنى ئالغان يېپىق ھالەت ئۇلاردىكى سەلتەنەتنى كەتسە - كەلمەس ئۆتمۈشكە ئايلاندۇرۇۋەتتى.

## 2

بازار قەشقەرلىكلەرنىڭ تىرىلغۇ يەرلىرىدىن قالسىلا ئىككىنچى ھاياتى. ئۇ ئەزەلدىنلا مەۋجۇت شەيئى بولماستىن، پۇقرالار ئارىسىدىكى كاسىپلارنىڭ چېۋەر قوللىرىدا ياسىلىپ، قەلەمكەشلەرنىڭ قەلىمىدە پۈتۈلۈپ چىققاندەك ئاپىرىدە بولغان ھەم ئايىغى چىقماس بىر قالتىس ئىجادىيەت. قەشقەرلىكلەر خۇش پېئىل، ئوچۇق - يورۇق، ھەمىشە دېگۈدەك بىر يەرگە توپلىشىپ پاراڭلىشىدۇ. قىزىقچىلىق قىلىپ كۆڭۈل ئېچىشىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلار نەدە بولسا شۇ جاي ئاۋات، شۇ جايدا بازار بولىدۇ. قەدىمىي دەشت - باياۋانلاردا ئەسلىدە نەدىمۇ بازار بولسۇن؟ بازار ئەسلىدە بىر - ئىككى ئادەمنىڭ بىرەر پارچىدىن ئەسكى پالاسنى يەرگە يېيىپ ئولتۇرۇپلا ئۇنى - بۇنى سېتىشىدىن باشلانغان ۋە بارا - بارا بۇنىڭغا قىزىقىپ، زوقلىنىپ قالغانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن تەدرىجىي زورايغان. ئاندىن ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان ئاجايىپ خىسلەتلىك بىر شەيئىگە ئايلانغان. جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەتتا يېزا - قىشلاقلىرىغىچە تارالغان مىڭلىغان چوڭ - كىچىك بازارلار ئەنە شۇنداق ئاپىرىدە بولغان. «بازار» دېگەن بۇ ئاددىيغىنە ئاتاق پۇقرالارنىڭ ئەل ئىچى كوچا ئىجادىيىتى، يەنە كېلىپ ئاشۇ پۇقرالارلا ئاشۇنداق قۇلاققا يېقىشلىق، ئاممىباب ئات قويالايدۇ.

قەشقەرلىكلەر توپلىشىپ ئوقەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشىدۇيۇ، ئوخشاشمىغان تۈردىكىلەر ئايرىلىشىپ كەتمەيدۇ، قالايمىقان قىسىلىشىپمۇ ئالمايدۇ. ھەر كەسىپتىكىلەر ئۆز خىلى بىلەن. ئۇلاردىكى كەسىپ - تۈر بويىچە ئايرىلىپ تىجارەت قىلىشىدەك تەبىئىي ئادەت ھازىرقى زامان بازارلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ۋە يەنە بۇ ئامىل ئاشۇ ئۇيغۇرلاردىلا پىشىپ يېتىلگەن. قەشقەردە «قوناق بازىرى» ، «تۇماق بازىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بازارلار بار. شۇنداق تۈرلەر بويىچە ئايرىلىپ، ئاتىلىپ ۋە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقىنىغا ھازىر 3 - 4 ئەسىرلەر بولۇپ قاپتۇ. ھېلىمۇ شۇنداق ئاۋات.

كونىراپ كەتكەن ھەم تار دۇكانلار رەت - رەت جايلاشقان ئوردا ئالدى تۇماق بازىرىغا ئاجايىپ پىشقان تۇماقچىلار ۋە دوپپىچىلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنەرلىرى جەم بولغان. ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئالدىرىماي، تۇجۇپىلەپ ھۈنەر قىلىۋاتقان ھالىتى ۋە بازاردىكى شاۋقۇن - سۈرەنسىز تىنچ كەيپىيات ئاجايىپ بىر خىل سېھرىي كۆچكە ئىگە بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. بۇ بازاردا ئادەملەر مۈكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، دۇكاندارلار تەرەپ - تەرەپتىن بەس - بەستە خېرىدار چاقىرىدىغان ۋاڭ - ۋاڭچىلىق يوق. دۇكاندارلار، ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ناھايىتى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن خېرىدار كۈتۈشۈپ سالماق ئولتۇرۇشىدۇ. شەھەر سىرتىغىراق جايلاشقان تاش بازىرى بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ يىلمۇيىل يىغىلىنىشى بىلەن دەسلەپتە كاساتلىشىپ، بارا - بارا يوقاپ كەتكەن، ھازىر تاش كوچىسى (مەھەللىسى) دەپ ئاتىلىدىغان بۇ كوچىدا يارغۇنچاق، تۈگمەن تېشى. . . دېگەندەك نەرسىلەر تارىخنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە ئۆتكەن ئەسىرلەردىكى «شان - شەرەپ»لىرىنى يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن كۆز - كۆز قىلىشقاچ، بېشىغا چۈشكەن «قارا كۈن»لەردىن ئاغرىنىپ دەرد تۆكۈۋاتقاندەك، تارىخ سەھنىسىدىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكۈسى يوقلۇقىنى ئىپادىلەۋاتقاندەك. . . ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ.

نام - شۆھرىتى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگىچە تارالغان قەشقەر «ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيا سودا بازىرى»نىڭ ئورنى تېخى ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا گىياھ ئۈنمەس شورتاڭ بولۇپ، 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىمۇ يېقىن ئەتراپتىكى يېزا - كەنت دېھقانلىرى تۇز، ئوتۇن، ئوت - سامان،

قۇرۇق مېۋە - چېۋە. . . دېگەندەك نەرسىلىرىنى ئەكېلىپ ساتىدىغان جاي ئىدى. ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ھازىرقى زامان سودا تۇيغۇسىدىن پۈتۈنلەي خالىي ھالدا بىر پارچە، بىر باغلام، بىر دۆۋە. . . بويىچە ساتاتتى. بەلكىم دېھقان خەقنىڭ ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكلىكىنى قەدىرلەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ، شەھەرلىكلەر بۇ جايغا قەدەم تەشرىپ قىلىشقا ئامراق بولۇپ قالغان. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ بازارنىڭ سودىسى جانلىنىپ كەتكەن. كېيىنچە، تەبىئىي شەكىللىنىپ قالغان ۋە بارا - بارا ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ بازار نەچچە ئون چاقىرىم يىراق جايلاردىكى دېھقان ۋە باشقا كەسىپتىكىلەرنى جەلپ قىلغان. بەزىلەر ھەتتا بۇ بازاردىن ئورۇن تۇتۇپ، چېدىر تىكىپ مۇقىم ئولتۇرۇپ، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ۋە ئالاھىدە، يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان بولغان. زامانىۋى سودا بازارلىرىدىكىدەك دۇكىنى ۋە ئەسلىھەلىرى بولمىسىمۇ، ئوقتىدىن زېرىكىپ قالمىغان. دېھقانلارنىڭ قارىشىچە، مېلىنى قويغۇدەك يەر بولسىلا بولىدىكەن. ئەسلىھە - پەسلىھە دېگەنلەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدىكەن. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ چاغلاردا يورۇق، ئازادە تىجارەت زاللىرىدا خىرامان ئولتۇرۇپ سودا قىلىشنى ئۈمىدمۇ قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇيغۇر دېھقانلىرى شەكىلگە ئەمەس، بەلكى مەزمۇنغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرەتتى. شۇڭا تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇ بازار ناھايىتى تېز راۋاجلىنىپ، بىر يىل بولا - بولمايلا مىڭدىن ئارتۇق تىجارەتچىگە ئىگە شەرقىي قوۋۇق بازىرى بولۇپ قاپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە بۇ بازارنىڭ يامغۇر، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان، ئوغرىمۇ تېگەلمەيدىغان يورۇق، ئازادە دۇكانلىرىدا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان 6 مىڭدىن كۆپ تىجارەتچى بۇ بازار شەكىللىنىۋاتقان شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردىكى جاپالىق شارائىتنى ۋە كۆرگەن كۈنلىرىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقىرالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار توپلىشىپ بازار قىلىشتەك ئەنئەنىۋى ئادىتىنىمۇ، ئۆزلىرىنى ئاشقا ئىگە قىلغان ھۈنەر - ماھارىتىنىمۇ تاشلىۋەتمەيدۇ.

توپلىشىپ بازار قىلىشمۇ ھەرقاچان ئوڭۇشلۇق بولىۋەرمەيدۇ. بەزىدە تېخى ئېغىر بەدەلمۇ تۆلەپ قالىدىغان گەپ. بازارنىڭ گۈللىنىشى ھەم جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى، ھەم ناھايىتى جانلىق يىلنامە «مەدەنىيەت

زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قەشقەر بازارلىرى «كاپىتالىزم پەيدا قىلىدىغان تۇپراق ۋە بازا» دەپ كەمسۇندۇرۇلۇپ، بەئەينى قانداقتۇر بىر غەيرىي مەخلۇق «ئۇر توقماق» قا قالغاندەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان.

بازارلارنىڭ بىكار قىلىنىۋېتىلىشى دېھقانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پۇلغا ئايرىۋاشلاش پۇرسىتىدىن، شەھەرلىكلەرنىڭ لازىمەتلىكلەرگە ئېرىشىشىدىن مەھرۇم بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇمىد دالاسىدا بەئەينى قاتار - قاتار چىتلاق پەيدا بولۇپ قالغاندەك، شەھەر بىلەن يېزىلارنىڭ ئالاقىسى ئۈزۈلىدۇ. دېھقانلار قولىدىكى مەھسۇلاتلىرىنى پۇل قىلالماي غەمگە پاتىدۇ، تىتىلدايدۇ. ئەمما قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە باي بازاردىن ئىبارەت بۇ شەيئى تارىخنىڭ تەتۈر ئېقىنى تەرىپىدىن نابۇت بولۇپ كەتمىدى. نامى، ئورنى يوقالغىنى بىلەن ئۆزى يوقالمىدى. «يەر ئاستى» غا كۆچۈشكە، چەت - ياقا جايلاردا، ئورمانلىقلاردا، يېرىم كېچىلەردە ياكى تاڭ سەھەرلەردە ئېچىلىشقا مەجبۇر بولدى. يوشۇرۇنچە سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغانلار «ھايانكەش» دېگەن بەتنامغا قېلىپ، بىلىكىگە قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ باشقۇرۇش، تۇتۇش، قاماش، جازالاش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. يايمىلىرى تېپىپ ئۆرۈۋېتىلدى، نەرسىلىرى چېچىۋېتىلدى، تۆكۈۋېتىلدى، مۇسادىرە قىلىندى. ئۇنى ئاز دېگەندەك، كۆتۈرەلىگۈسىز جەرىمانە تۆلىدى. بۇ خورلۇق ۋە ئەلەمگە چىدىمىغان دېھقانلار نائىلاج



يۇكۈنۈپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغانچە يىغلاپ نالە قىلىشتى. . . «نەچچە مىڭ يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە، قانچىلىغان ئەسىرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بازار ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ بىر توپ ئادەمنىڭ قولىدا يوقاپ كېتەرمۇ؟»

تارىخ شەپقەتسىز.

شەھەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدا ئالماشتۇرۇش بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ دېھقانلار ياشىشى كېرەكتە! شەھەرلىكلەرگە ئوزۇق - تۈلۈك بولمىسا بولامدۇ؟ جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلىشى لازىمغۇ ئاخىر!

ئاددىي - ساددا، ئەمما ئەقىللىق دېھقانلار ۋەزىيەتكە يارىشا ئامال قىلدى - ماللىرىنى بۇرۇنقىدەك دۆۋىلىۋېلىپ ئاشكارا ساتماستىن ئاز - ئازدىن، يوشۇرۇن ساتتى. نانلىرىنى قويۇنلىرىغا، ئۆرۈكلىرىنى يانچۇقلىرىغا يوشۇرۇپ، ئاياللار تۇخۇملارنى ئېتەكلىرى بىلەن يېپىپ يۈرۈپ ساتتى. ساتقۇچىلار بىلەن سېتىۋالغۇچىلار ئىما - ئىشارەتلەر ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ، ھەش - پەش دېگۈچە سودىنى پۈتتۈردى.

ئۇ چاغلاردىكى بازار نەدە دېمەمسەن؟

بازار دېھقانلار يۇدۇۋالغان كۆرۈمسىز تاغارلاردا، پوتا بىلەن مەھكەم باغلانغان يەكتەكلەرنىڭ قويۇنلىرىدا، ئاياللارنىڭ ئېتىكىدە، بازارنى «ياشاش مەنبەيىم» دەپ قارىغان ھەربىر دېھقاننىڭ قەلبىدە.

دېمەك، بازار يوقالمىدى.

بازارنى يوقىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى!

3

ئۇيغۇرلارنىڭ بازار ئېڭى بازاردا بارلىققا كەلدى، بازاردا ئۆستى، بازاردا كۈچەيدى. ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننىڭ ئالمىشىشى، ئەقىللىقلار بىلەن نادانلارنىڭ ئېلىشىشى ئارقىلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، ئۇلارنى نامراتلىقنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىدىن باشلاپ چىقتى.

بازار گويا پۈتمەس - تۈگىمەس ئالتۇن تاغدەك، نۇرغۇن مېھنەتكەشلەرنى ئۆزىگە تىز پۈكتۈردى. ئۇ ئەرەب ئەپسانىلىرىدىكى خاسىيەتلىك گىلەم ۋە ئەلى بابانىڭ خەزىنىسىدەك پۈتمەس - تۈگىمەس دۇنيا. شۇڭا ھەممە ئادەم خەجلەيدىغىنى، يەيدىغان - ئىچىدىغىنى، كىيىدىغىنى قالمىسىمۇ بازارغا چېپىشىدۇ. توي - تۆكۈنلىرى، نەزىر - چىراغلىرى ئۈچۈنمۇ،

www.uyghurkitap.com



شادلانغان ياكى غەمگە پاتقان چاغلىرىدىمۇ، كۆڭلى بىئارام بولغاندىمۇ بازارغا بارىدۇ. ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۈمىدى بازاردا. بازار بارلىق خۇشاللىق - شادلىقلارنىڭ بۆشۈكى، غەم - قايغۇلاردىن خالاس قىلغۇچى ياخشى جاي، ئاجايىپ خىسلەتكە باي مەنىۋى دۇنيا.

ئۇيغۇرلاردىكى بۇ ئاڭ يا ئاسماندىن چۈشكەن، يا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆگىتىشىدىن هاسىل بولغان بولماستىن، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە كەچۈرمىشلىرىدىن ئاپىرىدە بولغان هېسسىي تۇيغۇ. ئاياللار تۇغۇتتىن قوپۇپ ماڭالىشى بىلەنلا، بوۋىقىنى كۆتۈرۈپ بازارغا كىرىدۇ. بۇ هەرگىز بوۋىقىغا بازارنى «كۆرسىتىش»، «تونۇتۇش» ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى قىرقى مەزگىلىدىكى بازارنى سېغىنىشلىرىنى قاندۇرۇش، بېسىش ئۈچۈن بىر - ئىككى ياشلىق، ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق باللىرىنى بازارغا ئاپىرىش ئادەتتىكىلا ئىش. باللار بوۋاق چېغىدىلا بازارغا ئاپىرىلىپ، بازارنىڭ هاۋاسىدا نەپەسلەندۈرۈلىدۇ، بازارنىڭ تىنىقلىرى سىڭدۈرۈلىدۇ. بازارنىڭ ئاجايىپ رەڭدار مەنزىرىلىرىدىن لەززەتلەندۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ باللار 15 - 16 ياشلارغا كىرگەندە بازارخۇمار «بازارشۇناس» لاردىن بولۇپ يېتىشىپ قالىدۇ. بازاردىكى ئاجايىپ ئىشلارنى، ئىسسىق - سوغۇق ۋە ئاچچىق - چۈچۈكلەرنى، ئۆزگىرىش - ۋەقەلەرنى، ئۇلاردىن پەيدا بولغان ئوي - خىياللىرىنى بىر تالاي سۆزلەپ بېرەلەيدىغان بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلىپ - بىلمەيلا بازار ئىز باسارىدىن بىرنى يېتىلدۈرۈپ چىقىرىپ قويىدۇ.

بۇ ئىز باسارلارنىڭ بازارغا پىششىقلىقى ئاتا - ئانىسىنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ. ئۇلارنىڭ مېڭىسى شۇنچە مۇكەممەل «بازار ئارخىپخانىسى» غا ئايلىنىپ بولغان – قەشقەرنىڭ شەهەر - يېزىلىرىغا تارقالغان 20 نەچچە بازارنىڭ ئورنى، ئالاهىدىلىكى، خاسلىقى، كىمنىڭ مىلنىڭ قانداقلىقى، كىمنىڭ يايمىسىنىڭ نەدىلىكى، دۇكاندارنىڭ خۇمارى، هەتتا دۇكاندارنىڭ ئەجدادى. . . قاتارلىقلارنى بىرمۇ بىر دەپ بېرەلەيدۇ. بازاردىكى كىمنىڭ قايسى نەرسىسىنىڭ قانداقلىقى ئۇلارنىڭ كاللىسىغا تەپسىلىي پۈتۈلگەن بىر خاتىرە - ماتېرىيال سۈپىتىدە ئورناپ كەتكەن بولۇپ، ئەهۋال ئۇلارغا بەش قولدەك ئايان. قەشقەر بازارلىرىدا ساختا نەرسىلەرنىڭ پۈت دەسسەپ تۇرالماسلىقى، بەلكىم شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ، ئاشۇ «بازارشۇناس» لارنىڭ ئالدىدا كۆز بويامچىلىق قىلىشقا كىمنىڭ هەددى؟

بۈگۈنكى كۈندە، قەشقەردەك كىچىك شەهەردە ئوقەتچى - تىجارەتچىلەر يەنىلا 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. «كېتىپ بارغان ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى جەزمەن سودىگەر» دېگەن تەرىپ هەقىقەتەن توغرا قويۇلغان. بۇ تىجارەتچىلەر ئاتا - ئانىلىرىنى، بالا - چاقىلىرىنى بېقىپ، دۆلەتكە يەنە يېتەرلىك باج تاپشۇرىدۇ. قەشقەرنىڭ باج كىرىمىنىڭ ئۈچتىن بىرى تىجارەتچىلەردىن كېلىدۇ. شۇنچە نۇرغۇن ئادەم بازارغا تايىنىپ جان باقىدۇيۇ، بازاردىن ئىبارەت بۇ «ئالتۇن كان» ى «ئالتۇن قازغۇچىلار قوشۇنى» نىڭ ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ قېزىشى بىلەن تۈگەپ قالماقتا يوق، ئەكسىچە يىلدىن - يىلغا ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ، هەتتا شىمالىي شىنجاڭنىڭ بازارلىرىدا چېكىنىش ئەهۋالى كۆرۈلگەن كاساتچىلىق يىللىرىدىمۇ، قەشقەر بازارلىرى يەنىلا ئاۋاتلىقىدىن قالمىغان. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تىجارەتچىلەر «ئوقەت قىلىش تەس بولۇپ قالدى» دەپ ۋايسايدىغان بولۇپ قالغاندىمۇ يەنىلا پايدا بار. ئائىلىنى يەنىلا بېقىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بازاردىن ئايرىلغىنى تۈگەشكىنى شۇ.

قەشقەردە بازار ئارىلىمايدىغانلار، بازارنى چۈشەنمەيدىغانلار ئۇيغۇر هېسابلانمايدۇ. بازار قەشقەرلىكلەر ئۈچۈن گويا تىلتۇمار. ئۇنى سەل چاغلاشقا، ئۇنىڭدىن يىراقلىششقا، هەتتا ئۇنىڭدىن تېنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. پارالىچ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ئابدۇللا ئىسىملىك بىر بوۋاي بالىنىسىغا كىرگۈزۈلۈپ ئۈچ كۈن بولا - بولماي «بازارغا بارىمەن»، «مېنى بازارغا ئاپىرىڭلار» دەپ غەلۋە قىلغان. بالا - چاقىلىرى بەزلەپمۇ، نەسىهەت قىلىپمۇ كۆندۈرەلمىگەندىن كېيىن، دوختۇرنىڭ رۇخسىتى بىلەن ئېشەك هارۋىسىغا سېلىپ شەرقىي قوۋۇق بازىرىغا ئاپارغان. ئەسلىدە قىمىرلىيالماس بولۇپ قالغان بۇ بوۋاي بازارنى ئارىلاپ، مىغ - مىغ ئادەملەردىن هاسىل بولغان ئاۋات مەنزىرىنى، هەرخىل مال - تاۋارلارنى كۆرۈپ، تىجارەتچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرىنى ئاڭلاپ بۆلەكچىلا روهلىنىپ، خۇنۈك

كۆزلىرى بۆلەكچىلا نۇرلىنىپ كەتكەن، يۈزلىرىگە قىزىللىق تەپكەن. ساقراق بىر قولى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ: «كېسىلىم ساقىيىدىغان بولدى» دېگەن.

ھەيران قالارلىق يېرى، بوۋاينىڭ كېسىلى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خۇددى بوۋاي ئۆزى ئېيتقاندەك خېلى ياخشى بولۇپ كەتكەن.

بازار قەشقەرلىكلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىنىشى ۋە قىممەت قارىشىدا ئالدى بىلەن تاللايدىغىنى ھېسابلىنىدۇ. ئەمەتجان ئائىلىسىدە توققۇز جان بار. ئايالىدىن باشقا سەككىز ئادەمنىڭ ھەممىسى تىجارەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى 1982 - يىلى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەندە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مەلۇم كارخانا ئۇنى شوپۇرلۇققا ئالماقچى بولغان. بۇ نېمىدېگەن ئوبدان پۇرسەت - ھە! ئەمما ئاتا - بالا ئىككىسى ئۇنىڭ شوپۇر بولماي تىجارەتچى بولۇش توغرۇلۇق ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغان. ئەمەتجاننىڭ 2 - ئوغلى ئادىل مېلىچمال دۇكىنى ئاچىدۇ. چوڭ قىزى پاشانىڭ كىيىم - كېچەك دۇكىنى بار. دېمەك، پۈتۈن بىر ئائىلە تىجارەتچى. شۇڭا «خوجايىنلار ئائىلىسى» دەپ نام ئالغان. بۇ نام ئويلىمىغان يەردىن بۇ بىر ئائىلىنى خەقنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋېتىدىغان نۇر ھالقىسى ئىچىگە ئالغان.

71 ياشلىق قاسىم بوۋاي ئەسلى زەرگەر. يىللار ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدۇ. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە يىللارنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە بوۋاينىڭ كۆزلىرى تورلىشىپ، قۇلاقلىرى ئېغىرلىشىپ قالدى. بەللىرىمۇ مۈكچەيدى، شۇڭا ھۈنەردىن قېلىپ ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆيدە سەككىز جان بار - چوڭ ئوغلى ئوقۇتقۇچى، چوڭ كېلىنى كادىر؛ 2 - ئوغلى مەلۇم بىر شىركەتتە دىرېكتور، 2 - كېلىنى بوغالتىر... پۈتكۈل ئائىلە تۇرمۇش غېمىدىن خالىي. قولۇم - قوشنىلىرىنىڭ ئۇلارغا شۇنچە ھەۋىسى كېلىدۇ. ئەمما بوۋاينىڭ ئەتىدىن - كەچكىچە كۆڭلى بىئارام، چىرايى ئېچىلمايدۇ. دادىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، تېگىگە ھېچ يېتەلمەي تىتىلداپ كەتكەن چوڭ ئوغلى بىر كۈنى بوۋايدىن سورىغان:

- دادا، نېمە بولدىلا؟ مىجەزلىرى يوقما؟

- ئۇنداق ئەمەس بالام. ھۈنەردىن قېلىپ، كۆڭلۈم بىر خىللا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ھۈنەر قىلمىغان ئادەمنىڭ يۈزى يورۇق بولمايدىغان چېغى...

- ئۆيىمىزدە پۇل دېسىلە پۇل، نېمە دېسىلە شۇ بار تۇرسا، يەنە نېمە ھۈنەر قىلىشنى ئويلاپ قالدىلا؟

- ياق بالام، ھۈنىرىمنى - تىجارىتىمنى قىلاي دەيمەن. ئۇنى تاشلىۋەتسەم بولمىغۇدەك. بولمىسا، يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟

تىجارەت بىلەن يۈزنى باراۋەر ئورۇنغا قويۇش كىشىگە غەلىتە تۇيۇلامدۇ؟ ئاجايىپ ئىش - ھە!؟

قاسىم بوۋاينىڭ يايمىسىغا قاراپ باقايلى: بىر خىللا نۇسخىدىكى بىرنەچچە دوپپا، تۇماق ۋە بىرنەچچە جۈپ سۇلياۋ كەش. بازىرى شۇنداق سۇس، ئايدا بىرەر يۈز يۈەنگىمۇ سودا قىلالمايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بوۋاي يەنىلا خۇشال. «مەن يەنە ئوقەت قىلالىدىم، يەنە قىلالىغۇدەكمەن». تىجارىتىنى پايدىغا باغلىۋالمىغان، پايدا ئالالمىسىمۇ تىجارەت قىلغىنىغا خۇش بولىدىغان بۇ قانداق تىجارەتچىدۇ؟

## 4

ئۇيغۇرلار ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان «بازارغا بارسامىلا...» دەيدىغان بىر سۆزدىن ھەرقاچان قانائەت ھاسىل قىلىدۇ. ئىنتايىن ئاددىي بۇ سۆز ئۇلارغا ھەم روھىي تۈۋرۈك، ھەم ماددىي كاپالەت. ئۇلار بازارغا بارسىلا ھېچنېمىدىن غېمى بولمايدۇ... كىشىلەر بۇ ئاددىيغىنە «بازار ئىگىلىكى قارىشى»نىڭ زامانىۋى ئىگىلىك كاللىسىنى نامايان قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. قەشقەرلىكلەرنىڭ «بازار ئادەمنى باقالايدۇ، بازار قانچىلىغان ئادەمنى باقمىغان...» دېيىشلىرى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

70 - يىللاردا دېھقان قۇربان ئىمىننىڭ ئۆيىدە يەتتە جان بولۇپ، ئۇ يىل بويى جاپالىق ئىشلىسىمۇ، ئۇلارغا بېرىلگەن نورما ئاشلىق ئاران ئۈچ ئاي يېتەتتى. قالغان ئايلىرىنى كۆپرەك تىلەمچىلىككە تايىنىپ ئۆتكۈزەتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرى، قۇربان ئىمىننىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا خېلى بولۇپ قالغان ئىمجان ئايلى پاتمە سوغۇق كاڭدا دەرمانسىز ياتاتتى. بەش بالىسى ئاچلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئوماق كۆزلىرىنى جانسىز مۆلدۈرلىتىپ،

www.uyghurkitap.com

كاڭغا يۆلەنگىنىچە دادىسىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار قازان ئاسالمىغىنىغا ئىككى كۈن بولغانىدى.

چىرايلىرى سارغايغان، بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان قۇربان ئىمىن، ئىككى ئالىقىنىدا بېشىنى چاڭگاللىغان هالدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇمۇ بالا - چاقىلىرىغا ئوخشاش ئىككى كۈندىن بېرى ئاغزىغا هېچنېمە سېلىپ باقمىدى. ئۇ بىرەر ئامال ئۇستىدە باش قاتۇرۇپ شۇنداق ئولتۇرغىنىدا، كۆزى ئۇشتۇمتۇت بۇلۇڭدا جانسىز كۈكۈلداپ دۈگدىيىپ تۇرغان مېكىيانغا چۈشۈپ قالدى. بۇ مېكىيان شۇنداق ئۆلۈمتۈك بولۇشىغا قارىماي، بۇ ئائىلىنىڭ گۆهىرى ئىدى. مېكىياننىڭ كۈچسىز ئاۋازى دېهقان ئائىلىسىنىڭ خاس هىدىنى نامايان قىلىپ، ئاران قالغان هاياتلىقتىن دېرەك بېرەتتى.

قۇربان ئىمىن «شارت» تىدە ئورنىدىن تۇردى -دە، مېكىياننى كۆتۈرۈپ بازارغا ماڭدى. بازاردا مېكىياننى ئىككى نان ۋە بەش موغا سېتىپ، ئىككى ناننى پارچىلاپ خوتۇن - بالىلىرىغا ئۈلۈشتۈرۈپ بەردى. ئاندىن بەش مونى ئېلىپ يەنە بازارغا ماڭدى.

«قۇربان ئىمىن بەش موچىنى بىلەن ئۇقەت قىلماقچىكەن» دېگەن خەۋەر هەش - پەش دېگۈچە ئەتراپقا تارالدى. هەتتا «ئۇ نامراتلىقتىن ئېلىشىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېگۈچىلەرمۇ بولدى.

ئەمما، بۇ بەش موچەننىڭ بىر ئائىلىدىكى يەتتە جاننىڭ هاياتىنى ساقلاپ قېلىشى، ئاخىر بېرىپ ئۇلارنى «جەننەت هۇزۇرى» دىن بەهرىمەن قىلىشى هېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغان.

قۇربان ئىمىن شۇ كۈنى بەش موچەنگە بەش باغلام كەشتە يىپى سېتىۋېلىپ، يەتتە يېرىم موغا ساتتى، كېيىن يەنە ئوننى ئېلىپ سېتىپ، بەش موچەننى بىر كوي قىلدى. بۇ پۇلغا 50 جۈپ ئاياغ بوغقۇچى سېتىۋېلىپ سېتىپ، بىر يېرىم كوي كىرىم قىلدى. ئاندىن كېيىن بۇ پۇلغا شۇ چاغلاردا مودا بولۇپ قالغان سولياۋ تۇگمە ئېلىپ - سېتىپ پۇلنى ئىككى كوي ئىككى موغا ئاپاردى. . . ئۇ شۇنداق دومىلىتىپ يۈرۈپ بەش موچەن پۇلنى ئىككى ئايدا 100 يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئاخىرىدا بازاردىن رەسمىي جاي تۇتۇپ، شاڭخەي ياغلىقلىرىنى ساتتى.

بۇنىڭغا هازىر 20 يىلدىن ئاشتى. مەن بۇ «پېشقەدەم تىجارەتچى» نى زىيارەت قىلغىلى دۇكىنىغا باردىم. ئۇ قېرىپ قاپتۇ. چاچلىرى قويماي ئاقىرىپ بوپتۇ. ئەمما گەپ - سۆزلىرى يەنىلا ئېنىق ۋە جايىدا ئىدى.

- قۇربان تاغا، تىجارىتىڭىز قانداقراق كېتىپ بارىدۇ؟

- ياخشى، ياخشى،- ئۇ شۇنداق دەپ جاۋاب بېرىۋېتىپ ماڭا سەپسېلىپ قاراپ كەتتى.

- هازىر دەسمايىڭىز مانىڭغا يەتكەندۇ - هە!- سورىدىم مەن بەش بارمىقىمنى كېرىپ تۇرۇپ ئالىقىنىمنى كۆرسىتىپ.

- 50 مىڭ؟ سىز مېنى بوش چاغلاپ قاپسىز. يەنە بەش بارمىقىڭىزنى كۆرسەتسىڭىز بولارمىكىن، ها... ها... ها...

مەن بوۋاينىڭ بېيىش يولى ۋە بېيىشتىكى سىرىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇياقتىن - بۇياقتىن گەپكە سېلىپ كوچىلاپ باقتىم. قۇربان بوۋاي توغرىدىن - توغرا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا «كلاسسىك» دېيىشكىمۇ ئەرزىيدىغان «هەرقانچە دۆت ئادەممۇ بازارغا بارسا ئالتۇن قونچاق كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىدۇ» دەپ ناهايىتى ئوبرازلىق، ئىخچام ئوخشىتىش بىلەن سۆزىنى تۈگەتتى.

مەن قۇربان بوۋاينىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن «قەشقەردىكى 10 مىڭ يۈەنلىك، 100 مىڭ يۈەنلىك، مىليون يۈەنلىك ئائىلىلەرنىڭ قايسىبىرى بازارغا تايانمىغان؟ قايسىبىرى پارتىيىمىزنىڭ پۇقرانى بېيىتىش سىياسىتىگە تايىنىپ، سودا دېڭىزىدىكى كۈچلۈكلەردىن بولۇپ قالمىغان؟ » دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

شۇنداق، 20 يىللىق ئىسلاهات، ئېچىۋېتىش تارىخى بازارغا يېڭى هايات ئاتا قىلدى. بازارلارنىڭ كونا قىياپىتى كەلمەسكە كەتتى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى كۆركەم، زامانىۋى، چوڭ تىپتىكى سودا بازارلىرى ئىگىلەپ، كىشىلەرنى مۇكەممەل، تۈرلۈك مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىن ئېتىپلا قالماي، بىرمۇنچە يېڭى زامان بايلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى.

بازار هەقىقەتەنمۇ ئېسىل جاي. بۇنداق جايدىن ئورۇن ئالغان ئادەم خۇددى سۇغا ئېرىشكەن بېلىق ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەلىگەندەك، بىمالال تىجارەت قىلالايدۇ.

سالام، بازار!



# ئەدەبىي خاتىرىلەر

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

## ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسى

تايلاندلىق بىر كىشى ئالتۇنغا دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىنمۇ بەكرەك مەپتۇن بوپتۇ، ئۇ بارلىق مال - دۇنياسى، زېھنىي قۇۋۋىتى ھەم ۋاقتىنى ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەجرىبىگە سەرپ قىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا قالمايلا ئۆزى ۋە خوتۇنى يىغقان پۇللارنىڭ ھەممىسىنى خەجلەپ بوپتۇ. خوتۇنى ئۆيدىكى نامراتچىلىق تۈپەيلىدىن ئاتىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ دەرد تۆكۈپتۇ.

قېينئاتىسى كۈيئوغلىنى چاقىرتىپ كېلىپ:

- مەن ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسىنىڭ سىرىنى ئىگىلەپ بولدۇم ھەمدە ئالتۇن تاۋلاشقا كېتىدىغان نەرسىلەرنى تەقلەپ قويدۇم، ھازىر بىرلا خىل نەرسە كەملەۋاتىدۇ، ئەمما مەن ياشىنىپ قالغاچقا «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالامدىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن. . . » دەپتۇ. كۈيئوغلى تەقەززالىق بىلەن:

- ئېيتىڭە، مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟- دەپتۇ. قېيناتىسى:

- مۇنداق ئىش، ماڭا بانان يوپۇرمىقىدىن يىغىۋېلىنغان ئۈچ كىلو ئاق تۈۋىت كېرەك بوپقالدى، يەنە كېلىپ بۇ بانان دەرىخىنى ئۆزىڭىز تىككەن بولىشىڭىز كېرەك. سىز تۈۋىتنى تەقلەپ بولغاندىن كېيىن، ئالتۇن تاۋلاشنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلىمەن،- دەپتۇ.

ئەتىسى كۈيئوغلى دەرھال بانان دەرىخى تىكىشكە تۇتۇش قىپتۇ. بانان پىشقاندا، ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ھەربىر بانان يوپۇرمىقىدىن تۈۋىت قىرىۋاپتۇ، ئاندىن ئۇنى يوغان بىر كومزەككە سېلىپ ساقلاپتۇ. يىللار مۇشۇنداق ئۆتۈۋېرىپتۇ. . .

ئون يىلدىن كېيىنكى بىر كۈنى، كۈيئوغلى كومزەكنى كۆتۈرۈپ خۇشال - خۇرام ھالدا قېينئاتىسىنىڭكىگە كەپتۇ، قېينئاتىسى:

- ئەمدى ئاۋۇ ياقتىكى ئىشىكنى ئېچىپ قاراپ بېقىڭ،- دەپتۇ. كۈيئوغلى ھېلىقى ئىشىكنى ئاچسا پۈتۈن ئۆي كۆزنى قاماشتۇرۇپ ئالىچەكمەن قىلىۋېتىپتۇ، دىققەت قىلىپ قارىسا ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

- بۇلار بىز ئون يىلدىن بېرى بانان تىكىپ تاپقان ئالتۇنلار،- دەپتۇ.

تۇرمۇشتا ئالتۇن تاۋلايدىغان نۇرغۇن تېخنىكىلار بولىدۇ، تىرىشچانلىق مانا مۇشۇنىڭ بىرى.

## مۇھەببەت ئۈچۈن مېڭىش

گاۋايدىكى چەت - ياقا ئارالدا تۇرىدىغان بىر ئوغۇل بالا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كىشىلەر مىلاد بايرىمىدا نېمىشقا بىر - بىرىگە سوۋغا تەقدىم قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپتۇ.

ئوقۇتقۇچى مۇنداق دەپتۇ:

- سوۋغات بىزنىڭ سۆيگۈمىز بىلەن ئەيسانىڭ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانلىقىغا بولغان خۇشاللىقىمىزنى ئىپادىلەيدۇ، ئەيسا ئەڭ ئۇلۇغ سوۋغا.

مىلاد بايرىمى يېتىپ كەپتۇ، ئوغۇل بالا ئوقۇتقۇچىسىغا بىر سوۋغىنى - چاقناپ تۇرغان بىر قۇلۇلە قېپىنى، دېڭىز سۈيى قىرغاققا ئۇرۇپ چىقارغان قۇلۇلە قاپلىرىنىڭ كەمدىن -

كەم ئۇچرايدىغىنىنى ئالغاچ كەپتۇ.

ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭدىن:

- سىز ئاز ئۇچرايدىغان مۇنداق پەۋقۇلئاددە قۇلۇلە قېپىنى قەيەردىن تېپىۋالدىڭىز؟ - دەپ سوراپتۇ.

ئوغۇل بالا ئوقۇتقۇچىسىغا، ئۆزىنىڭ بىلىشچە، مۇنداق پەۋقۇلئاددە قۇلۇلە قېپىنى بىرلا جايدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، يەنى بۇ يەردىن 20 نەچچە مىل يىراقلىقتىكى مەلۇم بىر سىرلىق دېڭىز ساھىلىدا بەزىدە مۇشۇنداق قۇلۇلە قېپىنىڭ قىرغاققا چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

- ھە، - دەپتۇ ئوقۇتقۇچى، - ئۇ ھەقىقەتەنمۇ بەك گۈزەل ئىكەن، مەن ئۇنى ئۆمۈرۋايەت قەدىرلەيمەن، ئەمما سىز ماڭا سوۋغات ئالغاچ كېلىمەن دەپ ئۇنچىۋالا ئۇزاق يول ماڭمىسىڭىز بوپتىكەن.

سوۋغا بېرىش ھەققىدىكى ھېلىقى دەرسنى تېخىچە يادىدىن چىقارمىغان ئوغۇل بالا، كۆزلىرى چاقنىغان ھالدا مۇنداق دەپتۇ:

- يول مېڭىشمۇ سوۋغامنىڭ بىرقىسمى.

## بەلگىسىدىنلا ماھىيىتىگە يېتىش

پىيېر سەككىز ياش چېغىدا بوۋىسى ئۇنىڭغا قارىياغاچنىڭ ئاستىدىكى توپىلىق يولدا بىر جۈپ ئات تۇيىقىنىڭ ئىزىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

- پىيېر، سەن مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇدۇڭ، بۇ ياخشى ئىش. سەن ئوقۇپ خەت تونۇغاندىكىن، ئەمدى ماڭا دەپ بەرگىنە، بۇ ئاتنىڭ تۇياق ئىزىغا نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟

- بوۋا، تۇياق ئىزىدا خەت يوق ئىكەن.

- پىيېر، ئۇنىڭغا بىرنېمىلەر يېزىقلىق تۇرىدۇ، سەن بۇلارنى ئوقۇپ بىلىۋېلىشىڭ كېرەك.

- ئەمما مەن ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم.

- ئەگەر سەن زەن سېلىپ قارىغان بولساڭ بىلىۋالغان بولاتتىڭ، بۇ ھېلىقى كۆلرەڭ بايتالنىڭ تۇياق ئىزى، تۇياقتىكى تاقىنىڭ ئۈچ تال مىخى چۈشۈپ قاپتۇ، ناۋادا ئۇ شەنبە كۈنى مۇشۇ ھالەتتە شەھەرگە كىرگەن بولسا، تاقىسى چىقىپ كېتىپ يارىلىنىپ قايتىپ كېلىدۇ.

پىيېر، چۈشەندىڭمۇ؟ بەزى خاتىرىلەرگە يېزىق كەتمەيدۇ. ئادەم جاھاندا ياشايمەن دېسە، بۇلارنىمۇ ئوقۇيالايدىغان بولۇشى كېرەك.

## ئوسال مىجەز

ناھايىتى ئەركە ئۆسكەن، باشقىلارغا قالايمىقان ئاچچىقلىنىۋېرىدىغان بىر ئوغۇل بالا بار ئىكەن.

بىر كۈنى ئاتىسى ئۇنىڭغا بىر خالتا مىخنى بېرىپ:

- ھەر قېتىم ئاچچىقلانغىنىڭدا قورۇنىڭ كەينىدىكى قورۇق تامغا بىر تال مىخ قېقىپ قوي، - دەپتۇ.

بىرىنچى كۈنى بۇ بالا 37 قېتىم ئاچچىقلىنىپتۇ، شۇڭا 37 تال مىخ قېقىپتۇ. بارا - بارا بۇ بالا ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشنىڭ مىخ قاققانغا قارىغاندا ئاسانراق ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئاچچىقلايدىغان قېتىم سانى ئاز - ئازدىن كېمىيىپتۇ.

ئاخىر بىر كۈنى بۇ بالا ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان، قالايمىقان ئاچچىقلانمايدىغان بوپتۇ.

ئاتىسى ئۇنىڭغا يەنە:

- ھازىردىن باشلاپ ھەر قېتىم ئاچچىقىڭنى بېسىۋالغان چاغدا، بىر تال مىخنى يۇلۇۋال، - دەپتۇ.

نۇرغۇن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئوغۇل بالا ئاخىر بارلىق مىخلارنى يۇلۇپ چىقىرىۋاپتۇ.

ئاتىسى ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ قورۇنىڭ كەينىدىكى قورۇق تامنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

- بالام، سەن ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدىڭ، ئەمما تۆشۈك بىلەن قاپلانغان بۇ قورۇق تامغا قاراپ باق، ئەمدى ئۇنى زادىلا ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. سەن ئاچچىقلانغاندا دېگەن، باشقىلارغا ئازار بەرگەن گەپلەرمۇ خۇددى مىخقا ئوخشاش باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە يارا قالدۇرىدۇ، سېنىڭ كېيىن قانچىلىك ئەپۇ سورىشىڭدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تارتۇقى مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ.

ھەر ۋاقىت ئېسىمىزدە بولسۇن، باشقىلارنىڭ قەلبىگە خالىغانچە مىخ قاقمايلى.

# ھاياتنىڭ قىممىتى

## ياڭ شياۋيۈن

دارىلئېتامدا چوڭ بولۇۋاتقان بىر ئوغۇل بالا ھەمىشە ئۈمىدسىزلىك بىلەن دارىلئېتام باشلىقىدىن:

- باشقىلار بېقىشنى خالىمايدىغان مەندەك بىر بالىنىڭ ياشىغىنىنىڭ زادى نىمە ئەھمىيىتى بار؟- دەپ سورايدىكەن.

دارىلئېتام باشلىقى كۈلۈپ قويۇپ، بالىغا بىر پارچە تاشنى بېرىپتۇ - دە:

- ئەتە ئەتىگەن بۇ تاشنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىڭ، ئەمما راستتىن ساتمايسىز، ئېسىڭىزدە بولسۇن، باشقىلارنىڭ قانچە پۇل چىقىرىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىز سېتىشقا بولمايدۇ،- دەپتۇ.

ئەتىسى ئوغۇل بالا بازارنىڭ بۇلۇڭىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بىرمۇنچە ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ھېلىقى تاشنى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتقانلىقى، يەنە كېلىپ باھانى ھەدەپ ئۆرلىتىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. ئوغۇل بالا دارىلئېتامغا قايتىپ كېلىپ بۇ ئەھۋالنى خۇشاللىق بىلەن دارىلئېتام باشلىقىغا مەلۇم قىپتۇ، دارىلئېتام باشلىقى كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ئەتە ئالتۇن بازىرىغا ئاپىرىپ خېرىدار چاقىرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئالتۇن بازىرىدا ھېلىقى تاشنى تۈنۈگۈنكىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق باھادا سېتىۋېلىشنى خالايدىغانلار چىقىپتۇ.

ئاخىر دارىلئېتام باشلىقى ئوغۇل بالىغا تاشنى ياقۇت بازىرىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىشنى تاپشۇرۇپتۇ، نەتىجىدە تاشنىڭ باھاسى تۈنۈگۈنكىدىن يەنە ئون ھەسسە ئېشىپتۇ، تېخى ئوغۇل بالا ھەرقانچە قىلسىمۇ ساتمىغاچقا، بۇ تاش «جاھاندا ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر» كەن دەپ تارقىلىپ كېتىپتۇ.

ئوغۇل بالا خۇشاللىقتىن قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا تاشنى كۆتۈرگىنىچە دارىلئېتامغا قايتىپ كېلىپ، بۇ ئەھۋاللارنى دارىلئېتام باشلىقىغا دەپ بېرىپتۇ. دارىلئېتام باشلىقى ئوغۇل بالىغا قاراپ تۇرۇپ، ئاستاغىنە سۆزلەپتۇ:

- ھاياتنىڭ قىممىتى مۇشۇ تاشقا ئوخشايدۇ، ئوخشىمىغان مۇھىتتا ئوخشىمىغان ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. دىققەت - ئېتىبارنى قوزغىيالمايدىغان بىر پارچە تاش سىزنىڭ قەدىرلىشىڭىز، ئەتىۋارلاپ سېتىشىڭىز بىلەن ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، جاھاندا ئاز ئۇچرايدىغان گۆھەر دەپ تەرىپلەندى، سىزمۇ مۇشۇ تاشقا ئوخشايسىزغۇ؟ ئۆزىڭىز ئۆزىڭىزنى ئەتىۋارلىسىڭىز، قەدىرلىسىڭىزلا، ھاياتىڭىز ئەھمىيەتلىك بولىدۇ، ئۆز قىممىتىنى تاپىدۇ.

# يېقىملىق ئورا

بىر ئانا ئۆزىنىڭ 24 ياشلىق ئوغلى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ئۇ پسىخىكا مائارىپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىسنى ئىزدەپ بېرىپ مەسلىھەت سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ.

مۇتەخەسسىس: «بالىڭىز تۈنجى قېتىم ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنى قارىغۇ كىرتمەك قىلىپ باغلاپ قويغاندا، سىز ئۇنىڭغا ئىككىنچىلەپ بوغقۇچى بار ئاياغنى ئېلىپ بەرمىگەن، شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئانا بېشىنى لىڭشىتىپتۇ. مۇتەخەسسىس يەنە: «بالىڭىز تۈنجى قېتىم چىنە يۇيۇپ كىيىمىنى ھۆل قىلىۋالغاندا، سىز ئۇنى چىنە - قاچا يۇيۇش تەڭنىسىگە ئىككىنچىلەپ يېقىن يولاتمىغان، شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئانا بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاپتۇ. مۇتەخەسسىس ئارقىدىن: «بالىڭىز تۈنجى قېتىم ئورۇن - كۆرپىسىنى يىغىشقا تۇپتوغرا بىر سائەت ۋاقىت سەرپ قىلغاندا، سىز ئۇنى كالانپاي دەپ ياراتمىغان، شۇنداقمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ ئانا ھاڭ - تاڭ بولۇپ مۇتەخەسسىسكە لەپپىدە قاراپ قويۇپتۇ. مۇتەخەسسىس يەنە: «بالىڭىز ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەت ئىزدىگەندە، سىز يەنە ئۆز مۇناسىۋىتىڭىز ۋە ھوقۇقىڭىزنى ئىشقا سالدىڭىز» دەپتۇ. بۇ ئانا تېخىمۇ ھاڭ - تاڭ قېلىپ: «بۇنى قانداق بىلىۋالدىڭىز؟» دەپتۇ.

مۇتەخەسسىس: «ھېلىقى ئاياغ بوغقۇچىدىن بىلىۋالدىم» دەپتۇ. ئانا: «ئۇنداق بولسا بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمەن» دەپ سوراپتىكەن، مۇتەخەسسىس: «ئۇ تويى قىلىدىغان چاغدا، ئەڭ ياخشىسى ئۆي تەييارلاپ بېرىڭ؛ پۇلدىن قىسىلسا ئەڭ ياخشىسى پۇل ئاپىرىپ بېرىڭ. بۇ سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەڭ ياخشى تاللىشىڭىز، باشقىسىغا ئامال

www.uyghurkitap.com

قىلالمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىدە ئىنتايىن يېقىملىق بىر ئورا مەۋجۇت، ئۇنى ئاتا - ئانىسى ئۆز قولى بىلەن قازىدۇ. ئورىغا چۈشۈپ كەتكەن بالا خاتالىق ئۆتكۈزۈش ۋە خاتالىقنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتى تارتىۋېلىنغانلىقتىن، ئۆسۈپ چوڭ بولۇش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ.

## ئۆزىنى تونۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىش

### دۇك باۋگاڭ

ۋانگوك رەسسام بولۇشتىن ئىلگىرى بىر كان رايونىغا بېرىپ باستىبر بولغانىكەن. بىر قېتىم ئۇ خاكچىلار بىلەن بىللە قۇدۇققا چۈشۈپتۇ، لىفىتتا ئۇنى قاتتىق قورقۇنچ بېسىپتۇ، تىترەپ تۇرغان زەنجىرلەر غىچىرلاپ تۇرغۇدەك، ساندۇقنىڭ تاختايلىرى ئۇياندىن - بۇيانغا لەپەڭشىپ تۇرغۇدەك، ھەممە كىشى ئۈن - تىن چىقارماستىن بۇ ماشىنىنىڭ ئۆزلىرىنى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بىر قاراڭغۇ ئازگالغا ئەكىرىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ئولتۇرغۇدەك، ئەمما ۋانگوك بىر پېشقەدەم خاكچىنىڭ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىغەم ئولتۇرغانلىقىغا دىققەت قىپتۇ. كېيىن ئۇ بۇ پېشقەدەم ئىشچىدىن:

- سىز ئادەتلىنىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ - دەپ ئاستاغىنە سوراپتۇ. ئەمما نەچچە ئون يىل لىفىتتا ئولتۇرغان بۇ كونا ئىشچى:

- ياق، مەن مەڭگۇ ئادەتلىنەلمەيمەن، مەڭگۇ قورقىمەن، مېنىڭ ئۆزۈمنى تونۇۋېلىشنى ئۆگىنىۋالغانلا يېرىم بار، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ۋانگوك پېشقەدەم ئىشچىنىڭ سۆزىنى ئېسىدە مەھكەم ساقلاپتۇ، كېيىنكى رەسىم سىزش ھاياتىدا قەتئىي ئىرادە بىلەن يۇقىرى قاتلام نام - مەنپەئەت سورۇنىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن ئۆزىنى تونۇۋاپتۇ، ئوڭۇشسىزلىق، مەغلۇبىيەت، سوغۇق مۇئامىلە، خىجالەتچىلىك ۋە كېسەللىك قاتارلىق مۇشكۇلاتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن ئۆزىنى تونۇۋاپتۇ، قېتىرقىنىپ ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، مەشھۇر ئىمپېرىسسىئونىزم ئۇستازى بولۇپ قاپتۇ.

ئۆزىنى تونۇۋېلىش - ئۆزىنى ئۆزى تەكشۈرۈش، بىمالال تونۇش، ئالدىراشچىلىق ئىچىدە كۈتۈشنى ئۆگىنىۋالىدىغان، كۈتۈش ئىچىدە پۇرسەت ئىزدەيدىغان يېتىلىشتۇر.

## ياشلار بىلەن ياشانغانلار

تەقى - تۇرقى ناھايىتى كېلىشكەن ۋە تالانتى كامالەتكە يەتكەن بىر يىگىت بار ئىكەن، بېشىدىن كۆپ ئىسسىق - سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن قېرىلارنى ھەمىشە كۆزگە ئىلمايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ يىگىت ئاتىسى بىلەن بىللە باغچىنى ئايلىنىپتۇ، ئۇ بىر تال گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ:

- ئاتا، بىز ياشلار مۇشۇ گۈلگە ئوخشايمىز، ھاياتىي كۈچىمىز ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. سىلەر ياشانغانلارنى قانداقمۇ بىز ياشلارغا سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ - دەپتۇ.

ئاتىسى بۇفتىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر بولاق ياڭاق سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن بىرنى ئالىقىنىغا قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

- بالام، ئوخشىتىشىڭ جايىدا بولدى، سەن گۈل بولساڭ، مەن مۇشۇ قۇرۇق مېۋە، لېكىن ئەمەلىيەت كىشىلەرگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، گۈل ھاياتىنى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بەرگىلىرىدە نامايان قىلىشنى ياقتۇرىدۇ، ئەمما مېۋە ھاياتىنى چوڭقۇر يوشۇرۇۋالىدىغان ئۇرۇقىدا قاتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ!

يىگىت يەنىلا قايىل بولماپتۇ:

- گۈلى بولمىسا مېۋىسى نەدىن كېلىدۇ؟

ئاتىسى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ:

- شۇنداق، بارلىق مېۋىلەر گۈل ئىدى، ئەمما گۈللەرنىڭ ھەممىسى مېۋە بولالمايدۇ!

## قەپەس

بىر دانىشمەن بىر باستىبر بىلەن ئۇنىڭغا بىر قەپەس بەرسە ھەمدە بۇنى ئۇنىڭ ئۆيىدە ئېسىپ قويسا، ئۇ جەزمەن بىر قۇش سېتىۋالىدىغانلىقى ھەققىدە ئۇتتۇشۇپتۇ.

باستىبر بۇنىڭغا ئىشەنمەي، ئۇتتۇشۇشقا ماقۇل بوپتۇ، شۇڭا دانىشمەن ئىنتايىن چىرايلىق بىر قەپەس سېتىۋېلىپ باستىبرغا بېرىپتۇ، باستىبر قەپەسنى ياتىقىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

نەتىجىدە بىرەرسى باستىبرنىڭ ئۆيىگە

كىرسىلا:

— قۇشىڭىز قاچان ئۆلۈپ قالدى؟— دەپ سورايدىغان بوپتۇ.

— مېنىڭ ئەزەلدىن قۇشۇم بولغان ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا قەپەسنى نېمە قىلىسىز؟

باستېر كېيىنچىرەك: «قۇشتىن بىرنى سېتىۋېلىش نىمىشقا قەپەسلا بولۇپ، قۇشۇم يوقلۇقىنى چۈشەندۈرگىنىمدىن جىق ئاسان ئىكەن، قارىغاندا راستتىنلا بىر قۇش سېتىۋالسام بولغۇدەك» دەپتۇ.

كىشىلەر ھەممىشە ئالدى بىلەن كاللىسىغا ئەنە شۇنداق قەپەس ئېسىۋالىدۇ، ئاخىرىدا قەپەسكە قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى قاچىلىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

## مۇھەببەتنىڭ ئورنى

### ما گوفۇ

بىر كۈنى ياشانغان پروفېسسور دەرس ئۆتۈۋېتىپ مۇنداق بىر ھېكايە ئېيتىپتۇ: بىر پادىشاھنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ ئوغۇللىرىغا بەك ئامراق ئىكەن، ئەمما تەختنى قايسى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى بىلەلمەپتۇ، ئاخىر ئۈچ ئوغلىدىن «ئاتاڭغا بولغان مۇھەببىتىڭنى قانداق ئىپادىلىمەكچىسەن؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. چوڭ ئوغلى:

— مەن ئاتىمىزنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىدىن دوپپا تىكىپ، مەملىكىتىمىز پۇقرالىرىنى ھەر كۈنى سىزنى باش ئۈستىگە ئېلىپ يۈرىدىغان قىلىمەن،— دەپتۇ. ئىككىنچى ئوغلى:

— مەن ئاتىمىزنىڭ ساۋابلىق ئىشلىرىدىن ئاياغ تىكىپ، جاھاندىكى پۇقرالارغا ئۇلارنى سىزنىڭ تىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرىمەن،— دەپتۇ. كەنجى ئوغلى:

— مەن سىزنى ئادەتتىكى بىر ئاتا قاتارىدىلا كۆرۈپ، ئەبەدىلئەبەد قەلبىمدە ساقلايمەن،— دەپتۇ. ئاخىر پادىشاھ تەختنى كەنجى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

پروفېسسور ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، دەرسخانىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا:

— قىشلىق تەتىلدە ئاتا - ئانىسىنىڭ پۇتىنى يۇيۇپ قويغان ساۋاقداشلار قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار،— دەپتۇ. بۇ، پروفېسسور ئوقۇغۇچىلارنى تەتىلگە قويۇپ بېرىشتىن ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرغان تاپشۇرۇق ئىكەن، ئورۇنلىيالمىغان ساۋاقداشلاردىن ئەخلاق نومۇرى تۇتۇپ قېلىنىدىكەن.

يۈزنەچچە جۈپ قول شارت - شۇرتلا كۆتۈرۈلۈپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغان بىر ساۋاقداشلا قولىنى كۆتۈرمەپتۇ. پروفېسسور بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىدا، ئۇ لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇۋېرىپتۇ.

پروفېسسورنىڭ سەل ئاچچىقى كەپتۇ:

— سىز مېنىڭ گېپىمنى قۇلىقىڭىزدا تۇتمىدىڭىزمۇ، نېمە؟

— ئاتا - ئانامنىڭ پۇتىنى تازىمۇ يۇيۇپ قويغۇم بار ئىدى، بىراق. . .

— نېمە ئۇ بىراق دېگەن، ئۆزىڭىزگە باھانە ئىزدىمەڭ!

— مېنىڭ ئاتا - ئانام بىر قېتىملىق ماشىنا ھادىسىسىدە ئىككى پۇتىدىن ئايرىلغان، مەن ئۇلارنىڭ بېشىنىلا يۇيۇپ قويالىدىم. . .

ھاۋا ئاشۇ دەقىقىدە قېتىپ قالغاندەك بوپتۇ، سىنىپ ئىچى كىشىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئاڭلىيالىغۇدەك دەرىجىدە جىمىپ كېتىپتۇ.

پروفېسسور شۇئان ئۆزىنىڭ ئاق - قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا تەنقىد قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئوقۇغۇچىدىن ئەپۇ سوراپتۇ، ئۇ سەممىيلىك بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئېسىڭلاردا بولسۇن، مۇھەببەتنىڭ ئورنى ئېغىزدا، باشتا بولمايدۇ، پۇتتىمۇ بولمايدۇ، پەقەت قەلبتىلا بولىدۇ، ھەر ۋاقىت باشقىلارغا غەمخورلۇق قىلىدىغان كىچىك ئىشلاردا بولىدۇ.

## كۆتۈلمىگەن ئەھۋال

### جۇ لىشى

ئۇ كاماندىروپكىغا چىقىپ ھەمىيىنىنى ئوغرى ئېلىۋاپتۇ، بىر تىيىنسىز قاپتۇ. «بىلمەيدىغان يەرنىڭ ئۆي - چوڭقۇرى تولا» دېگەندەك ھېچكىمدىن ياردەم سورىيالماپتۇ.

ئۇ قورسىقى ئېچىپ بولالماي، بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقان چاغدا، ئاشخانىدا يەپ - ئىچىپ ئولتۇرغان بىر يىگىت

ئۇنى چاقىرىپتۇ:

- هوي، بۇياققا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، مەن مېهمان قىلىمەن. قانداق هاراق ئىچكۈڭىز بار؟ قورۇمىدىن قاندىقىنى بۇيرۇتاي؟

ئۇ ماقۇل دېيىشكە پېتىنالماي، ئالدامچىغا ياكى سەۋدايىغا ئۇچراپتىمەن دەپ تەخمىن قىپتۇ.

- خاتىرجەم بولۇڭ،- دەپتۇ يىگىت يەنە،- مەن يامان ئادەم ئەمەس. هېلىلا دوختۇرخانىدىن چىقتىم، خوتۇنۇمنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى چىقتى، راك ئەمەس ئىكەن. . . مەن بەك خۇشال، ئاۋارىگەرچىلىكتىن قاچماي، ماڭا بىرەر رومكا ئىچىشىپ بەرسىڭىز.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇشال ئولتۇرۇپتۇ ھەمدە كۆزىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

- كېلىڭ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!- دەپتۇ.

## شەخسىيەتچىلىك بەدىلى

ۋېيتنام ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئامېرىكىلىق بىر ئەسكەر ئۇرۇشنى تۈگىتىپ دۆلىتىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ سان - فرانسىسكو مېهمانخانىسىدا ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالماپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يېرىم كېچىدە ئۆيىدىكى ئاتا - ئانىسىغا تېلېفون قىپتۇ:

- ئاتا، ئانا، مەن ئۆيگە قايتىپ كەتكىلى تۇراتىمەن. ئەمما سىلەردىن بىر ئىشقا ياردەملىشىشنى ئىلتىماس قىلماقچىمەن، مەن بىر دوستۇمنى ئالغاچ باراي دېگەنىدىم.

- ئەلۋەتتە بولىدۇ،- دەپتۇ ئاتىسى جاۋابەن،- ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەك ناھايىتى خۇشال بولىمىز.

- لېكىن بىر ئىشنى دېمىسەم بولمايدۇ، ئۇ ئاشۇ قاباھەتلىك ئۇرۇشتا مىناغا دەسسىۋېلىپ ئېغىر يارىلانغان، بىر پۇتى ۋە بىر قولىدىن ئايرىلىپ مېيىپ بولۇپ قالغان. مەن ئۇنى بىز بىلەن بىللە ئۆتسە دېمەكچىدىم.

- هە، ئۇنىڭغا ياردەم قىلماقچى بولساڭ، ئۇ تۇرىدىغان باشقا ئورۇن تېپىپ بەرسەك بولىدۇ.

- ئۇ مېيىپ بولۇپ قالدى، باشقا جايغا بارالمايدۇ - دە!

- بالام، شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۆز يولى بىلەن ماڭىدۇ، سېنىڭ دوستۇڭ بىزگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرىدۇ. ئۆزۈڭ يالغۇز قايتىپ كەلگىن، ئۇ ئۆز يولى بىلەن ياشايدۇ. . .- ئاتىسىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئوغلى تېلېفوننى قويۇۋېتىپتۇ.

ئاتا - ئانىسى ئۆيدە نۇرغۇن كۈنلەر ساقلىغان بولسىمۇ، ئوغلى يەنىلا قايتىپ كەلمەپتۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئوغلىنىڭ بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ. چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمگەن ئاتا - ئانىسى شۇئانلا سان - فرانسىسكوغا يېتىپ بېرىپ، جەسەت ساقلاش ئۆيىدىن ئوغلىنى تېپىپتۇ، ئەمما ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن ئوغلىنىڭ بىر پۇتى ۋە بىر قولى كەملەپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ. . .

## ساقال

بوۋىسىنىڭ قويۇق ئۆسكەن، مەيدىسىگە چۈشىدىغان ناھايىتى ئۇزۇن ساقىلى بار ئىكەن.


بىر كۈنى بەش ياشلىق قىز نەۋرىسى بوۋىسىنىڭ ساقىلىنى تارتىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

- بوۋا، شۇنداق ئۇزۇن ساقال قويۇۋاپسىز، كەچتە ئۇخلايدىغان چاغدا ساقىلىڭىزنى يوتقاننىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالامسىز ياكى سىرتىغا چىقىرىۋالامسىز؟

بوۋىسى دەماللىققا بىرنېمە دېيەلمەپتۇ، چۈنكى ئۇ كەچتە ئۇخلىغاندا ساقىلىنى زادى يوتقاننىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالىدىغانلىقى ياكى سىرتىغا چىقىرىۋالىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغانىكەن.

شۇ كېچىسى ئۇخلايدىغان چاغدا، بوۋىسى بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىپتۇ، ئۇ باشتا ساقىلىنى يوتقانغا ئەكىرىۋېلىپ يېتىپتۇ، ئەمما بىردەمدىلا ئىچى پۇشۇپ كېتىپتۇ، ئارقىدىن يەنە ساقىلىنى يوتقاننىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇپ يېتىپ بېقىپتۇ، بۇنىڭدىمۇ ئوخشاشلا بىئارام بوپتۇ، ئۇيان قويۇپ، بۇيان قويۇپ بېقىپ كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ.

تۇرمۇشتىكى بىرمۇنچە ئىشلارنى ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىز تاپىمىز.



# زوردۇن سابىر ۋە مەكىت

(ئەسلىمە)

مۇتەللىپ سىيت

(بېشى ئالدىنقىساندا)

مەن زوردۇنكامنىڭ ھېكايىلىرىنى فىلىم قىلىپ ئىشلەش مەقسىتىدە تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسىنىڭ كىنو رېژىسسورى تۇيغۇن ئەخمىدى بىلەن بىرقانچە قېتىم سۆزلەشتىم. تۇيغۇن ئەخمىدىنىڭ ئوي - پىكرى بىلەن مېنىڭ پىكرىم بىر يەردىن چىقتى. تۇيغۇن ئەخمىدىمۇ زوردۇنكامنىڭ «ئېھ، توپىلىق يول» ھېكايىسىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان كىنو سېنارىيىسىنى تيەنجىن كىنو ستۇدىيىسى بىلەن بىرلىشىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئۆزى فىلىمنىڭ رېژىسسورلۇقىنى قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ تۇيغۇن ئەخمىدىنىڭ فىلىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلىشىنى تىلىدىم. بىر كۈنى مەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى دەرۋازىسى ئالدىدا «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى تاش مامۇت بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. تاش مامۇت ماڭا زوردۇن سابىرنىڭ «ئېھ، توپىلىق يول» ھېكايىسىنى كىنو سېنارىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىققانلىقىنى پات يېقىندا تۇيغۇن ئەخمىدىنىڭ مەكىتكە بېرىپ سېنارىيىنى سۈرەتكە ئېلىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى، سېنارىيىنىڭ تۇرمۇش ۋە يېزىلغان ئورۇننىڭ مەكىت بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپرەك ياردەملىشىشنى ئېيتتى. مەن خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

2000 - يىلى يىلنىڭ ھارپا كېچىسى ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئابلىكىم ھۇسەيىن، ئاممىۋى سەنئەت سارىيىدىن پەرھات تۇرسۇن ماڭا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون بېرىپ «زوردۇن سابىرنىڭ ‹ئېھ، توپىلىق يول› ھېكايىسىدىن ئۆزگەرتىپ يېزىلغان سېنارىيىنى مەلۇم بىر شىركەت ئىشلەيدىغان بولدى. تېزدىن ئەۋەتىپ بەرسىڭىز» دېدى. مەن «بۇ سېنارىيىنى مەن يازمىدىم، ‹شىنجاڭ سەنئىتى› ژۇرنىلىدىكى تاش مامۇت يازغان، شۇنىڭدىن ئىزدەپ تېپىڭلار» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇلارمۇ يوقاپ كەتتى. تۇيغۇن ئەخمىدىمۇ يوقاپ كەتتى. ھېچقايسىسى ئىشلىمىدى.

2000 - يىلى 5 - ئاينىڭ 25 ,- كۈنى پەيشەنبە شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكىدىن قۇربانجان ھېيت بىلەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىن ئەنۋەر سەمەتلەر مېنى يوقلاپ ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى دوختۇرخانىسى بالنىتسىغا كەلدى (مەن شۇ چاغدا ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىۋاتقانىدىم) . ئۇلار زوردۇن سابىرنىڭ «ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» ناملىق ھېكايىسىدىن مەن ئۆزگەرتىپ ئۈچ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ يازغان سېنارىيىنى مەكىتكە بېرىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئىشلەشتىن بۇرۇن زوردۇن سابىرنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ رازىلىق خېتىنى ئەكېلىپ بېرىشىمنى تاپىلىدى. بۇ خەۋەر مېنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. مەن دەرھال ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ناۋات سېلىپ مېھمان قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ «ئاشپۇزۇلغا بارايلى» دېدىم. ئۇلار ئۇنىماستىن مېنى «1 - ماي» سودا بازىرىغا باشلاپ چىقىپ مېھمان قىلدى. مەن ئۇلارغا زوردۇنكامنىڭ ماڭا ئېيتقان مۇھىم بىر ئارزۇسىنىڭ يازغان ھېكايىلىرىنى ئېكران ئارقىلىق خەلققە كۆرسىتىش ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ ھېكايە تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلەنسە زوردۇنكامنىڭ ھايات ۋاقتىدا

ماڭا ئېيتقان ئارزۇسىنىڭ ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى، زوردۇنكامنىڭ روھىنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. قۇربانجان ھېيت مېنىڭ قولۇمنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ «زوردۇنكامنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمىز» دېدى.

مەن ئەتىسى 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى (جۈمە) زوردۇنكامنىڭ ئائىلىسىگە بېرىپ خەلچەم ھەدەم بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى. خەلچەم: «ئۇلار ئىشلەيدىغان بولسا مەن رازىلىق خەت يېزىپ بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار، مەن سىزنىڭ زوردۇن ھايات ۋاقتىدا سىزگە تاپىلىغان ھېكايىلىرىنى كىنو - تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقىرىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

چاي ئارىلىقىدا خەلچەم ماڭا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىن نۇرگۈل يۇنۇس بىر رېژىسسور ئايالنى باشلاپ كەپتىكەن، ئۇلار «زوردۇن يازغان ‹ئېھ، توپىلىق يول› ھېكايىسىنى تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلەيمىز، سىز بىلەن توختام ئىمزالاشقىلى كەلدۇق. سىزگە 5 مىڭ يۈەن قەلەم ھەققى بېرىمىز، رازىلىق بېرىپ توختامغا ئىمزا قويۇپ بېرىڭ دېدى، مەن ئىمزا قويۇپ بەرگەنىدىم. لېكىن ئىككى يىل بولدى ھېچ خەۋىرى بولمىدى» دېدى. راست دېگەندەك نۇرغۇن ئورۇن نۇرغۇن ئادەملەر «ئېھ، توپىلىق يول»نى كىنو فىلىمى، تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلەيمىز دەپ ۋەدە قىلىشتى، لېكىن ھازىرغىچە تېخى ئىشلىنىپ چىقمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بەلكى يەنىلا مەبلەغ سالغۇچىنىڭ يوقلۇقىدا بولۇشى مۇمكىن.

2000 - يىلى 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى (مەن ئۈرۈمچىگە خىزمەت يۈزىسىدىن ئىش بېجىرگىلى بارغانىدىم) ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىدىن قۇربانجان ھېيت مېنى يەنە قايتا ئىزدەپ كەلدى. قۇربانجان ھېيت ماڭا «زوردۇنكامنىڭ ‹ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە› ھېكايىسىدىن ئۆزگەرتىپ يازغان ئۈچ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى سىنارىيىسىنى قايتا ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ چىقساق، ئىككىيلەن بىرگە تۇرۇپ سىنارىيىنى بىر قېتىم ئوقۇپ ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، كېلەر يىلى چوقۇم مەكتەتە سۈرەتكە ئالساق» دېدى. مەن ماقۇل دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن بولساممۇ، لېكىن قۇربانجان ھېيت خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا ۋاقىت چىقىرالماي قالدى. مەن خىزمىتىم ئاخىرلىشىپ قايتىپ كەلدىم. لېكىن مەن زوردۇنكامنىڭ ھايات ۋاقتىدا تىلىگەن ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن لەۋزە قىلغان قۇربانجان ھېيتقا چوڭقۇر ھۆرمىتىمنى ۋە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن، ھەمدە مۇشۇ يېزىۋاتقان قۇرلاردىكى ساپ كۆڭۈل بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان پۈتۈن ھاياتىنى، بارلىقىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن بېغىشلىغان زوردۇن سابىرنىڭ ھېكايە، پوۋېست، رومانلىرىنى كىنو ۋە تېلېۋىزىيە ئېكرانىغا چىقىرىش ئۈچۈن نىيەت باغلىغان بارلىق سىنارىست، رېژىسسور ۋە مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن! شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى، يېقىن كەلگۈسىدە زوردۇنكامنىڭ ھېكايىلىرىنى كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىمى قىلىپ ئىشلەشكە چوقۇم بىرسى چىقىدۇ.

1997 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى زوردۇنكامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت مەرىكىسى بولۇپ، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بولسا كېرەك، زوردۇنكام ماڭا تېلېفون بېرىپ «لەنجۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا دەرس بەرگەن بىر ئوقۇغۇچۇمنىڭ پەرزەنتىنىڭ تويى بولماقچى، مەن بىلەن بىرگە بېرىپ كەلسىڭىز، سىز بىلەن بىر مۇڭدىشىۋالاي دېدىم» دېدى. توي ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى ئاشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى قادىر ھوشۇرنىڭ پەرزەنتىنىڭ تويى ئىكەن. مەن بىرگە باردىم. تويدىن كېيىن بىز پىيادە مېڭىپ يولدا كەلگىچە مۇڭداشتۇق. زوردۇنكام ناھايىتى جۈدەپ كەتكەن بولۇپ، يولدا ناھايىتى تەستە ماڭدى. كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىمۇ خېلى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ. مەن يولدا يۆلىۋالدىم، زوردۇنكام ماڭا: « ‹ئانا يۇرت› رومانىم پۈتتى. نەشرگە بەرمەكچى بولۇۋاتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۈنى ئەزرائىل كېلىپ زوردۇن يۇر

دەيدۇ. مەن خان لەيلۇننى ئوقۇپ ئەزرائىلنىڭ كەينىدىن ماڭغۇچە ئوغلۇمنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇۋالسام دەپ ئارزۇ قىلىمەن، شۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقۇچە ئەزرائىل دېگەن كىسپۇرۇچ مېنى ئىزدىمەي تۇرسا بولاتتى» دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى. مەن «ئۇنداق دېمەڭ زوردۇنكا، بالىلىرىڭىز ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بىرقانچە ئون يىل ئۇزۇنراق ياشاڭ، مەن سىزنى مەكتەپكە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىمەن دەپ يۈرىيمەن. بۇ قېتىم چوقۇم خەلچەمنى ئېلىپ بېرىڭ. مەكتەپنى كۆرسۇن، مەكتەپ خەلقىنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئېزىزلايدىغانلىقىنى خەلچەم كۆراپ باقسۇن» دېدىم. زوردۇنكام «ھەي مەكتەپ، مەكتەپنى، مېھماندوست، خېزىر سۈپەت دولان خەلقىنى دېسەم، خەلچەمخان يۈر، مەشرەپكە ماڭدۇق، دەپ پالتاخۇن ئايىسخاننى كەينىگە سېلىپ ماڭغاندەكلا مەكتەپكە كەتكۈم بار. لېكىن مۇتەللىپ سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، ئەھۋالىم كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بىرقانچە يىل ئۇزۇنراق ياشاشقا كۆزۈم يەتمەيۋاتىدۇ، سالامەتلىكىم ياخشى بولسا رومانىنى نەشرىياتقا تاپشۇرۇۋېتىپ، مەكتەپكە ئارام ئېلىشقا چوقۇم بارىمەن» دېدى.



مەن زوردۇنكامغا: «بۇ قېتىمقى مەرىكىڭىز ناھايىتى ياخشى ئۆتتى، خەلقنىڭ كۆزى بار ئىكەن، خەلقنى سۆيگەن ئادەمنى خەلق سۆيىدىكەن، ئېزىزلايدىكەن، مىللەتنى سۆيگەن، مىللەت ئۈچۈن جان كۆيدۈرگەن ئادەمنى مىللەت ئۇلۇغلايدىكەن، سىز بىر ئۆمۈر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزدىڭىز، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن يازغۇچىلار، ھەۋەسكارلار، سىزگە ئېتىقاد قىلغۇچىلار سىزنى بېشىغا ئېلىپ كۆتەردى، ئات مىندۈردى، تون كىيدۈردى، گۈل تەقدىم قىلدى. سىزنىڭ مىللەتنى سۆيۈش روھىڭىزدىن ئۆگەنسەك بولغۇدەك. شۇ چاغدا مىللەتمۇ بىزنى سۆيىدىكەن» دېدىم. زوردۇنكام: «ئۆز ۋەتىنىنى، ئۆز يۇرتىنى، ئۆز خەلقىنى، ئۆز مىللىتىنى سۆيمىگەن ئادەم ئاسىي بولىدۇ. ئۇنىڭغا بەرگەن ئانا سۈتمۇ ھارام بولىدۇ» دېدى.

بىز ماڭغاچ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە پاراڭلاشتۇق. زوردۇنكام: «مەركەزدىكى رەھبەرلەر، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئەدەبىياتقا ناھايىتى بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھازىر گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. نۇرغۇن ياش يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. نۇرغۇن رومانلار يېزىلىپ نەشردىن چىقتى. كەلگۈسىدە يەنە نۇرغۇن ياخشى رومانلار مەيدانغا كېلىدۇ. لېكىن بىزدە بىرنەرسە كەم بولۇۋاتىدۇ. يېزىلغان، نەشر قىلىنغان ياخشى ئەسەرلەرنى قېرىنداش خەنزۇ خەلقىگە تونۇشتۇرۇش ياخشى بولمايۋاتىدۇ، بولۇپمۇ ياخشى ئەسەر، رومانلار خەنزۇ ئەدەبىياتىغا تونۇشتۇرۇلۇپ شۇ ئارقىلىق ياكى بولمىسا بىۋاستە تەرجىمە ئارقىلىق دۇنيا ئەدەبىياتىغا تونۇشتۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. مەن گېرمانىيىگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلىگەندە، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى تېخى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ كۆپ ئەپسۇسلانغاندىم. ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇش كېرەك. نوپۇس سانى بىزدىن كۆپ بولمىغان قىرغىزلارنى چىڭگىز ئايتماتوف دۇنياغا تونۇتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىرغىز تۇرمۇشىدا يېزىلغان ئەسەرلىرى بىلەن تونۇتتى. شۇڭا بىزدە مىللەتنى دۇنياغا تونۇتۇشنەك روھ يېتىلىشى كېرەك. بىزدە تېخى مۇنداق روھ كەمچىل. لۇشۈن، ماۋدۇن، باجىن، پۇشكىن، تولستوي، چېخوپ، گوركى، مۇپاسسان قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلاردەك مىللەتنى دۇنياغا تونۇتىدىغان روھ بارلىققا كەلگەندە، ئۇيغۇر

ئەدەبىياتى دۇنياغا يۈزلىنىدۇ» دېدى. مەن زوردۇنكامدىن: «بىزدىن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر چىقارمۇ؟» دەپ سورىدىم. زوردۇنكام ماڭا: «كەلگۈسىدە چوقۇم چىقىدۇ. بۇنى خەلق بەلگىلەيدۇ. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولۇشى، دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى يازغۇچىلار بىزنىڭ نادىر ئەسەرلىرىمىزنى چۈشىنىشى، ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. دۇنيا جامائەتچىلىكى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى چۈشەنمىسە، بىلمىسە، ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمىسە بۇنىڭدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بىزدىن كېيىن چوقۇم ئەڭ نادىر ئەسەرلەر ۋە مەشھۇر تالانتلىق يازغۇچىلار مەيدانغا كېلىپ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى مۇمكىن. مەنمۇ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن» دېدى. ئەسلىسەم، زوردۇنكام مەكىتكە 3 - قېتىم كەلگەندە مەكىت دولان قەلەمداشلىرى بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە مۇھەممەتجان ھۈسەيىننىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى سوئالىغا ئۆز ۋاقتىدىمۇ مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكى يادىمدا قاپتۇ.

بىز ئۇزاق سۆھبەتتىن كېيىن بىرگە تاماق يېدۇق. زوردۇنكام «رومانىمنىڭ ئورگىنالىنى رەتلەيمەن» دەپ ئۆيىگە كېتىپ قالدى. شۇ ۋاقىتتىكى سۆھبەت ھاياتىمدا زوردۇنكام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش ۋە سۆھبەت بولۇپ قالدى. ئاشۇ كۈننى، ئاشۇ سۆھبەتنى ۋە زوردۇنكام بىلەن يېگەن ئاخىرقى ئاشۇ بىر ۋاق تاماقنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن!...

## زوردۇن سابىر ۋە دولان قەلەمداشلىرى

زوردۇن سابىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەرەققىيات تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تالانتلىق يازغۇچى. مەكىت ناھىيىسىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ھازىرغىچە زوردۇن سابىرنى ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچىسى دەپ قاراپ كەلمەكتە. بۇنىڭ ئەلۋەتتە تارىخىي ۋە رېئال ئاساسى بار.

زوردۇن سابىر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەكىت ناھىيىسىگە ئۈچ قېتىم كەلدى. بىرىنچى قېتىملىقى 1979 - يىلى يازدا، ئىككىنچى قېتىملىقى 1983 - يىلى كۈز پەسلىدە، ئۈچىنچى قېتىملىقى 1986 - يىلى يازدا. زوردۇن سابىرنىڭ مەكىت خەلقى ئارىسىدا تارقالغان ياخشى پەزىلەت، ياخشى ئىستىل، ياخشى ئىش - ئىزلىرىنى رومان قىلىپ يازسىمۇ، تىللاردا داستان قىلىپ تەرىپلىسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

زوردۇن سابىر تۇنجى قېتىم مەكىتكە كەلگەندە بىزگە ناھىيىدە دەرھال ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىدىغان ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي يېزىقچىلىق بىلىمى جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئېيتقانىدى. زوردۇنكامنىڭ تەلىپى بويىچە مەكىت ناھىيىسىدە 1979 - يىلى 7 - ئايدا تۇنجى قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلدى. شۇ قېتىمقى يىغىنغا ناھىيە بويىچە 12 نەپەر ئەدەبىي ئىجادىيەتچى قاتناشتى. قەشقەر ۋىلايىتىدىن تەكلىپ بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئاساسلىق مۇھەررىرى مەرھۇم قۇربان ئىمىن قاتارلىقلار قاتناشتى. زوردۇنكام نەسرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى ھەققىدە، قۇربان ئىمىن نەزمىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى ھەققىدە دەرس ئۆتتى. شۇ چاغدا مەكىت ناھىيىسىدە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان تايانچ يازغۇچىلاردىن ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئاۋۇت ئوسمان، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىملار بار ئىدى. شۇ چاغدا زوردۇنكام ناھايىتى خۇشال بولۇپ، «مەكىت ناھىيىسىدە دولان قەلەمداشلار ئىجادىيەت قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشتا ئۈمىد چوڭ» دەپ يەكۈن چىقارغانىدى. زوردۇنكامنىڭ تەكلىپى بويىچە ناھىيە باشلىقلىرى ھەر يىلى بىر قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىشنى قارار قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن 1980 - يىلى 2 - قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلدى. زوردۇنكام بۇ يىغىنغا كېلەلمىگەن بولسىمۇ، قەشقەر ۋىلايىتىدىن قۇربان ئىمىن، ھاجى ئەخمەت، يەكەن ناھىيىسىدىن سۇزۇك، ئابدۇسەمەت خېلىل قاتارلىقلار كېلىپ قاتناشتى. 1981 - يىلى 3 - قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى، 1982 - يىلى 4 - قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى

ئېچىلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتناشقان ئادەملەر ئەسلىدىكى 20 دىن ئېشىپ 30 نەپەرگە يەتكەنىدى.

1983 - يىلى 10 - ئايدا زوردۇنكام مەكتەپكە ئىككىنچى قېتىم كەلدى. زوردۇنكامنىڭ تەكلىپى بويىچە مەكىت ناھىيىسىدە 5 - قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا مەكىت ناھىيىسىدىن 40 نەپەر ئەدەبىي ئىجادىيەتچى قاتناشتى. قەشقەردىن تۇرسۇن نىياز، ھاجى ئەخمەت، ئابلىمىت ھاجى، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، تاھىر تالىپ، ئابلىمىت قۇربان ساباھى، دىلبەر قەييۇم قاتارلىقلار تەكلىپ بىلەن قاتناشتى. بۇ چاغدا ياش يازغۇچى ئەختەم ئۆمەر مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئىجادىيەت قوشۇنىغا رەسمىي كىرىپ كەلگەن ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئىجادىيەت يىغىنىدا زوردۇنكام نەسرىي ئەسەرلەر ھەققىدە، تۇرسۇن نىياز، ھاجى ئەخمەت، ئابلىمىت ھاجىلار نەزمىي ئەسەرلەر ھەققىدە، ئۇچقۇنجان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلىگەنىدى. تاھىر تالىپ ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتى ئەمەلىيىتى ھەققىدە ھېس قىلغانلىرى ئۈستىدە پىكىر قىلىپ يىغىنغا قاتناشقان قەلەمداشلار بىلەن ئورتاقلاشقانىدى.

شۇ چاغدا ئابدۇمىجىت ئاۋۇت، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، ئەختەم ئۆمەر، زۇنۇن ئىسلام، ئۇرايىم قاسىم، ساۋۇر قادىر قاتارلىقلار خېلى ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقان كەسپىي يازغۇچى ۋە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تەھرىرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. بۇ قېتىمقى يىغىندىن زوردۇنكام ناھايىتى خۇشال بولغانىدى. يىغىندىن كېيىن يىغىنغا يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان زوردۇنكام قاتارلىقلار تۇمەنتال يېزىسىغا بېرىپ تۇمەنتال يېزىسىنىڭ مەشرەپ، ئوغلاق تارتىشىش پائالىيەتلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانىدى. شۇ چاغدىكى تۇمەنتال يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئىمىن ئۆمەر ئۆزى بىۋاستە رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇمەنتال، قۇرما، سېرىقبۇيا، ئالائاغىر، يېڭى ئۆستەڭ قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ئوغلاقچىلارنى تەشكىللەپ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ ئوغلاق تارتىشىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ بەرگەنىدى. شۇ قېتىمقى ئوغلاق تارتىشىش ناھايىتى قىزىپ كەتتى. 800 دەك ئات ئوغلاق تارتىشىشقا قاتناشتى، 5 مىڭدىن ئارتۇق ئاما ئوغلاق تارتىشىش تاماشاسىنى كۆردى. ئوغلاق تارتىشىشنى قىزىتىش ئۈچۈن يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئىمىن ئۆمەر مەخسۇس ئوندەك ئايال چەۋەندازنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇپ، ئاياللار ئەرلەر بىلەن ئوغلاق تارتىشتا بەسلەشتى. زوردۇنكام تەسىرلىنىپ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى ئىمىن ئۆمەردىن ئات سورىدى. ئىمىن ئۆمەر شۇجى خېلى ياراملىق ئاتتىن بىرنى تاللاپ بەردى. زوردۇنكام ئاتقا مىنىپ ئوغلاق تارتىشقا قاتناشتى. ئوغلاق تارتىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زوردۇنكام ياتاققا كېلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ھاياجىنىنى باسالماي خاتىرە يازدى. شۇ چاغدىكى ئوغلاق تارتىشىش خاتىرىسىنى ئىشلىتىپ «چوغدەك ياپراقلار» ناملىق ھېكايىسىنى يازدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زوردۇنكام مەكىتتە بىر ئايدىن ئارتۇق تۇردى. كۆپرەك ياتىقى يېزىسىدا بولدى. ئاندىن قۇمقىسار يېزىسىغا بېرىپ دېھقانلار تۇرمۇشىنى ئۆگەندى. شۇ چاغدىكى قۇمقىسار يېزىسىنىڭ باشلىقى ئوسمان مەمتىلى زوردۇنكامغا ھەر جەھەتتىن ئوڭايلىق يارىتىپ كەنت - مەھەللىلەرگىچە بىرگە ئاپاردى، ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلغۇزدى.

بىر كۈنى زوردۇنكام ماڭا ئامانىسساخاننىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن غازكۆل يېزىسىنىڭ قومۇش مەھەللە كەنتىنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن زوردۇنكامنى غازكۆل يېزىسىغا باشلاپ باردىم، زوردۇنكام غازكۆل يېزىسىدا بىر ھەپتە ئەتراپىدا تۇردى. ئامانىسساخاننىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن قومۇش مەھەللە كەنتىدە دېھقانلار ۋە خەلق ئەلنەغمىچىلىرى بىلەن بىرگە بىر كېچە دولان مەشرىپى ئوينىدى. شۇ كۈنى زوردۇنكام دېھقانلار بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە دولان ئۇسسۇلى ئۆگەندى. بىر كېچىلىك مەشرەپتە زوردۇنكامنىڭ پۇت - قولى دولان مەشرەپ ئۇسسۇلىغا كۆنۈپ كەتتى. مەشرەپتىن كېيىن مېنىڭ تاغام ئوسمان يۇسۇپنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. تاغام ئوسمان

يۇسۇپ زوردۇنكامنىڭ شەرىپىگە بىر پاقلان سويۇپ مېھمان قىلدى.

ئەتىسى سۇبھى بىلەن زوردۇنكام ئويغىنىپ كېتىپ قومۇش مەھەللە كەنتىنىڭ كۆك قومۇشلۇقىنى، تىزناپ دەرياسى ساھىلىنى يالاڭ ئاياغ ئايلىنىپتۇ. تىزناپ دەرياسى بويىدا ئۇزۇنغىچە تۇرۇپ دەريا سۈيىدە يۈزىنى يۇيۇپتۇ، ئەتىگىنى سەھەردە تاغام مېنى ئويغىتىپ «يازغۇچىمىز يوق تۇرىدۇ، نەگە كەتكەنلىكىنى ئۇقالمىدىم، ئىزدەپ باقايلى» دېدى. ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئىزدەپ تاپالمىدۇق. بىر يادىچى بالا ئۇچراپ «كۆزەينەك تاقىغان بىر ئادەم تىزناپ دەرياسى بويىدا تۇرىدۇ» دېدى. تىزناپ دەرياسى بويىغا بارساق، زوردۇنكام ئۇ يەردىن قايتىپ توپىلىق يول، قۇم دۆڭلىرىدىن يىلان، پاتمىچۇق، قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ماڭغان ئىزلىرىنى تەكشۈرگىلى تۇرۇپتۇ. ئوسمان يۇسۇپنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەتىگەنلىك تاماق يېدۇق. تاماقتىن كېيىن زوردۇنكام مەشرەپتە نەغمىچى خۇدۇيۇم بەردىكام، تۇردى موللەك، ساۋۇت روزى، ئۆمەر يۇسۇپ، ئابلىز يۇسۇپ قاتارلىق خەلق ئەلنەغمىچىلىرى ۋە قادىر توختى قاتارلىق پېشقەدەملەر بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىن خاتىرە يازدى.

شۇ چاغدا زوردۇنكامنىڭ يازغان خاتىرىسى مۇنداق ئىدى: «مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسى ‹قومۇش مەھەللە› كەنتىدىكى ئۆمەر يۇسۇپ، ئابلىز يۇسۇپ قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ دادىسى يۇسۇپ بەگدىن، تاغىسى قادىر مۇتتى ئاخۇنۇمدىن ئاڭلىشىمچە، ئامانىساخان تىزناپ دەرياسى بويىدىكى قومۇش مەھەللە كەنتىدە مەخمۇت ئوتۇنچى ئىسىملىك بىر ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، مەخمۇت ئوتۇنچى يەركەنت خانلىقىدا قىرغىنچىلىق يۈز بەرگەندە پاناھلىنىش ئۈچۈن بۇ يۇرتقا كۆچۈپ كەلگەنمىش.

ئامانىساخان ناھايىتى چىرايلىق قىز بولۇپ، خەتتاتلىق ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەن، مۇزىكا ئىلمىدە قالۇن، ساتار، تەمبۇر، دۇتار قاتارلىق چالغۇلارنى ياخشى چالىدىغان، شېئىر ۋە بېيىتلارنى يادلاش ۋە يېزىشقا ئۇستا بولۇپ يۇرت ئىچىدە ناھايىتى چوڭ شۆھرەت قازانغان.

بىر كۈنى يەركەنت سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرېشىتخان شىكارغا چىقىپ مەكىتكە يېقىن بولغان تىزناپ دەرياسى بىلەن يەركەنت دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى توغراقلىقتىكى چېدىر تىكىپ ئوۋچىلىق قىلغان، تىزناپ دەرياسى بويىدىكى تەبىئىي كۆللەردە سۇغا چۆمۈلگەن. ئوۋچىلىق جەريانىدا تاسادىپىي ھالدا قومۇش مەھەللە كەنتىگە كېلىپ قېلىپ مەخمۇت ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىدە چېلىنىۋاتقان تەمبۇر ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ ئۆيگە كىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئامانىساخان بىلەن ئۇچرىشىپ، ئامانىساخاننىڭ گۈزەل چىرايى ۋە كامالەتكە يەتكەن مۇقام ناخشىلىرىغا ئاشىق بولۇپ، ئامانىساخاننى ئەمرىگە ئېلىپ يەركەنت خاندانلىقىغا ئېلىپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن خان چېدىر تىككەن جاينىڭ ئىسمىنى خەلق ئەتىۋارلاپ «چېدىر توغراق»①، خان سۇغا چۆمۈلگەن كۆلنىڭ ئىسمىنى ئۇلۇغلاپ «خان كۆل②» دەپ ئاتاشقان. ھازىر قومۇش مەھەللە كەنت ئەتراپىدا تاللىق ـ تالا مەھەللە، قۇمدۆڭ ـ مازار مەھەللە دەپ يۇرت بار.»

شۇ قېتىمقى غازكۆل يېزىسىغا قىلغان زىيارەتتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، زوردۇنكام ناھىيىلىك مېھمان كۈتۈشتە «قومۇشلۇقنىڭ چۈشى» ناملىق ھېكايىسىنى يازدى. بۇ ھېكايىدە قومۇش مەھەللە كەنتىدە قونغاندا ئاخشىمى چۈش كۆرگەنلىكىنى، چۈشىدە ئامانىساخاننى چۈشەككەنلىكىنى يېزىپ بىر قېتىملىق چۈش ئارقىلىق ئامانىساخاننىڭ تارىخى ۋە ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ھېكايە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، غازكۆل يېزىسىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ھېكايىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن ۋە بىر ئاتاقلىق كەسپىي يازغۇچىنىڭ غازكۆل يېزىسىغا كېلىپ ئامانىساخان ھەققىدە ھېكايە يازغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانىدى. ھېكايىنى ئوقۇغان نۇرغۇن قىز ـ چوكانلار ئامانىسا روھىنى ئۈلگە

① چېدىر توغراق ـ ھازىرقى يەكەن ناھىيىسىنىڭ «ئازادۋاغ» يېزىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② خان كۆل ـ ھازىرقى مەكىت ناھىيىسىنىڭ غازكۆل يېزىسىدىكى «خانكۆل» سۇ ئامبىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

قىلىپ مۇقام، مۇزىكا، ئىلىم - پەننى ئۆگىنىپ يېزىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەنىدى. كىچىككىنە بۇ ھېكايە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋىيىتىگە ناھايىتى زور تەسىر قىلغان. خەلق ئاممىسىغا زوق ئاتا قىلغانىدى. شۇ ھېكايىنىڭ تەسىرى ئارقىلىق گۈلسۇم ئوسمان، ياسىن ئوسمان، نۇرگۇل ھوشۇر، ئەنۋەر داۋۇت قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر يېتىشىپ چىقىپ مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىغا كۈچ قوشقانىدى.

زوردۇنكام يانتاق، تۇمەنتال، غازكۆل، قىزىلئاۋات، قۇمقىسار قاتارلىق يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ كۇتۇپخانىسى، قىرائەتخانىلىرىنىڭ ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ۋە كەنت مەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى ئارىلاپ تەكشۈردى. بولۇپمۇ كىتاب جۇغلانمىسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ كىتاب ئوقۇشقا ھېرىسمەن ياشلار بىلەن نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى نەشرىياتلار نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلارنىڭ سۈپىتى، مەزمۇنى ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت ئۆتكۈزدى. كەڭ دېھقانلاردىن نەشر قىلىنىۋاتقان كىتابلارغا قارىتا پىكىر ئالدى. دېھقان ياشلىرىنىڭ قايسى خىلدىكى، قايسى مەزمۇندىكى كىتابلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆھبەتلەشتى.

شۇ چاغدا گەرچە مەكىت ناھىيىسىدە يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرى تولۇق قۇرۇلۇپ ئومۇملىشىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتكەن بولسىمۇ، ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى ناچار، سۈپەت خېلىلا تۆۋەن ئىدى. مەدەنىيەت پونكىتى كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان كىتابلار ناھايىتى ئاز ئىدى. يېزا ياشلىرى زوردۇنكامغا يېزا ۋە كەنتلەردە كىتابلارنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

زوردۇنكام يېزا ياشلىرىنىڭ كۆپلەپ يېڭى كىتابلارنى ئوقۇش ھەققىدىكى تەلەپ - ئارزۇلىرىنى ھەرقايسى يېزىلارنىڭ پارتكوم شۇجىلىرى، يېزا باشلىقلىرىغا يەتكۈزدى ھەمدە ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئوسمان قاسىم، مۇئاۋىن ھاكىمى تۇرغۇن موللاق قاتارلىقلارغا دوكلات قىلدى. زوردۇنكامنىڭ دوكلاتىدىن كېيىن، مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمەت ھەرقايسى يېزا - كەنتلەرنى كىتاب سېتىۋېلىپ يېزا ياشلىرىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇپ يېزىلاردا كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ھەققىدە مەخسۇس يىغىن ئېچىپ ئورۇنلاشتۇردى. شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى تۇرغۇن موللاق ئۆزى بىۋاستە تۆۋەنگە چۈشۈپ يېزا - كەنتلەرنىڭ مەدەنىيەت پونكىت، ئۆيلىرىنى تەكشۈرۈپ يىغىندىن كىتاب سېتىۋېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىدىن ھەرقايسى يېزىلارنىڭ ھەر كۈنلۈك ھەپتىلىك كىتاب سېتىۋېلىش ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ تۇردى. ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يېزا - كەنتلەرنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش ئەھۋالىدىن ستاتىستىكىلىق مەلۇمات يوللاپ تۇردى. ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، شۇ يىلى ھەرقايسى يېزىلارنىڭ مەدەنىيەت پونكىت، مەدەنىيەت ئۆيلىرى ئۈچۈن سېتىۋالغان كىتاب پۇلى بىر ھەپتە ئىچىدىلا 56 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتا ھەرقايسى نەشرىياتلار نەشر قىلغان كىتابلارنىڭ سانى ئاز بولغاچقا، ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى ئىسكىلاتى قۇرۇقدىلىنىپ قېلىپ قەشقەر، يەكەن، مارالۋېشى قاتارلىق ناھىيىلەردىن كىتاب يۆتكەپ كەلگەنىدى.

ئەينى ۋاقىتتا يېزا، كەنتلەردىكى ئالدىن بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن دېھقان بايلىرى زوردۇنكامنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرغانىدى. زوردۇنكام مېھمان بولۇپ بارغان ئۆيلەردىكى دېھقان بايلىرىدىن قانچىلىك كىتاب ئوقۇغانلىقىنى، كىتاب ئوقۇشقا ھەۋىسى بار - يوقلۇقىنى سورايتتى. شۇ چاغدا نۇرغۇن دېھقان بايلار: «يوقىرىدىن باشلىق كەلسە ‹قانچىلىك يەر تېرىدىڭ، قانچىلىك مال، كالا بوداپ باقتىڭ، قانچىلىك باغ ئەھيا قىلدىڭ، بانكىدا قانچىلىك پۇلۇڭ بار› دەپ سورايتتى. بىز قورقۇپ پۇل - ۋەجىمىزنىڭ ھەقىقىي سانىنى دېيەلمەيتتۇق. بەزىلەرگە قوي - پاقلان،

www.uyghurkitap.com

بەزىلىرىگە ئوغلاق سويمىساق ھېساب بولمايتتى. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ماۋۇ كۆزەينەكلىك يازغۇچى مۇخبىر بىز بىلەن تەڭ ياما ئىچىپ كىگىز، سۇپىلاردا بىز بىلەن بىرگە ئۇخلاپ «قانچىلىك كىتاب ئوقۇدۇڭ، قانچىلىك بىلىمىڭ بار، دەپ كىتاب بىلەن بىلىمنى سورايدىكەن، بىزمۇ ئاز - تولا كىتاب ئالمىساق بولمىغۇدەك» دېيىشىپ، تاپقان پۇللىرىغا كىتاب ئېلىپ ئوقۇغان، ساۋاتسىزلىرى كىتاب ئېلىپ بالىلىرىغا ئوقۇتقان، نۇرغۇنلىرى كىتاب سېتىۋېلىپ مەكتەپكە ۋە مەدەنىيەت ئۆيلىرىگە تەقدىم قىلغانىدى. بۇنىڭ دېھقانلار ئارىسىدا پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا ئۈنۈمى ناھايىتى چوڭ بولغانىدى.

نۇرغۇن يازغۇچىلار ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەمدىلا شۇغۇللىنىپ بىرەر - ئىككى پارچە كىتاب يازغانلار داۋاملىق بىزنى ۋە ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىدىكىلەرنى ئۆزىنىڭ كىتابىنىڭ تىرازىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئىزدەپ كېلەتتى ياكى خەت يازاتتى، تېلېفون بېرەتتى. لېكىن زوردۇنكام ھاياتىدا پەقەت بىرەر قېتىممۇ ئۆزىنىڭ كىتابلىرى ھەققىدە تىراژ تەلىپى قويمىغانىدى. زوردۇنكام دائىم بىزگە «مەھسۇلاتىڭنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسا خېرىدارىڭ كۆپ بولۇر، يازغان كىتابىڭ، ئەسىرىڭ خەلققە ياقسا خەلق ئۆزى ئالىدۇ، مېنىڭ كىتابلىرىمنىڭ زاكاز سانىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىغا قاراپ كىتابخانىلار ئۆزى بېكىتسۇن» دەيتتى.

خەلق ھەممىنى بىلىدۇ، خەلقنىڭ كۆزى ھەممىدىن ئۆتكۈر. «ئالتۇننىڭ قەدرىنى زەرگەر بىلىدۇ» دېگەندەك يازغۇچىلارنىڭ قانداقلىقىنى، يازغۇچىلار يېزىپ چىققان كىتابلارنىڭ قانداقلىقىنى خەلق بىلىدۇ. خەلقنىڭ رايى، خەلقنىڭ تاللىشى ھەممىدىن ئۇلۇغ ۋە قەدىرلىك. زوردۇنكامنىڭ يازغان ئەسەرلىرى بىرەر قېتىممۇ نەشرىيات تەرىپىدىن شاللىۋېتىلگىنى، تىراژى كەملەپ كەتكىنى يوق. بەلكى بەزى كىتابلار نەشردىن چىققاندىن كېيىن بازىرى ئىتتىك بولۇپ سېتىلىپ بولۇپ، قايتا نەشر قىلىنغان ۋاقىتلىرىمۇ بار. زوردۇنكامنىڭ قورسقى كەڭ، ئىچى كۆيەك ئەمەس. زوردۇنكامنىڭ «ئىزدىنىش» رومانى چىققاندا بىر كىشى مەلۇم بىر ناھىيىلىك كىتابخانىغا كېلىپ «بۇ كۆچۈرمىچىلىك بىلەن يېزىلغان كىتاب، بازىرى يوق، خەلق ئوقۇمايدۇ، تىراژ بەرمەڭلار» دېگەن. زوردۇنكام بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەكىتتىن قايتار چېغىدا شۇ ناھىيىلىك كىتابخانىغا كىرسە راست دېگەندەك بىرمۇ تىراژ بەرمىگەن. ئەھۋالنى ئۇققان كىتابخانا جېڭلىسى قاتتىق پۇشايمان قىلىپ قايتا زاكاز يوللىغان. مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئۇققان، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان زوردۇنكام پەقەت خاپا بولمىغان. زوردۇنكام يەنىلا ئىتتىپاقلىقنى - ئىناقلىقنى كۆزدە تۇتقان. باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىغان، بۇ نەدەقەر ياخشى پەزىلەت - ھە؟! ھەقىقىي بىر خەلق يازغۇچىسىدا مۇشۇنداق ئالىيجاناب پەزىلەت بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە!



1986 - يىلى يازدا زوردۇنكام مەكىتكە 3 - قېتىم كەلدى. ناھىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىز زوردۇنكامنى مەكىت ناھىيىسىنىڭ 8 - قېتىملىق ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا «ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا» لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغانىدۇق. تەكلىپ بويىچە يەنە ئاپتونوم رايوندىن «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ

تەھرىرى، پېشقەدەم شائىر مۇھەممەت رەھىم، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىي سەنئەت بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى تۇرغان شاۋۇدۇن، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى قۇربان ماموت، قەشقەر ۋىلايىتىدىن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تۇرسۇن نىياز، ۋىلايەتلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى ئۇچقۇنجان ئۆمەر، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىرى ھاجى ئەخمەت كولتېگىن، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈم باشلىقى ئابلىمىت ھاجى، «قەشقەر گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈم ئەدەبىيات بۆلۈمىدىن ئابلىمىت قۇربان ساباھى، روزى رازاق، تاھىر تالىپ قاتارلىق يازغۇچى، شائىر، تەھرىرلەر مەكىتكە كېلىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنىغا قاتناشتى.

شۇ قېتىمقى يىغىن ناھايىتى ياخشى ۋە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لى كېيى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئوسمان قاسىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىدىن تۇرغۇن موللاق، ئابلىز روزىلار يىغىنغا قاتناشتى. مۇئاۋىن ھاكىم ئابلىز روزى يىغىننى باشقۇردى. ھاكىم ئوسمان قاسىم يىغىننى ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. مۇئاۋىن ھاكىم ئابلىز روزى مەكىت ناھىيىسىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت خىزمىتىدىن خۇلاسە دوكلات بەردى. زوردۇنكام «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا» مەخسۇس لېكسىيە سۆزلىدى. شائىر مۇھەممەت رەھىم، ھاجى ئەخمەت، تاھىر تالىپلار نەزمىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى ھەققىدە مەخسۇس لېكسىيە سۆزلىدى.

يىغىن ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ مەكىت ناھىيىسىدە يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. يازغۇچى، شائىر، تەھرىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر ھەققىدە ئۆز كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان دولان قەلەمكەشلىرىگە زور ئىلھام ۋە مەدەت بەردى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، مەكىت ناھىيىسىدىنلا 48 نەپەر ئەدەبىي ئىجادىيەتچى يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەكلىپ بىلەن ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتىدىن كەلگەن شائىر، تەھرىرلەر مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىرىدىن تۇرغۇن موللاق، ئابلىز روزىلارنىڭ باشچىلىقىدا ياتتاق، تۇمەنتال يېزىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. «جىرىڭلىما سۇ ئامبىرى» غا بېرىپ بېلىق كاۋىپى سەيلىسى قىلدى.

شۇ چاغدىكى قىزىق بىر ئىش يادىمدا تۇرۇپتۇ: «جىرىڭلىما سۇ ئامبىرى» غا بارغاندا بېلىقچىلار بەش دانە كىچىك قولۋاق تەييارلاپ، يىغىنغا قاتناشقان يازغۇچى، شائىر، تەھرىرلەرنى كۆل ئىچىدە ساياھەت قىلدۇرۇپ بېلىق تاماشاسى قىلدۇرماقچى بولغانىكەن، زوردۇنكام بەك خۇشال بولۇپ كەتتى. زوردۇنكام بىر كىچىك قولۋاقنى تاللاپ ئۆزى پالاقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا چىققانىدى، ھەممەيلەن زوردۇنكامنى پاناھ تارتىپ زوردۇنكام چىققان قولۋاققا چىقىپتۇق (ئەسلى قولۋاقنىڭ كۆتۈرۈش ئۆلچىمى 3 ـ 4 گىچە ئادەم ئىكەن). قولۋاق قىرغاقتىن كۆل ئىچىگە كۆچەپ ئىتتىرىلگەندىن كېيىن، كۆل ئىچىگە بىر مېتىر مېڭىپلا سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتتى. ھەممەيلەن سۇغا چۆكۈپ كەتتۇق. بېلىقچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تېزلا قىرغاققا چىقىۋالدۇق. ھەممەيلەننىڭ كىيىمى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. بېلىقچىلار بېلىق كاۋىپى پىشۇرۇش ئۈچۈن ياققان گۇلخان ئالدىغا بېرىپ كىيىملىرىمىزنى قۇرۇتۇشقا باشلىدۇق. قارىسام، زوردۇنكام گۇلخانغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ شىمىنىڭ كەينىنى ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتقىلى تۇرۇپتۇ. مەن دەرھال قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ، ئۆزىمىزنىڭ فوتوگرافى ئىمىن پالتۇنى چاقىرىپ سۈرەتكە تارتىشقا بۇيرۇدۇم. ئىمىن پالتۇ زوردۇنكامنىڭ شىمىنىڭ كەينىنى ئوتقا قاقلاپ قۇرۇتۇۋاتقان كۆرۈنۈشىنى سۈرەتكە تارتىۋالدى. كىمدۇ بىرسى «بۇ سۈرەتنىڭ نامىنى نېمە دەپ ئاتايمىز» دېۋىدى، مەن دەرھاللا ئىنكاس قايتۇرۇپ «ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىر كەينىنى قۇرۇتماقتا دەپ ئاتايمىز» دەپ جاۋاب بەردىم. شائىر تاھىر تالىپ دەرھاللا «ناھايىتى ياخشى نام بېرىلدى، ئالقىشلايلى»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېدى. ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ چاۋاك چېلىشتى. زوردۇنكام تېرىكمەستىن ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

يىغىن ئاخىرلىشىپ ئىككى كۈنگىچە ئۈرۈمچى، قەشقەردىن كەلگەنلەر مەكىت ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىنى، باغ سەيلىگاھلىرىنى زىيارەت ۋە تاماشا قىلدى. مەكىت خەلقى ئىنتايىن مېھماندوست، ئوچۇق كۆڭۈل، قارا - تۇغرى كېلىدۇ. ئۆي - ئۆيلەردە ئۇچا① تارتىلىپ مەشرەپ ئوينىلىپ مېھمانلار ياخشى كۈتۈلدى. ئەتىگەنلىك ناشتا مەكىت ناھىيە بازىرىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان خەلق مەيدانىنىڭ غەرۋىكىدىكى ياسىن بەگ ھاجىمنىڭ ئاشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، قەلەمداشلار چاي ئارىلىقىدا لەتىپە، يۇمۇر ئوقۇشۇپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ناشتا قىلىشتى. ھەممەيلەن بىرلىكتە مۇھەممەت رەھىمنىڭ لەتىپە، يۇمۇرلىرىنى ئاڭلاشقا ناھايىتى زور ھەۋەس قىلىشتى. مۇھەممەت رەھىم موزدۇز ئۇستامنىڭ «پىچەك يىپ» يۇمۇرىنى باشلىسا بىرەر سائەتكىچە ئون - يىگىرمە يۇمۇر ئوقۇيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇرغان شاۋۇدۇن، تاھىر تالىپلار يۇمۇر باشلايتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىمىن كېرەمنىڭ باشچىلىقىدا ناھىيىلىك رادىئو ئۆزىلىدا بىر قېتىم، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش زالىدا بىر قېتىم مەخسۇس ئۈرۈمچى، قەشقەردىن كەلگەن يازغۇچى، شائىر، تەھرىرلەرگە ئاتاپ مۇشائىرە كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شائىرلار ئەڭ ياخشى يېزىلغان شېئىرلارنى مۇشائىرە قىلىپ مەكىتتىكى قەلەمداشلار بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت، ھېسسىيات جەھەتتە ئورتاقلاشتى ۋە شېئىر ئىجادىيىتى ھەققىدە مەكىتتىكى دولان قەلەمداشلارنى تەربىيىلىدى. يانتاق يېزىسى پاقلان سويۇپ، ئەڭ شېرىن - شېكەر، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەرنى تۆكمە قىلىپ مېھمانلار شەرىپىگە دولان مەشرىپى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

ئەينى ۋاقىتتىكى مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى تۇرغۇن موللاق، ئابلىز روزىلار يىغىن مەزگىلىدىكى ۋە يىغىندىن كېيىنكى بارلىق پائالىيەتلەردە يازغۇچى، شائىر، تەھرىرلەر بىلەن داۋاملىق بىرگە بولدى. بىر كۈنى مۇئاۋىن ھاكىم تۇرغۇن موللاق يازغۇچى، شائىر، تەھرىرلەرنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. قىزىق پاراڭ، كۈلكە - چاقچاقلاردىن كېيىن مۇھەممەتجان ھۇسيىن: «زوردۇنكا، مەكىتتىن يازغۇچى چىقامدۇ؟» دەپ سورىدى. زوردۇنكام: «چوقۇم چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. مۇھەممەتجان ھۇسيىن يەنە ئارقىدىنلا: «مەسىلەن، تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، ئەختەم ئۆمەرلەردىن يازغۇچى چىقامدۇ؟» دەپ سورىۋىدى، زوردۇنكام دەرھاللا: «يازغۇچى چىقىدۇ» دېدى. مۇھەممەتجان يەنە «مۇتەللىپتىن- چۇ؟» دېدى. زوردۇنكام «مەدەنىيەت چىقىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. زوردۇنكام كېيىن بۇ سۆزنى يېشىپ مۇنداق دېگەنىدى: «تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، ئەختەم ئۆمەرلەر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەدەبىياتقا قىزىقتى، تىرىشتى، نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يازدى. كېيىنچە ئېيتىمەنكى، بۇلار تىرىشسا يېقىن كەلگۈسىدە چوقۇم ياخشى يازغۇچى بولالايدۇ. مۇتەللىپتىن باشتا ناھايىتى چوڭ ئۈمىد كۈتكەنىدىم، ئۇ يازغۇچىلىقنى چوڭ بىلمەي، يازغۇچى بولۇشقا تىرىشماي ھە دېسە، ماڭسا، تۇرسا ئويلايدىغىنى مەكىتنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتى ئىكەن، مۇتەللىپ كەلگۈسىدە ياخشى مەدەنىيەت مۇتەخەسسىسى بولۇپ چىقىدۇ».

زوردۇنكامنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىشى، ئادەملەرگە باھا بېرىشى ناھايىتى دەل، توغرا ئىدى. زوردۇنكامنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى بويىچە تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، ئەختەم ئۆمەرلەر ھازىر شىنجاڭدا كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، مەنچۇ؟ مەن تا ھازىرغىچە زوردۇنكامنىڭ ئېيتقىنى بويىچە مەكىتنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى چۆرگىلەپ كېتەلمىدىم. مەدەنىيەت ساھەسىدە «ئامىۋى مەدەنىيەت» ناملىق كىتابنى يېزىپ نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، ھېچقانچە چوڭ ئىلگىرىلەشنى قولغا

① مەكىت دولاندا مېھمانلار شەرىپىگە قوي سويۇپ، قويلارنى پۈتۈن پىشۇرۇپ مېھمان ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ مېھمان ئالدىدا پارچىلايدۇ، بۇنى ئۇچا تارتىش دەپ ئاتايدۇ.

كەلتۈرەلمىدىم.

مەكتەپتىكى پائالىيەتلەر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، زوردۇنكام قىيقىلىپ بىر ئايدەك تۇردى. باشقا يولداشلار قايتىپ كېتىشتى. شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن تۇرغان شاۋۇدۇن، يۈسۈپجان توختىلار دولان توققۇز مۇقامىنى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئالغىلى كەپتىكەن، ئۇلار مەكتەپتە ئون كۈندەك تۇردى. زوردۇنكام شۇلار بىلەن بىرقانچە كۈن بىرگە بولدى ۋە دولان مۇقامچىلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

زوردۇنكامنىڭ دولان قەلەمداشلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە سىڭدۈرگەن ئەجرى ئىنتايىن كۆپ. زوردۇنكامنىڭ مەكىت ناھىيىسىگە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كېلىشى بىلەن دولان قەلەمداشلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، راۋاجلىنىپ ھازىرقىدەك بىر مۇنتىزىم ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىغا ئايلاندى. زوردۇنكامنىڭ تەلىپى بىلەن 1991 - يىلى مەكىت ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك «دولان قەلەمداشلار جەمئىيىتى» نىڭ قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ، مەكىت دولان قەلەمداشلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى. دولان قەلەمداشلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زوردۇنكامنىڭ تۆھپىسى، مەكىتتىكە قوشقان ئەجرى دېيىشكە بولىدۇ.

زوردۇنكام مەكىت ناھىيىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەرنى يېزىقچىلىق بىلىملىرى بىلەن تەربىيىلىگەنلىكتىن ھازىرغىچە ئەدەبىي ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنى زورىيىپ، 120 ئادەمگە يەتتى.

## ئۇنتۇلماس كۈنلەر

1997 - يىلى سېنتەبىرنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەۋەتكەن بىر تەكلىپنامىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ۋە بۇ خۇشاللىقىمنى تېزدىنلا مەكتەپتىكى قەلەمداشلارغا يەتكۈزدۈم. تەكلىپنامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«مەكىت ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى ئارقىلىق دولان قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىگە:

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ 60 ياشقا تولغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «زوردۇن سابىر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزمەكچى. سىلەرنىڭ تەبرىك خەت، تېلېگراما ئەۋەتىپ كۆڭلۈڭلارنى ئىزھار قىلىشىڭلارنى قارشى ئالىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى
1997 - يىل 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

تەكلىپنامە ئاستىغا مۇنداق خەتلەر يېزىلغان:

«مۇتەللىپ سىيىت: زوردۇن سابىر مەكتەپتە بىر مەزگىل تۇرۇپ ئەڭ ياخشى ئەسەرلەرنى شۇ يەردە يازغان، مەكىت خەلقى بىلەن يازغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالاھىدە دوستلۇق بار. مۇمكىن بولسا ئازراق تەييارلىق بىلەن بىر - ئىككى ۋەكىل ئەۋەتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. سالام بىلەن مەمتىمىن ھوشۇر.»

تەكلىپنامە ھەممىمىزنى چەكسىز خۇشال قىلدى. مەن بۇ خۇشاللىق ئىچىدە دەرھال مەكىت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى ئابلىز روزىغا ئۈرۈمچىگە بېرىپ زوردۇن سابىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىش ھەققىدە دوكلات يازدىم.

مۇئاۋىن ھاكىم ئابلىز روزى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مەن بىلەن تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، مۇساجان يۈنۈس، قەلبىنۇر تۇرغۇنلارنىڭ يىغىنغا بېرىشىمىزغا قوشۇلدى ھەمدە «زوردۇن سابىر مەكتەپتە ئۇزاق تۇرغان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم مەكىتكە كەلگەن، مەكىت دولان قەلەمداشلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ۋە مەكىت ناھىيىسىنى پۈتۈن مەملىكەت ۋە دۇنياغا تەشۋىق قىلىپ تونۇتقان، مەكىت خەلقىنىڭ يازغۇچىغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى ۋە سېغىنىشىنى ئىپادىلەپ دولان ئارغىماق ئېتىدىن بىرنى تەقدىم قىلىڭلار،

ئاتنى ئاپتوبۇستا ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. ئات ھېسابىدا 1000 يۈەن پۇل تەقدىم قىلىڭلار» دەپ تەستىق يولىيورۇقى بەردى. مەن ئىدارىدىن 1000 يۈەن پۇل ئېلىۋېلىپ سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتىم.

مېڭىشتىن بۇرۇن مەن تۇرسۇنبەگ ئىبراھىمغا مەكىتتىكى دولان قەلەمداشلارنىڭ كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدىغان بىر پارچە سۆز تېكىستى تەييارلاپ قويۇشنى تاپىلىدىم. تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم كۆڭۈل قويۇپ ئىشلەپ «زوردۇن سابىرغا خەت» ناملىق زوردۇن سابىرنىڭ مەكىتتىكى ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە ياخشى باھا بېرىلگەن ھەمدە دولان قەلەمداشلىرىنىڭ زوردۇن سابىرغا بولغان ھۆرمىتى ۋە سېغىنىشى ياخشى ئىپادىلەنگەن بىر پارچە ھۆرمەت خېتىنى تەييارلىدى.

بىز 22 - سېنتەبىر مەكىت ناھىيىسىدىن يولغا چىقىپ 23 - سېنتەبىر كەچتە ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇر، ئەختەم ئۆمەرلەر ئالدىمىزغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ۋە بىزنى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىسى دۆڭكۆۋرۈككە جايلاشقان «چەۋەندازلار» مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. 24 - سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن «زوردۇن سابىر ئىجادىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» كروران رېستورانىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مىجىت ناسىر يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مەسئۇللىرى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتى قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىگە تەۋە بارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەرقايسى نەشرىيات، ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى، تەھرىرلىرى، شۇنىڭدەك شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يىغىنغا تەكلىپ قىلىنغان قەلەمداشلار زوردۇن سابىرنىڭ دوستلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئەدەبىياتنى سۆيگۈچى بىر قىسىم سودىگەرلەر ۋەكىللىرىمۇ تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئابلىمىت سادىق، مەمتىمىن ھوشۇرلار زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مىجىت ناسىر ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇئەللىمى ئۆزىگە تەقدىم قىلغان بىر بەقەسەم تونىنى زوردۇن سابىرغا كىيدۈردى ھەمدە بىر دانە قەلەم تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئەدەبىياتى جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى، زوردۇن سابىرنىڭ قەلەمداشلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى، ساۋاقداشلىرى، خىزمەتداشلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تون كىيدۈردى، گۈل تەقدىم قىلدى، ئات تەقدىم قىلدى. مەن مەكىت ناھىيىسىگە ۋاكالىتەن زوردۇن سابىرغا دولان ئارغىمىقى تەقدىم قىلدىم.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى، ئاتاقلىق يازغۇچىلار، شائىرلار، مۇھەررىرلەر، ئەدەبىي ئوبزورچىلار، تەتقىقاتچىلار، زوردۇن سابىرنىڭ خىزمەتداشلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك ئىلمىي ماقالىلەرنى ئوقۇدى. مەن مەكىتتىكى دولان قەلەمداشلىرىغا ۋاكالىتەن «زوردۇن سابىرغا خەت»نى چوڭ يىغىندا ئوقۇپ بارلىق يىغىن ئەھلىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتىم. يىغىندىن كېيىن زوردۇن سابىر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە ۋە زوردۇن سابىر مىجىت ناسىرلار بىلەن بىرگە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتۇم.

زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى تولىمۇ داغدۇغىلىق، بەكمۇ ئەھمىيەتلىك، ناھايىتى تەسىرلىك ۋە كۆڭۈللۈك ئېچىلدى. مەن شۇ قېتىملىق يىغىنغا قاتنىشىش پۇرسىتى ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇرغۇن داڭلىق يازغۇچىلار، شائىرلار، تەھرىرلەر، ئەدەبىي ئوبزورچىلار، تەتقىقاتچىلار بىلەن كۆرۈشتۇم ۋە تونۇشتۇم.

بولۇپمۇ، مەن چوڭ يىغىندا دولان قەلەمداشلىرىغا ۋاكالىتەن ئوقۇغان خەت يىغىن قاتناشچىلىرىغا ناھايىتى بەك تەسىر قىلغان

ئوخشايدۇ. ئىلى تەۋەسىدىن كەلگەن يازغۇچىلار، شائىرلار ۋە زوردۇن سابىرنىڭ قەلەمداشلىرى مەن بىلەن ئالايىتەن قايتا كۆرۈشتى ۋە ماڭا مەكتىتىكى دولان قەلەمداشلىرىغا ئىلىدىكى قەلەمداشلارنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ھاۋالە قىلدى. مىجىت ناسىر مەن ئولتۇرغان تاماق شىرەسىگە ئاتايىتەن كېلىپ مەكىت خەلقىگە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. يىغىندىن كېيىن بىز «چەۋەندازلار» مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلدۇق. ئىنتايىن ئۇنتۇلغۇسىز بولغىنى شۇكى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن مىجىت ناسىر كەچتە يەنە ياتاققا كېلىپ بىزنى يوقلىدى. بىز بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ مەكتىتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنىڭ ناھايىتى ئۇتۇقلۇق، ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى ھەققىدە كەڭ - كۇشادە سۆھبەتلەشتى ۋە مۇڭداشتى.

مەن ھاياتىمدا نۇرغۇن يىغىنلارغا ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە قاتناشقانىدىم. لېكىن ھاياتىمدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغىنى ئاشۇ قېتىمقى «زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» بولدى. بۇ يىغىن ناھايىتى ئاددىي، داغدۇغىلىق، ئىنتايىن ئىقتىسادچىل ئېچىلدى. يىغىندا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالتە - يەتتە رەت سەھنە رىياسەتچىلىرى بولمىدى، باشلىقلارمۇ، پۇقرالارمۇ ئوخشاشلا سەھنە ئاستىدا رەت - رەت شىرە ئەتراپىدا ئولتۇرۇشتى. سەھنىدە يىغىن باشقۇرغۇچى بىلەن زوردۇن سابىر ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرلا ئولتۇرۇشتى. بۇ ھال كىشىلەرگە يەنىلا ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچىلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. مۇشۇ قېتىمقى يىغىندا زىيالىيلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان ياخشى روھ گەۋدىلەندۈرۈلدى.

زوردۇن سابىر ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزدى. ۋەتەن ئۈچۈن، ئۆز مىللىتى، ئۆز خەلقى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىدى. زوردۇن سابىرنىڭ ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئۇ قىلچە ئۆز مەنپەئىتىنى، پايدا - زىيىنىنى كۆزلىمىدى، نام - ئاتاق، شان - شۆھرەتكە بېرىلمىدى، بوران - چاپقۇنلاردا ئېغىشمىدى. ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە قارىماستىن بارلىقىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بېغىشلىدى. بېسىم ۋە ئاھانەتلەرگە تىز پۈكمىدى، ئۇنىڭ بارلىقىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاش روھى بارلىق قەلەمداشلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. لېكىن بىزنىڭ زوردۇن سابىرنى چۈشىنىشىمىز ناھايىتى ئاز ھەم كەم بولۇۋاتىدۇ. تەتقىقات ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىمىزمۇ ناھايىتى يۈزە، چوڭقۇر بولمايۋاتىدۇ. بىز زوردۇن سابىرنىڭ ھاياتىنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەپلىرىدە بارلىقىنى ئەدەبىياتقا بېغىشلاش روھىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىمىز ۋە بۇ جەھەتتە تېخىمۇ كەڭرەك ئىلمىي مۇھاكىمىنى قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك.

«زوردۇن سابىر ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىلىپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، مەن زوردۇن سابىرنى يوقلاپ كېلىش ۋە مەكىتكە بېرىشقا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيىگە يەتتىگە بارغانىدىم. مەن زوردۇن سابىر بىلەن ئىككى سائەت پاراڭلاشتىم. زوردۇن سابىرنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولمىسىمۇ، مېنىڭ سالامەتلىكىمنى سورىدى. مېنىڭ سول پۇتۇمدا 1987 - يىلى يازدا ئېغىر ھالدا ۋېنا تومۇر ياللۇغى كېسىلى پەيدا بولۇپ، سالامەتلىكىم ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. 1988 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى زوردۇن سابىر سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ ھەج قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مېنى قەشقەرگە چاقىرتىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ داۋالىنىپ كېلىشىمنى، سالامەتلىكنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ئېيتتى ھەمدە ئۈرۈمچىگە مېنى بىرگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن قەشقەرگە بېرىپ زوردۇن سابىر بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە ماڭدىم. ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن مېنى ئۆيىدە ياتقۇزۇپ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە داۋالانغاندا تاماقتىن قىيىنىلىپ قالمىسۇن دەپ بىر ئاي يەتكۈدەك نان - توقاچ ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى تەييارلاپ مېنى داۋالىنىشقا ئۇزىتىپ قويغانىدى.

شۇ چاغدا زوردۇن سابىرنىڭ ئۆيىدە قونغان ۋاقىتتا زوردۇن سابىرنىڭ ماڭا بەرگەن باھاسى تېخى يادىمدىن چىققىنى يوق. شۇ كۈنى كەچلىك

تاماقتىن كېيىن زوردۇن سابىر خەلچەمنى چاقىرىپ ماڭا مېھمانخانا ئۆيگە ئورۇن تەييارلاپ بېرىشنى تاپىلىدى. مەن ئۇخلاپ بىر چاغلاردا ئويغانسام زوردۇن سابىر مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇپتۇ. زوردۇن سابىر كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا: «مۇتەللىپ، سىز ماڭا ئەدەبىي ئىجادىيەت يازغۇچىلىق جەھەتتە ياخشى ئىز باسار بولالمىغان بىلەن، خورەك تارتىشتا مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئىز باسارىم بولالايدىكەنسىز، سىزنىڭ خورىكىڭىز بىلەن بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قورۇدىكىلەر ئويغىنىپ كەتتى» دېدى. مەن ناھايىتى خىجىل بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. شۇئان مېنىڭ يادىمغا زوردۇن سابىر تۇنجى قېتىم مەكىتكە كەلگەن 1979 - يىلى يازدىكى زوردۇن سابىرنىڭ قەشقەر تەپتىش مەھكىمىسى مېھمانخانىسىدا خورەك تارتىپ مېنى ئۇخلاتمىغان ۋاقىتتىكى ئىشلار كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئۇ چاغدا زوردۇنكام رىۋايەت، چۆچەك، ئەپسانىلەردىكى ھەيۋەتلىك دىۋىلەردەك خورەك تارتىپ مېنى ئۇخلاتمىغانىدى. نەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن زوردۇن سابىرنىڭ خورىكى ماڭا ئۆتۈپ مەنمۇ دىۋىلەردەك خورەك تارتىپ زوردۇن سابىر ئائىلىسىدىكىلەرنى ئۇخلاتمىغاندىم.



مەن «زوردۇن سابىر ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» دىن كېيىن، سۆھبەتتە خىجىللىق بىلەن زوردۇن سابىرغا مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئەسلەپ بەردىم. زوردۇن سابىر ماڭا: «ھازىر قېرىپ كۈچ - مادارىدىن قالدىم. ئاشۇ قىران ۋاقىتلاردىكىدەك ھەيۋەتلىك خورەكلەر ئەمدى قالمىدى. ھازىر مۇشۈكتەك پۇشۇلداپ ئۇخلاپ قالىدىغان بوپقالدىم، بەزى كېچىلىرى ئۇستىخانلىرىم ئاغرىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمايمەن. ئۇيقۇ كەلمىگەن كۈنلىرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى يېزىشنى ئويلايمەن، مەن ھاياتىمدا بىر خاتىرە قالدۇرايمىكىن دەيمەن. لېكىن ھازىر بۇنىڭغا تېخى تولۇق تەييارلىق قىلىپ بولالمىدىم. رۇس ئەدەبىياتىدىكى، ياۋروپا ئەدەبىياتىدىكى نۇرغۇن يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ خاتىرە كۈتۈپخانىسىنى قۇرغانىدى. مەنمۇ يۇرتۇمدا بىر خاتىرە كۈتۈپخانا قىلىپ قويايمىكىن دەيمەن» دېدى.

زوردۇن سابىرنىڭ بۇ پىلانى ماڭا ناھايىتى ياقاندى. مەن «زوردۇنكا، بۇ پىلانىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئەگەر سىز يۇرتىڭىز ئىلىدا بىر خاتىرە كۈتۈپخانا قۇرسىڭىز، مەكىتتىكى قەلەمداشلار كۈچ چىقىرىپ بىزمۇ بىر خاتىرە كۈتۈپخانا قۇرۇپ، سىزنىڭ مەكىتتە يازغان ئەسەرلىرىڭىزنى، قولىيازمىلىرىڭىزنى، سىز ئىشلەتكەن بۇيۇملارنى خاتىرە ئورنىدا يىغىپ ساقلاپ، خاتىرە كۈتۈپخانىڭىزدا قويىمىز» دېدىم.

زوردۇن سابىر ناھايىتى خۇش بولۇپ:

- ياخشى، مەنمۇ سىلەرنىڭ شۇنداق قىلىشىڭلارغا ئىشىنىمەن. مەكىتتىكى باشلىقلار، خەلق ئاممىسى ماڭا ناھايىتى ئاتىدارچىلىق قىلىپ كۆيۈنگەنىدى، لېكىن مەن مەكىت خەلقىگە چوڭ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم. سالامەتلىكىم يار بەرسە، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە چوقۇم بارىمەن. مەكىت ھەققىدە يەنىمۇ كۆپرەك بىرنەرسە يازغۇم بار، - دېدى. مەن زوردۇن سابىرغا:

- ئۈرۈمچىدىمۇ بىر خاتىرە كۈتۈپخانا قۇرۇپ قويۇڭ. چۈنكى سىز ئاپتونوم رايوننىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن كەسپىي يازغۇچىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى-نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىلا ئەمەس، بەلكى دۆلىتىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتىدىمۇ سىزنىڭ بەلگىلىك تەسىرىڭىز بار، - دېدىم. زوردۇن سابىر:

- بۇنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىمۇ ئويلىشىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە مەن بىرقانچە كەسپىي يازغۇچىلار بىلەنمۇ سۆھبەتلەشتىم، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى كەسپىي يازغۇچىلار خاتىرە كۇتۇپخانىسى قۇرۇش لايىھىسى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ. بەلكى يېقىن كەلگۈسىدە بۇ پىلان ئەمەلگە ئېشىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن مۇتەللىپ، بىزدە بىر يامان ئادەت بار، ھايات ياشاۋاتقان تىرىكلەر بىلەن كارىمىز يوق، ئۆلگەنلەرگە ئېسىلىۋېلىپ خاتىرە مۇنارى تىكلەشنى ئويلايمىز. ئۆلگەندىن كېيىن پالانى ئۇنداق ئۇلۇغ يازغۇچى، بۇنداق ئۇلۇغ شائىر، قەبرىسىنى ياساش كېرەك دەيمىز. مېنىڭچە، ئۆلگەنلەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، قەبرىسىنى ياساش كېرەك، مۇھىمى ھايات، تىرىك ياشاۋاتقان يازغۇچىلارغا كۆپرەك كۆيۈنۈش، ئۇلارغا ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا خەلق ئۈچۈن كۆپرەك نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىشىغا ئىلھام بېرىشىمىز لازىم. مەن بۇ سۆزۈمنى بىرقانچە قېتىم قىيۇم تۇردى، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەخەت تۇردىلارغا دېدىم. ئۇلارمۇ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلدى. لېكىن بۇ ئىش يالغۇزلا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مۇھىمى ھۆكۈمەت، تەشۋىقات بۆلۈم ۋە پۈتكۈل جەمئىيەت بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەندىلا ئاندىن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. مېنىڭ ئىجادىيەت مەرىكەم ئۆتكۈزۈلگەنتى، شۇنداق خۇشال بولدۇم. مېنىڭ باللىرىممۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. بۇ ماڭا ۋە مېنىڭ ئائىلەمگە ناھايىتى چوڭ ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. ئادەم ھايات ۋاقتىدا قەدىرلەنسە تەسىرى ۋە ئۈنۈمى ناھايىتى چوڭ بولىدىكەن. مۇشۇ قېتىمقى مەرىكىدىن كېيىن، مەن تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم، - دېدى.

ئايالى خەلچەم سىرتتا ئاشخانا ئېچىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، زوردۇنكام مېنى باجىسى ياسىن مۇخپۇلنىڭ ئۆيىگە باشلاپ چىقتى. يولدا ماڭغاچ زوردۇنكام ماڭا:

- ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يېتۈك شەخسلەردىن تېيىپجان ئېلىيوپ، ئابدۇكېرىم خوجا، ئۆتكۇر ئەپەندىلەر ئالەمدىن كەتتى. ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى ھەققىدە ھازىر نۇرغۇن مۇھاكىمىلەر بولۇۋاتىدۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال. بىز ئۆلگەندە ئەمەس، ھايات ۋاقتىتا ئۇلارنى قەدىرلىسەك بۇنىڭ تەسىرى تېخىمۇ چوڭ بولاتتى، ھايات ۋاقتىدا ئۇنداقچى، مۇنداقچى دەپ پىتنە قىلىمىز، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىمىز، ئۆلگەندىن كېيىن ھايات ۋاقتىدا بىر قېتىممۇ ئاڭلاشقا، مەدھىيىلەشكە ئېرىشەلمىگەن نۇرغۇن مەدھىيە سۆزلىرى بىلەن مەدھىيىلەيمىز، تەرىپلەيمىز. مەرسىيە ۋە ئەسلىمىلەرنى ئوقۇيمىز، بۇ ئادەتنى ئۆزگەرتمەك تەس ئوخشايدۇ، - دېدى.

بىز پاراڭلاشقاچ ياسىن مۇخپۇلنىڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى ئائىلىلىك قورۇسى ئىچىدىكى ئۆيىگە باردۇق. ياسىن مۇخپۇلنىڭ ئۆيىدە ئادەم يوق ئىكەن. قايتىپ كېلىپ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ يېنىدىكى يەكەن ناھىيىسىنىڭ زەرەپشان مېھمانخانىسى ئاچقان يەكەنلىك ئۇستاملارنىڭ ئاشخانىسىغا كىردۇق. زوردۇنكام مېنى مېھمان قىلىدىغان بولۇپ، مەندىن «قانداق تاماق يەيسىز؟» دەپ سورىغانىدى. مەن «توخۇرمەن يەيلى» دېدىم. زوردۇنكام «توخۇرمەن» دېگەن تاماق ئىسمىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. مەن ئاشخانا خوجايىنىنى چاقىرىپ «توخۇرمەندىن ئىككى قاچا بېرىڭ» دېدىم. بىردەمدىن كېيىن يەكەننىڭ يەرلىك تامىقى «توخۇرمەن» پىشىپ ئاشخانا خىزمەتچىلىرى ئىككى قاچا تاماقنى ئالدىمىزغا قويدى. زوردۇنكام تاماقنى كۆرۈپ «بۇ ‹توخۇرمەن› دېگىنىڭلار سۇيۇقئاشنىڭ ئۆزىكەنغۇ؟ مەن يەكەنگە بارغاندا ھەجەپ يېمىگەنىكەنمەن يا؟» دېدى دولان شىۋىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ.

- يەكەنگە ئېكسكۇرسىيىگە بارغاندا يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئايۇپ ھېيت مۇشۇ تاماق بىلەن مېنى مېھمان قىلغان، مەن ھەر قېتىم يەكەنگە بارسام مۇشۇ تاماق بىلەن غىزالىنىمەن، - دېدىم مەن.

زوردۇنكام:

- راست ياخشىكەن، سۇيۇقئاشقا ئوخشايدىغان يېرىمۇ بار ئىكەن، ئىلىدا سۇيۇقئاش ئۈچ يۈەن، بۇ يەردە يەتتە يۈەن ئىكەن، بەك قىممەتكەن يا، - دېدى.

مەن يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە بىرقانچە كۈن تۇرۇپ ناھىيىگە قايتىپ كەلدىم. «زوردۇن سابىر ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى» روھىنى مەدەنىيەت ساھەسىدىكىلەرگە ۋە دولان قەلەمداشلىرىغا يەتكۈزدۈم، ھەمدە مەخسۇس ۋاقىت چىقىرىپ ناھىيىلىك خەلق

www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى ئابلىز روزىغا يەتكۈزدۈم. مۇئاۋىن ھاكىم ئابلىز روزى مېنىڭ زوردۇن سابىر بىلەن مەكتەپتە زوردۇن سابىر خاتىرە كۆتۈپخانىسى قۇرۇش توغرىسىدا قىلىشقان سۆھبەت ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال بولدى.

مۇئاۋىن ھاكىم ئابلىز روزى ماڭا:

– يىغىنغا ئەسلىدە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى باشلىقلىرىدىن بىرەرىمىزنىڭ بېرىشى زۆرۈر ئىدى. چۈنكى زوردۇن سابىر مەكتەپ خەلقىگە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، تەسىرى چوڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەرگەنىدى. ئەپسۇس، دۆلەت بايرىمى تەييارلىقى يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بېرىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدۇق. سىلەر يىغىنغا قاتنىشىپ ناھايىتى ياخشى قىپسىلەر، ئىلىدا زوردۇن سابىر خاتىرە كۆتۈپخانىسى قۇرۇلسا بىزمۇ مەكتەپتە خاتىرە كۆتۈپخانا قۇرىمىز. شۇ چاغدا ئىلىدىكى خاتىرە كۆتۈپخانىسىنى كۆرۈپ كېلىپ بىر لايىھە تەييارلاڭلار، مەن ھۆكۈمەت ئىش بېجىرىش يىغىنىغا قويۇپ، تەستىقلاپ بېرىشكە تىرىشىمەن،- دېدى.

كىم بىلىدۇ، شۇ قېتىمقى ئۈرۈمچىگە بېرىپ «زوردۇن سابىر ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى»غا قاتنىشىش ۋە زوردۇن سابىر بىلەن ئىككى قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، بىرگە تاماق يەپ، ئىچكى ھېسسىياتلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ، پاراڭلىشىش ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈش ۋە پاراڭلىشىش بولۇپ قېلىشىنى؟ تەقدىر، تەبىئەت ئەنە شۇنداق رەھىمسىز ئىكەن. ئادەم تۇغۇلىدىكەن، ياشايدىكەن، ئۆلىدىكەن، لېكىن تۇغۇلۇش ئوخشاش بولسىمۇ ياشاش، ئۆلۈش ئوخشاش بولمايدىكەن. بەزىلەر تۇغۇلۇپ خۇددى ئېقىن سۇدەك تېپتىنچ، مەنىسىزلا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتىدىكەن، بەزىلەر خەلقنى قاقشىتىپ ھەتتا ئانا سۈت بەرگەن ئانىسىنى قاقشىتىپ، قارغىتىپ، ئۆز ۋەتىنىنى دەپسەندە قىلىپ ئالەمدىن ئۆتىدىكەن. بەزىلەر بولسا ئانىنىڭ ھالال سۈتىنى ئېمىپ، ۋەتەن، خەلق، مىللەتكە پايدىلىق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىپ، ئالەمشۇمۇل ئەمگەكى ئارقىلىق ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇپ خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە نام - شۆھرەت قازىنىپ، ئىلىم - پەنگە تۆھپە قوشۇپ، تۆھپىكار ئىنسانغا ئايلىنىپ ئالەمدىن ئۆتىدىكەن. بۇنداقلارنىڭ ئىچىدە كېيىنكىسىنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى شەرەپلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## زوردۇن سابىر ۋە مەكتەپ

زوردۇن سابىرنىڭ مەكتەپتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئەسلىمە يېزىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرەتتىم. ھەر قېتىم گېزىت ياكى ژۇرناللاردا زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە ئوبزور ماقالىلىرى ياكى ئەسلىمىلەر بېسىلغاندا ئالا قويماي ئوقۇيتتىم ۋە مۇھىم يەرلىرىنى خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالاتتىم. بۇ ماقالىلەر ۋە ئەسلىمىلەر مېنى تېزرەك زوردۇن سابىرنىڭ مەكتەپكە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كېلىپ، مەكتەپ خەلقى بىلەن سىردىشىپ، ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ، مەكتەپ يېزىلىرىنى ئايلىنىپ، دېھقان ئۆيلىرىدە يېتىپ - قوپۇپ مەكتەپ ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى ۋە مەكتەپتىكى تۇرمۇش ئۆگىنىش ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەسلىمە يېزىش قىزغىنلىقىمغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرەتتى. مەن 2000 - يىلى 5 - ئايدىن 6 - ئاي ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭيى تېبابەت دوختۇرخانىسىدا داۋالاندىم. بىر كۈنى يېڭى كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىغا بارغانىدىم. توساتتىنلا يازغۇچى مەخمۇت مۇھەممەتنىڭ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىندىن نەشر قىلغان «قەلبىمدىكى زوردۇن سابىر» دېگەن كىتابىغا كۆزۈم چۈشتى. شۇئان كىتابنى سېتىۋالدىم. دوختۇرخانىدا كىتابنى ئىككى كۈندىلا ئوقۇپ تۈگەتتىم. شۇنىڭ بىلەن زوردۇن سابىرنىڭ مەكتەپتىكى ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئەسلىمە يېزىشنى پىلانلىدىم. بىر كۈنى ياش يازغۇچى ۋە دراماتورگ ئەختەم ئۆمەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ بۇ پىلانىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئەختەم ئۆمەر بۇ ئەسلىمىنى ياخشى يېزىشنى، بولۇپمۇ زوردۇن سابىرنىڭ مەكتەپتىكى دېھقانلار ئاممىسى ئىچىدىكى پائالىيەتلىرىنى، دېھقانلارغا بەرگەن چوڭقۇر تەسىرىنى بەكرەك گەۋدىلەندۈرۈپ يېزىشنى، كىتاب ئىسمىنى «زوردۇن سابىر ۋە مەكتەپ» دەپ قويسا ياخشىراق

بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ پىكىرگە مەنمۇ قوشۇلدۇم،

مەن داۋالىنىش جەريانىدا بۇ كىتابنى يېزىشنى باشلىدىم. 2000 - يىلى 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى (شەنبە) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى تۇرسۇن قۇربان مېنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. مەن شۇ كۈنلۈك ئاسما ئوكۇلمنى توگىتىپ چۈش ۋاقتىغا ئۇلگۇرۇپ تۇرسۇن قۇربان مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا باردىم. ئۆيدىكىلەر مېنى ناھايىتى ئىللىق چىراي، خۇشخۇي كۈتۈۋالدى (مېنىڭ پروفېسسور تۇرسۇن قۇربان بىلەن تونۇششىم تۇنجى قېتىم، ئۆيىگە بېرىشىممۇ تۇنجى قېتىم ئىدى). ئۆيدە غۇلجا شەھىرىدىن كەلگەن يازغۇچى توختاش بەكرى بار ئىكەن. مەن توختاش بەكرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، ئىسمى نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا ماڭا تونۇش بولسىمۇ، كۆرۈشۈشۈم تۇنجى قېتىم ئىدى. بىز بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قەدىناسلاردەك تونۇشۇپ، چىقىشىپ كەتتۇق ۋە ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا توختاش بەكرى: «ئاغىنەم زوردۇن سابىر مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئەسەرلەرنى يازغانىدى. دائىم غۇلجىغا كەلگەندە مەكتەپنىڭ ياخشى پاراڭلىرىنى قىلىپ بېرەتتى. سىلەر مەكتەپلىكلەر زوردۇن سابىرغا ناھايىتى ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردىڭلار، مەن زوردۇن سابىرنىڭ ساۋاقدىشى ھەم يېقىن ئاغىنىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن،- دېدى. مەن:

- بۇ بىزنىڭ، بىز مەكتەپلىكلەرنىڭ بىر يازغۇچىغا نىسبەتەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىز، مەن يېقىندا «زوردۇن سابىر ۋە مەكتەپ» ناملىق بىر ئەسلىمە كىتاب يېزىشنى باشلىدىم. يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن يېزىپ تاماملاپ نەشرىياتقا تاپشۇرماقچى،- دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ توختاش بەكرى ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە مېنىڭ كىتابنى ياخشى يېزىشىمغا ئىلھام بەردى. مەن ئۆزۈن يىللاردىن بېرى، زوردۇن سابىر بىلەن تونۇشۇش، سىردىشىش، مەكتەپ يېزىلىرىنى بىرگە ئايلىنىش، دېھقان ئۆيلىرىگە بىرگە بېرىش، ئىجادىيەت ھەققىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلەرنى ئەسلەپ زوردۇن سابىر ھەققىدىكى ئەسلىمىنى يېزىشقا باشلىدىم.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىك ۋەكىلى، خەلقىنىڭ كۆڭلىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ مەكتەپ يېزىلىرىدا دېھقانلار ئاممىسى بىلەن بولغان يېقىن، ئىناق مۇناسىۋىتىنى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى كەڭ - كۆشادە ئەسلەپ، مەكتەپ خەلقىنىڭ زوردۇن سابىرغا بولغان ئوتلۇق مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش يۈزىسىدىن مەكتەپ ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى 2000 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «زوردۇن سابىر ۋە مەكتەپ» تېمىسىدا زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى.

يىغىنغا مەكتەپ ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلار، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەۋەسكارلىرى، زوردۇن سابىرنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى بولۇپ جەمئىي 20 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىنغا مەن رىياسەتچىلىك قىلدىم ۋە «زوردۇن سابىر ۋە مەكتەپ» دېگەن تېمىدا مەخسۇس دوكلات بەردىم.

يازغۇچى تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، شائىر مۇساجان يۇنۇس، گۈلسۈم ئوسمان، نۇرگۈل مىجىت، ئايشەم قاۋۇللار زوردۇن سابىرنىڭ ھايات ۋاقتىدا مەكتەپ ناھىيىسىدە ئېلىپ بارغان ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ سۆز قىلدى ۋە زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى، پېشقەدەم شائىر ئوبۇل مەتنىياز زوردۇن سابىر ھايات ۋاقتىدا مەكتەپتە زوردۇن سابىر بىلەن ئۆتكەن مەنىلىك كۈنلەرنى ئەسلىدى ۋە زوردۇن سابىرنىڭ «دولان ياشلىرى»، «ئېھ، توپىلىق يول» ھېكايىلىرىنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. پېشقەدەم ئىشچى، شائىر ساۋۇر قادىر مەخسۇس زوردۇن سابىرغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلدى. زوردۇن سابىر ھايات ۋاقتىدىكى يېقىن ئاغىنىسى قۇرما يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىنىڭ باشلىقى مۇھەممەتجان ھۆسەيىن زوردۇن سابىرنىڭ مەكتەپتىكى ۋە يېزا - كەنتلەردىكى ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى ئەسلىدى. مەكتەپ يېزىلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن زوردۇن سابىرنى مەڭگۈ ئەسلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

www.uyghurkitap.com



زوردۇن سابىر مەكىتكە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كەلگەن، مەكىت يېزىلىرىدا زوردۇن سابىرنىڭ ئايىغى يەتمىگەن يېرى يوق، نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە بارغان، دېھقانلار نېمىنى يېسە زوردۇن سابىر شۇنى يېگەن. كۆيدۈرگە ئاپتاپلىق دولان يېزىلىرىنىڭ كېۋەزلىكلىرى، بۇغدايلىقلىرىدا زوردۇن سابىر دېھقانلار بىلەن تەڭ ئەمگەك قىلغان. زوردۇن سابىر دېھقانلارنىڭ قايغۇ - ھەسرىتى، خۇشاللىق، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشلىرىدا بىرگە بولغان. شۇڭا مەكىت خەلقى زوردۇن سابىرنى كۆڭلىمىزدىكى يازغۇچى، خەلقنىڭ يازغۇچىسى، ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچىسى دەپ ئاتايدۇ.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بىردەك زوردۇن سابىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ، «يازغۇچىغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرىمىز. قايغۇنى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن زوردۇن سابىرنى ئۈلگە قىلىپ، ھارماي - تالماي ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمىز» دەپ ئىرادە بىلدۈرۈشتى. بىر قىسىم يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە زوردۇن سابىر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە بىر قىسىم مۇھاكىمە، ئەدەبىي ئوبزور ماقالىلىرىنى، ئەسلىمىلەرنى ۋە شېئىرلارنى ئوقۇدى.

زوردۇن سابىر ئارىمىزدىن كېتىپ ئىككى يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا يېزىپ نەشرىياتقا تاپشۇرغان ئۈچ توملۇق ترولوگىيىسى «ئانا يۇرت» نەشردىن چىقىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. مەرھۇمنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى يەردە قالمىدى. شىنجاڭ ياش - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنجاڭ سىملىق تېلېۋىزىيە ئېكرانى ئارقىلىق كىتابنى ۋە زوردۇن سابىرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەشۋىق قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى يەتتە ئورۇن بىرلىشىپ قانات يايدۇرغان «ئەسىر نۇرى» كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى ئېيىغا ئۇلگۇرۇپ، بۇ ئۈچ توملۇق كىتابنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى، ھەمدە تولىمۇ ئەھمىيەتلىك 20 - ئەسىر ئۇزاپ تارىخىي ئەھمىيەتلىك، شانلىق 21 - ئەسىر يېتىپ كېلىپ ئىككى ئەسىر ئالمىشىش پەيتىدە كىتابنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشى، يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدىكى ھۆرمىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى، جۈملىدىن مەكىت خەلقى ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى يازغۇچىسى زوردۇن سابىرنى سېغىندى، ئەسلىدى.

## زوردۇن سابىر خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ھايات

زوردۇن سابىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىك باشلامچى يازغۇچىسى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن مىللىي روھ، مىللىي ئېڭىمىزنى ئەدەبىياتقا كۆچۈرۈپ، ئادىمىلىك قىممىتىمىزنى تونۇتۇپ، بىزگە ئۆزگىچە بىر خىل ھايات ئەقىدىسىنى تەقدىم قىلدى. مىللىي تۇرمۇشىمىزنىڭ كىشىلەر تېخى ھېس قىلىپ يەتمىگەن پۈتۈن بىر دەۋرلىك ئىجادىي بەدىئىي خاتىرىسىنى بىزگە مىراس قالدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنە ھاياتىدا بارلىق يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق بىز ئۇيغۇرلارنى قېرىنداش مىللەتلەرگە ۋە دۇنياغا تونۇتتى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار بىلەن دۇنيادىكى ئىلغار، زامانىۋى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا چۈشىنىش، ئۆزئارا بىلىش، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش جەھەتتە بىر ئەھمىيەتلىك كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. شۇڭا ھەممىمىز زوردۇن سابىرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىلىك باشلامچى، يازغۇچى دەپ قارايمىز.

زوردۇن سابىرنىڭ ۋاپاتى - تەرەققىي قىلىپ يۈكسىلىۋاتقان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ يوقىتىش. زوردۇن سابىرنىڭ ۋاپاتى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى بىر تالانتلىق، مول ھوسۇللۇق يازغۇچىدىن ئايرىلدى.

زوردۇن سابىرنىڭ ئەسەرلىرى، زوردۇن سابىرنىڭ نامى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ھايات!

ئەلۋىدا، زوردۇن ئاكا، سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان مىليونلىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدىكىگە ئوخشاش، سىز مېنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ ياشايسىز!

2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، مەكىت.



# يامغۇرلۇق گۈگۈم

(ھېكايە)

روزىنوختى داۋۇت

گۈگۈم بېسىپ كېلىۋاتاتتى، سىرتتىن شىرىلداپ ياغقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيىپ تۇراتتى.

ئۇ ھەشەمەتلىك بېزەلگەن ئايۋاننىڭ قىبلە تەرىپىدىكى گىلەم سېلىنغان سۇپا ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئاستىغا ئۈچ قات تاۋار كۆرپە سېلىنغىنىغا قارىماي ئۇنىڭ ئەت - يېنى ئۆرۈپ چېقىۋەتكەندەك زىڭىلداپ ئاغرىپ ئۇنىڭغا بىر دەممۇ ئارام بەرمەيتتى. ئۇ ئىڭرايتتى، تولغىناتتى، توختىماي ئىنجىقلايتتى. ئۇنىڭ ئېڭەك گۆشلىرى ئىچىگە تارتىشىپ زاڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ يىغى تۆككەن قارا چىراغدەك پىلدىرلاپلا قالغان، پەقەت كۆز ئالمىسىنىڭ پىلدىرلاپ ئۇيان - بۇيان ئۆتۈپ تۇرۇشى ۋە ئاچچىق تولغىنىپ ئىڭراشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەدىنى بىر مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇنى كۆز ئالدىدىن كەتمەيۋاتقان ھېلىقى ئىشلار ھالسىرىتىۋەتكەنىدى. گويا يەر تېگىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قانداقتۇر بىر ئاۋاز ئۇنىڭغا بىر دەممۇ ئارام بەرمەيتتى. قەلبىنى ئېيتىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر غەشلىك ئېچىشتۇراتتى. ھەر قېتىم بۇ ئاۋاز ئاڭلانغىنىدا قانداقتۇر بىرنەرسە ئۇنىڭ يۈرىكىگە پىچاق تىققاندەك سانجىلىپ، بەدەنلىرىنىڭ ئۇگە - ئۇگىلىرى قاتتىق ئاغرىپ يىلاندەك تولغىنىپ كېتەتتى.

گۆر... گۆر... ۋۇ... ۋۇ... ۋۇ...

بۇ نېمە ئاۋازكىنە؟

ماشىنا ئاۋازى، توغرا، ماشىنا ئاۋازى، ھېلىقى ماشىنىنىڭ ئاۋازى...

دەل شۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا قىرىق كۈندىن بېرى بىردەممۇ ئارام بەرمەي كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ياتقىنىغا توپتوغرا قىرىق كۈن بولغانىدى.

ئاھ، قىرىق كۈن! جان قاقشاتقۇچ قىرىق كۈن! سەن نېمانچە ئۇزۇن، نېمانچە ئازابلىق - ھە؟! ئاللا ئىگەم ھېچ بەندىسىگە مۇنداق كۈننى كۆرسەتمىسۇن!...

ئۇنىڭغا بۇ قىرىق كۈن قىرىق يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. ئەنە شۇ قىرىق كۈن ئىچىدە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى كىشىگە تىنغىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر سىر كەلكۈن سۈيىدەك تېنىمسىز داۋالغۇپ ئۇنىڭ قەلبىدىكى يارا ئېغىزىنى قانىتىپ، ئۇنى مىڭ ئۆلتۈرۈپ، مىڭ تىرىلدۈرۈپ، تېگى كۆرۈنمەس خىيال دولقۇنلىرىدا پىرقىرىتىپ جەھەننەمگە تاشلىدى.

ئۇ ئەمدىلا قىرىق ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بېرى پۇل ئۈچۈنلا شاپاشلىدى. يىگىرمە نەچچە يىللىق ئۆمرى پۇلنى دەپ ئۆتتى. پۇلنى دېمىگەن بولسا ھېلىقى ئىشنىمۇ قىلمىغان، بۇنداق ئازابنىمۇ تارتمىغان بولاتتىمىكىن؟!

www.uyghurkitap.com

ئاھ پۇل! . . . كىشىلەرنى راھەتكىمۇ، ئازابقىمۇ گىرىپتار قىلىدىغان پۇل!

سېنىڭ مېھرىڭ نېمانچە ئىسسىق - ھە؟! . . .

ئۇ ھەممە خاپىلىقنى پۇل تەمەسىدىن، پۇلنى دەپ قىلىغان ھېلىقى ئىشىدىن كۆرەتتى. ئاشۇ نىجىس پۇلنى دېمىگەن بولسا ئۇ بۇنداق كۈنگە قالماسمىدىكىن؟! . . .

ئاھ خۇدا، نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغان بولغىيدىم؟! . . .

ئۇ ئويلىناتتى، ھە دېسىلا ھېلىقى ئاۋاز، ئارقىدىنلا ھېلىقى ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا بىردەممۇ ئارام بەرمەيتتى. شۇ كۈنى ئۇ ئاشخانىسىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن بىر كىچىك ماشىنىدا شەھەرگە كېتىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ ئالدىدا شوپۇر، كەينىدىكى ئۈچ كىشىلىك ئورۇندا ئۇ ھەم ئۇنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشخانىنىڭ ئايال خوجايىنى ئولتۇراتتى. ئىككى تال ئۇزۇن چېچى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى چوڭ، ياشلىق گۈلى ئەمدىلا ئېچىلىشقا باشلىغان بۇ ئايالنىڭ ئېرى بىر يىل بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىپ بىرى توققۇز ياشلىق، يەنە بىرى ئالتە ياشلىق ئىككى قىزى بىلەنلا قالغانىدى. ئۇ ئىككى بالىسىنى ئەنە شۇ كىچىككىنە ئاشخانىغا تايىنىپ بېقىپ كېلىۋاتاتتى. بىرنەچچىلا ئاشخانا، تىجارەت دۇكانلىرى بار بۇ كىچىككىنە سودا بازىرىدا ئۇنىڭ ئاشخانىسى بىلەن بۇ ئايالنىڭ ئاشخانىسى بىر يەردە، يەنە كېلىپ بىر - بىرى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم كىشىلەرنىڭ ئۇ ئايالنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ ئىچى ھەرە چاققاندەك تىتىلداپ، كىمدۇر بىرسى يۈرىكىنى سۇغۇرىۋالغاندەك تۇرالماي قالاتتى.

«مۇشۇ پاسكىنىنىڭ ئاشخانىسى بولمىغان بولسا ئاشۇ كىشىلەر مېنىڭ ئاشخانامغا كىرمەسمىدى، ئۇنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈۋاتقان پۇل مېنىڭ غەللەمگە چۈشمەسمىدى؟! مېنىڭ رىزقىمنى تارتىۋالغان بۇ پاسكىنىنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك! . . .»

ئۇ ئەنە شۇنداق ئويلايتتى. ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە كىشىگە تىنچلىق بولمايدىغان قانداقتۇر بىر سىر دېگىنىز دولقۇنلىرىدەك تېنىمسىز داۋالغۇيتتى. ئۇ كۆپ قېتىم كېچىسى ئوغرىلىقچە بېرىپ ئۇ ئايالنىڭ ئوچاقلىرىنى بۇزۇۋەتتى. لېكىن بۇ ئايال ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئوچاقلىرىنى ياسىتىۋېلىپ سودىسىنى يەنە قىلىۋېرەتتى. ئۇ بۇنىڭغا چىدىماي بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئۆگزىسىگە ئايەت ئوقۇلغان تۇپىلارنى چېچىپ باقتى، ئۇ: «ئايەت ئوقۇغان تۇپىنى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چاچسا شۇ ئۆيگە ئادەم كىرمەس بولۇپ قالىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. ئاخۇنۇملارنى چاقىرىپ دۇئا ئوقۇتتى. ئاخشاملىرى بېرىپ ئوچاقلىرىغا توپا - تاش، ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كۆل - ئەخلەتلەرنى دۆۋىلەپ قويدى. كېچىلىرى بېرىپ تەرەت قىلىپ قويدى. لېكىن ھېچبىر چارە كار قىلمىدى. ئاقىۋەت بۇ ئايالنى ئۆلتۈرۈۋېتىش خىيالىغا كەلدى. لېكىن پۇرسىتىنى تاپالماي مۇشۇ يەرگە كەلگەنىدى. مانا بۈگۈن ئىككىسى يانمۇ يان ئولتۇرۇپ شەھەرگە كېتىۋاتاتتى. قارىغاندا پۇرسەت كەلگەندەك قىلاتتى.

ئۇنى يوقىتىشنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان پۇرسىتى بولامدۇ؟ «خۇدا بۇيرۇدى» دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۇنى يوقىتىش كېرەك! لېكىن قانداق قىلىپ يوقاتقىلى بولار؟ ئۇ ئويلىنىپ قالدى. «ماشىنىدىن ئىتتىرىۋەتسەمچۇ؟ . . .» ئۇ بىردىن ئەقلىنى تاپقاندەك بولۇپ ئوڭ قولىنىڭ مۇشتىنى سول قول ئالقىنىغا ئۇرۇۋەتتى. «توغرا، بۈگۈنكى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك! ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك! ئىتتىرىۋېتىش كېرەك!» ئۇ ۋاقىرىۋەتكىلى قىل قالدى. ئۇنىڭ ئەس - يادىنى ئەنە شۇ خىيال ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. ئىچىدە قانداقتۇر بىر زەھەرلىك يىلان ھەدەپ قوتراۋاتاتتى. بىردىن ئۇنىڭ ئېسىگە قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئاشخانىدا چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ، كىمدۇر بىرسى سۆزلەپ بەرگەن بىر ۋەقە كېلىپ قالدى.

- بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسى، - دېگەنىدى ھېلىقى كىشى، - ماشىنا يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقاندا تۇساتتىن ماشىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كېتىپ ئىككى ئادەم ماشىنىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. . .»

«ھەببەللى، چارە دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ. بۇمۇ بىر قاتناش ھادىسىسى...

ئۇ بۇرۇلۇپ يېنىدىكى ئايالغا قارىدى. ئۇ ئايال كەينىكە ئىشىكى تەرەپكە سىڭايان بولغان ھالدا كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ بەخىرامان ئولتۇراتتى. ماشىنا بولسا ساي يولىدا غۇيۇلداپ كېتىپ باراتتى. ئەتراپ غىلىڭ ساي بولۇپ، يېقىن ئەتراپتا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى. قارىغاندا ياخشى پۇرسەت كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئالدىراپ قول سالماقچى بولدى. لېكىن شۇئان يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈپۈلدەپ پۇت - قوللىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىككىلىنىپ شوپۇرغا قارىدى. شوپۇر ئالدىدىكى يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي پۈتۈن دىققىتى بىلەن رولنى باشقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. ھېلىقى ئايال بولسا بەخىرامان ئولتۇرماقتا ئىدى. «ئىتتىرىۋېتىش كېرەك، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك!...»

ئۇنىڭ ئىچىدىكى زەھەرلىك يىلان ھەدەپ قۇتراۋاتاتتى. ئۇ ئاستا كابىنكا ئىشىكىگە قول ئۇزاتتى. ئۇزاتتىيۇ، لېكىن شۇ ھامان قولىنى تارتىۋالدى. «كېيىن بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسىچۇ؟ كابىنكا ئىشىكى نېمە بولۇپ ئېچىلىپ كەتتى، دەپ سوراشسىچۇ؟... گۇناھ بولماسمۇ؟!...»

«ساڭا تەئەللۇق نەرسىنى ئۇ تارتىۋېلىۋاتىدۇ، سەن ئەركەك ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا ئىككىلىنىسەن؟ پۇرسەتنى چىڭ تۇت!» زەھەرلىك يىلان يەنە كۇشۇلدىدى، شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ قىزىل، كۆك، سۆسۈن رەڭلىك پۇللار ئۇنىڭ ئاشخانىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ ھېلىقى ئايالنىڭ ئاشخانىسىغا ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇ ئايال بولسا ئۇنىڭغا كۆز قىرىدا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويۇپ كىشىلەرنى ئۆز ئاشخانىسىغا باشلاپ كېتىۋاتقاندەك، توپ - توپ كىشىلەر توپا - چاڭلارنى ئۆرلىتىپ ئۇنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ئايالنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇ بولسا كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا، توپا - تۇمان ئارىسىدا قېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بىردىن قېنى قىزىپ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلدى. پۈتۈن تېنى ۋاژىلداپ كۆيگەندەك ئاچچىق بىر ئېقىم چوققىسىدىن كىرىپ تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. يېنىدا ئولتۇرغان ئايال ئۇنىڭ يۈرىكىنى سوغۇرۇۋېلىۋاتقاندەك بىلىندى - دە، قولى ئىختىيارسىز كابىنكا ئىشىكىگە سوزۇلدى.

- ۋايجان!... ۋايىيەي!...

شوپۇر نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي كەينىگە قارىدى - دە، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنىنى «غاچچىدە» تورمۇزلىدى. ماشىنا قاتتىق چاپچىپ، ئۆرۈلۈپ چۈشتى... قاتناش تارماقلىرى بۇ ئىشتىن «بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسى» دەپ يەكۈن چىقىرىشتى. مەسئۇلىيەتنىڭ ھەممىسى شوپۇرغا ئارتىلدى. ھېلىقى ئايال ماشىنىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ نەپىسى توختىغانىدى. بەختىگە يارىشا شوپۇر بىلەن ئۇ ئامان قالغان، پەقەت ماشىنا ئۆرۈلگەندە سوقۇلۇپ بېشى، يۈزى ھەم قول - بىلەكلىرى ئازراق زەخىملەنگەنىدى.

كىشىلەرمۇ بۇنى «بىر قېتىملىق قاتناش ھادىسىسى» دەپلا چۈشىنىشتى. ھادىسىنىڭ جەريانىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭغا ھېچقانداق گۇناھ ئارتىلمىدى. لېكىن شۇ ئىشتىن كېيىن نېمىدۇر بىرنەرسە ئۇنىڭ ئىچىنى تاتىلىغاندەك، ئۇنىڭ يۈرىكىنى قوچۇۋاتقاندەك ئۇنىڭغا ئارام بەرمەي كۆڭلىنى بىر خىل غەشلىك، دەككە - دۈككىچىلىك قاپلىۋالغانىدى. ھە دېگەندىلا ھېلىقى ئىش ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ يۈرىكىنى مۇجۇپ، ئۇنى ساراسىمىگە سالاتتى. ئۇ قانداقتۇر بىرنېمىدىن قورققاندەك نە ئۇيقۇسى، نە غىزا يېگۈسى كەلمەي پەرىشانلىق ئىلكىدە ئىككى كۈننى ئۆتكۈزدى. بىراق جىمىكى بالا - قازانىڭ ھەننىۋاسى ئۆگۈنى تېرىلدى. كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىپ ھېلىقى ئايالنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مېيىتىنى قەبرىستانلىققا ئېلىپ مېڭىشتى. ئۇمۇ جامائەتنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ھاۋا تۇتۇق ئىدى، پۈتۈن ئەتراپنى داد - پەريادلار، يىغا - زار قاپلىغان بولۇپ، كىشىلەر ئېغىر قايغۇ ئىلكىدە كېتىشىۋاتاتتى. ھېلىقى ئايالنىڭ ئىككى بالىسى دەريا - دەريا ياش تۆككىنىچە، جىنازىغا ئېسىلىپ زار - زار

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

يىغلايتتى، جىسنازا كۆتۈرۈپ ماڭغانلارنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىۋالاتتى، پۇتلىرىنى قۇچاقلىۋالاتتى، «ئانامنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ ئۇنى ئېلىپ كەتمەڭلار!» دەپ يېلىناتتى، يالۋۇراتتى. ئۇلارنىڭ نالە - پەريادىغا چىداپ بولمايتتى. پۈتۈن ئەتراپنى ئېچىنىشلىق يىغا - مۇڭ قاپلىغان بولۇپ، نامازغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى بالىنىڭ نالىسىغا چىدىماي يىغلاشماقتا ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تۇيۇقسىز قويۇندەك بىر ساراسىمە ئۇلىشىپ يۈرىكى ئاغقاندەك، ئوتتا پۇچۇلانغاندەك بولدى. شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ تۇيۇقسىز يىقىلىپ چۈشتى. . .

ئۇ نېمىشقىمۇ بۇ يەرگە كەلگەن بولغىيدى؟ باشتا كەلمىگەن بولسا بوپتىكەن. كېلىپ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرمىگەن بولسا بۇنداق بولماسمىدى- كىن؟!. . .

ئۇ ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆرە بولالمىدى. كۆرسەتمىگەن دوختۇر - تېۋىپلىرى، ئىشلەتمە- گەن دورا - ئوكۇللىرى قالمىدى، ئوقۇتۇپ باقتى، ئىسرىقلىدى، لېكىن ھېچقايسىسى كار قىلمىدى، ئەكسىچە كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، زەھەردەك ئاچچىق تۇيغۇلار ئۇنىڭ قەلبىنى تىلىپ بارغانسېرى ھالسىرىتىۋەتتى. ئۇ جىمىكى بالا - قازانى ھېلىقى ئىشتىن كۆرەتتى. شۇنىڭغا باغلاپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنەتتى! «نېمىشقىمۇ شۇنداق قىلغان بولغىيدىم» دەپ پۇشايمان قىلاتتى. ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى، جامائەت ئالدىدا قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئاشكارىلاپ، ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلىغۇسى، «ئادەم بالىسى بولساڭلار بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلماڭلار!. . .» دېگۈسى، ھېلىقى ئىككى بالىدىن كەچۈرۈم سوراپ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان تاپقان پۇل - دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا بېرىپ ئۆزىنى كەچۈرۈشىنى تىلىگۈسى كېلەتتى. لېكىن ئورنىدىن تۇرالمايتتى. شۇلارنى ھەربىر ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ قەلبىنى ئاچچىق ئەلەم، ھەسرەت، پۇشايمان تىغى تىلاتتى. قۇلاق تۈۋىدە نېمىدۇر بىرنەرسە توختىماي غۇڭۇلدايتتى، غۇڭۇلداش كۈچەيگەنسېرى ئۇنىڭ تېنىدىكى ئاغرىق كۈچىيىپ مېڭىسىنى بىر كىم پىچاق تىقىپ قوچۇۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ ئىڭراپ كېتەتتى، كۈن بويى «گۇر. . . گۇر. . . ۋۇ. . . ۋۇ. . .» قىلغان ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىن كەتمەيتتى، ھەر قېتىم بۇ ئاۋاز ئاڭلانغاندا ئۇ يىلاندەك تولغىنىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ ئاۋازغا ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن بۇ ئاۋاز توختىماي غۇڭۇلدايتتى.

- گۇر. . . گۇر. . . گۇر. . . ۋۇ. . . ۋۇ. . . ۋۇ. . .

ھېلىقى ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى. بىردىن ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ پۈتۈن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىككىيلەن ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

- ئەزرائىل، - دەپ قىياس قىلدى ئۇ، - جېنىمنى ئالغىلى كەلگەن چېغى!. . .

ئۇ قورقۇپ قاچماقچى بولدى. لېكىن پۇت - قوللىرى مىدىرلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىردىن ھېلىقى ئىككىيلەن ئىككى كىچىك بالىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىككى كىچىك بالا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ مۇشتۇمى تۈگۈلگەن، كۆزلىرىدىن ئوت چاچراپ تۇراتتى. ئۇ قاچماقچى بولدى. لېكىن مىدىرلىيالمىدى. شۇئان ھېلىقى ئىككى بالا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا چاڭگال سالدى:

- سەن ئانامنى. . . ئانامنى قايتۇرۇپ بەر، ئانامنى قايتۇرۇپ بەر، ۋۇ نومۇسسىز ئەبلەخ!

- ئاھ، ۋايجان!. . .

ئۇ قاتتىق ئىڭرىۋەتتى، شۇئان دېمى كېسىلىپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلۇپ ئاچچىق بىر ئاغرىق پۈتۈن تېنىگە يامرىدى.

- دادىسى، نېمە بولدىلا؟!

- دادا، نېمە بولدىڭىز؟!

ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرى ئەتراپىغا ئولىشىپ يىغلىشىپ كەتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ يىغلاشقىنى ئۇنىڭغا ئاڭلانمايتتى. گۆگۈم بېسىپ كېلىۋاتاتتى. شىرقىراپ ياغقان يامغۇر كۈچىيىۋاتقاندەك قىلاتتى.

# ئۆزۈمدىن - ئۆزۈمگىچە

پەرىدە ئەفروز (ئۆزبېكىستان)

«ئۆزۈمدىن - ئۆزۈمگىچە» - ئۆزبېكىستانلىق شائىرە ئەفروزنىڭ بەشىنچى شېئىرلار توپلىمىنىڭ نامى ئەنە شۇنداق ئاتالغان. بۇ سۆزدىن شائىرەنىڭ شېئىرىيەتكە نىسبەتەن سەمىمىيلىك، ئىچكى ئالەمگە يۈزلىنىش، ئۆزلۈكنى ئىزدەش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى قولغا قەلەم ئېلىشقا ئۈندىگەن ئىزتىراپلىق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ چىن مەنىسىگە ئىنتىلىش نوقتىسىدىن يانداشقانلىقىنى ھېس قىلىش تەس ئەمەس. شائىرەنىڭ ھەر بىر شېئىرىدا دېگۈدەك مەلۇم دەرىجىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان شۇ خىل روھىي ھاياجان، زارىقىش ۋە سەرخۇشلۇق ئالامەتلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. شائىرە ئۇشبۇ توپلامغا يازغان قەلب سۆزىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئۆزۈمدىن - ئۆزۈمگىچە ئۇزاق يول باستىم، تېخى مەنزىلىم يىراق. مەن ئۆزۈمنى مىڭ پارچىغا بۆلدۈم، تېرىقتەك چېچىلدىم. ئەمما بۈگۈن سىز تۇتۇپ تۇرغان ئۇشبۇ كىتاب ئىچرە جەم بولدۇم» دەيدۇ. دەرۋەقە نام - ئاتاق، شان - شۆھرەت قاتارلىق ھەر خىل ۋەسۋەسىلەردىن خالىي قەلەم ساھىبلىرى ئۈچۈن شېئىر يېزىش بىر خىل ئۆزىنى بېغىشلاش جەريانىدۇر.

پەرىدە ئەفروز ئۆزىگە خاس شائىرانە ساداسى بىلەن جەلپكار، ئۈمىدۋار ۋە سالماق بىر نۇقتىغا ئايلىنىپ، ھازىرقى زامان ئۆزبېك شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى بىر ئۆرلەش باسقۇچىغا كىرىپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا تىلدىن ئىبارەت بىباھا خەزىنىنىڭ ئىمكانىيەتلىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ تىل، تەپەككۇر ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ياندىشىپ، ئۆز خەلقىنىڭ روھىي ۋە ئىجتىمائىي قىسمەتلىرىگە تەشۋىشلىك نەزەر تاشلايدۇ. بۇنى پەرىدە ئەفروزنى شائىرلىق ئازابىغا مۇپتىلا قىلغان مەنبەلەردىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. خەلق قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللەر، ئىدىيوملار، جانلىق تىلدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە سىمۋوللار، ئىستىئارىلەر ۋە سېھىرلىك جەزبە، مەنىلەرگە باي شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى پەرىدە ئەفروزنىڭ قەلبىگە شېئىرىي ئىلھام پىراقلىرىنى ئۇتاشتۇرغان مەنبەلەردۇر. شۇڭا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن ھاپىزنىڭ، رۇمىينىڭ، ئەخمەت يەسسەۋىينىڭ، نەۋائىينىڭ، مەشرەپنىڭ ھازىرقى زامانغا خاس پۇراقلىرى كېلىدۇ.

پەرىدە ئەفروز 1956 - يىلى تۇغۇلغان. «قىرىق كوكىلام»، «ئىزتىراپنىڭ كۆڭلىكى»، «تۈنلەر ئىسيانى»، «كۆزۈم مېنىڭ»، «ئۆزۈمدىن - ئۆزۈمگىچە» ناملىق شېئىرىي توپلاملىرى ئېلان قىلىنغان.

## ساچلىرىمنى...

ساچلىرىمنى رەيھان سۆيدى، بىلمىدىڭ،
تىللىرىمدىن تۆكتىم ناۋات، بىلمىدىڭ،
تۆكۈل دېدىم، تۆكۈلمىدىڭ، تولمىدىڭ،
ئەمدى سېنىڭ كۆكسۈڭ ئۆزرە تاغ غۇلار،
ئەمدى مېنىڭ كۆكسۈم ئۆزرە داغ تۈنەر.

شاماللاردىن تۇتۇپ كەلدىم ئۆزۈمنى،
ھەر ناكەستىن ئېلىپ قاچتىم يۈزۈمنى،
ساچلىرىمغا زۇننار قىلدىم سۆزىمنى،
ئەمدى سېنىڭ مەندەك ئارمانىڭ بولماس،
ئەمدى مېنىڭ سەندەك ئاسمانىم بولماس.

ئالتۇن ئالما پەرۋىشلىدىم بېغىمدا،
ئالۋاستىلار ئۈزۈپ كەتتى بېغىمدىن،
ئىچسە يىلان ئۆلەر ئەمدى قېنىمدىن،
ئەمدى سېنىڭ باغلىرىڭدا كۆز يىغلار،
ئەمدى مېنىڭ قىسمىتىمدە سۆز يىغلار.

## مەن ئۆزى كىممەن

مەن ئۆزى كىممەن،
تاشلاندۇق قۇدۇق،
يامغۇرلارنىڭ ئېسىدىن چىققان
بېلىقلىرى ئۇساپ جان بەرگەن،
قومۇشلىرى ئۈيۈپ نەيلەنگەن،
تاشلاندۇق قۇدۇق.

سەن ئۆزى كىمسەن،
سۇغا چۆككەن تاش،
قىيالارنىڭ يادى ئۇچۇرگەن،
تەۋرەشلەردە توپ - توپ تۆكۈلگەن،
چوققىلاردىن مەڭگۈ ھەيدەلگەن،
سۇغا چۆككەن تاش.

www.uyghurkitap.com

ئىشق ـ ئۇ نېمە؟
ئۇنتۇلغان تۈگمەن.
دۇنيالارنىڭ ئەسلىرىدە يوق،
قۇشلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئۇۋا،
ھوقۇشلارغا شاد ـ خۇرام ماكان.
ئىككىمىزنى داندەك يەنچىگەن،
ئۇنتۇلغان تۈگمەن.

## سەن ئەۋەتكەن بۇلۇتلار

سەن ئەۋەتكەن بۇلۇتلار
ئاپئاق ۋە يۇمشاق،
كاشكى، قارا بولسا.

سەن ئەۋەتكەن بۇلۇتلار
يۈرىكىمگە كىرمەكتە ئۈزۈپ،
كاشكى، ئۆتۈپ كەتسە.

سەن ئەۋەتكەن بۇلۇتلار
يامغۇرسىز، قۇرغاق. . .
كاشكى، ياش تۆكسەم.

## سەندىن شەپقەت كۈتكەندىن كۆرە

سەندىن شەپقەت كۈتكەندىن كۆرە
قۇرىغان دەرەخكە يىغلايمەن،
ئېتىكىمگە ئالما تۆكەر ئۇ.

سەندىن مېھىر كۈتكەندىن كۆرە
ئەجدىھاغا قېنىپ بوزلايمەن،
باغرىمدا بالامدەك ئۇخلىغۇسى ئۇ.

سەندىن ۋاپا كۈتكەندىن كۆرە
كۆكسىمگە خەنجەرلەر تىكىمەن،
كۆكرىپ گۈللەيدۇ ئۇ چوقۇم.

## كىمگىدۇر

شۇ كۆزۈڭ، شۇ قېشىڭ
شۇ رۇخسار بىلەن
كىمگىدۇر كېرەكسەن، كىمنىڭكىدۇرسەن.
شۇ سۆزۈڭ، شۇ كۈلكەڭ
شۇ نىگاھ بىلەن
كىمگىدۇر ئارمانسەن، كىمگىدۇر تىلەك. . .
ئىمانسەن مۇكەممەل،
نۇرسەن ھۆۋەيدا،
قىممەتلىك جاۋاھىر
يۇلتۇزسەن پەيدا،
ئاشىقسەن سەۋدايى،
ياردۇرسەن تەنھا.
شۇ غېمىڭ، شۇ دەردىڭ،
شۇ ئەلەم بىلەن،
ئۆمرۈمنىڭ مەنىسى، مېنىڭكىدۇرسەن! . . .

## بىلدىم

بەلكى سورۇنلاردا كۈلگىنىم راستتۇر،
گۈل كىيگىنىم، گۈللىگىنىم، گۈل بولغىنىم راستتۇر،
كۈيلىگىنىم، كۆيدۈرگىنىم، كۈل بولغىنىم راستتۇر،
ئەمما سىزسىز ھېچكىممەن، بىلدىم.

بىلدىم خۇددى تاڭلار ئاتقىنى كەبى،
قۇياش ھارغىن پاتقىنى كەبى،
ئاسماندا ئاي شورلۇق، بىناۋا،
ئوۋلاقتا ئاھۇلار ياتقىنى كەبى، بىلدىم.

ئۇن گۈلۈمدىن ئۇن گۈلۈم ئېچىلدى، سولدى،
ياپراقلىرىم سارغىيىپ چېچىلدى، سولدى،
ئىشق دېگەنگە كېپەنلەر پىچىلدى، سولدى،
ئەسسىز، سىزسىز، ھېچكىممەن بىلدىم.

بىلدىم، قانائەتنىڭ مەنزىلى خۇدا،
بىلدىم، سائادەتنىڭ تۈنلىرى زىيا،
تومۇردا ئىشق دېگەن ئەلەم ئويغانسا
بېشىڭغا بالادۇر، بالدۇر، بالا، بىلدىم!

بىلدىم، ئارمانلارنىڭ ئۆمرى ئۇزاقتۇر،
پاياندار سىلىنغان يوللار توزاقتۇر،
بىلدىم، خىيانەتنىڭ يولى چىراغتۇر،
بىلدىم، بوينۇمدىكى مارجان ـ پىراقتۇر،
بىلدىم. . .

بەلكى، سورۇنلاردا كۈلگىنىم راستتۇر،
گۈللىگىنىم، گۈل بولغىنىم راستتۇر،
كۈيلىگىنىم، كۈل بولغىنىم راستتۇر،
ئاسماندا ئاي كەبى تۇل بولغىنىم راستتۇر،
سىزسىز، سىزسىز ھېچكىممەن، بىلدىم. . .

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئەزىزى**)



# ھېجازدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر

(ھېكايە)

ئابدۇۋەلى ئەلى

## ئابدۇلئەزىز ئايروپورتىكى كەچۈرمىشلىرىم

بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى - دە، سەئۇدى ئەرەبىستانغا قاراپ ئۇچتى. بىر سائەتتىن كېيىن، يەنى سەئۇدى ئەرەبىستان ۋاقتى كېچە سائەت بىردىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە، بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان بىردىنلا تۆۋەنلەشكە باشلىدى. ئەتراپ تۈن پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقتىن، بىرەر نەرسىنى ئىلغا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا ئايروپىلان باشلىقىنىڭ: «ھازىر بىز دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئايروپورت - سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ جىددە شەھىرىدىكى ئابدۇلئەزىز ئايروپورتىغا يېتىپ كەلدۇق!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. سەئۇدى ۋاقتى سائ بىردىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتكەندە، بىز ئولتۇرغان ئۆزبېكىستان ئاۋىئاتسىيە كومپانىيىسىنىڭ 380 كىشىلىك رېئاكتىپ ئايروپىلانى ئابدۇلئەزىز ئايروپورتىغا سىيلىق قوندى. بىز ئايروپىلاندىن چۈشۈۋېدۇق، تونۇرنىڭ قىزىقىدەك ھارارەت يۈزىمىزگە لاپپىدە ئۇرۇلدى. بۇ چاغدا گەرچە كېچە بولسىمۇ، ئەمما جىددىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 30 گرادۇسقا يەتكەنىدى.

بىز ئايروپورتنىڭ ترانزىت زالىغا كىرگەندىن كېيىن، چېگرىدىن كىرىش ئېغىزىغا كېلىپ رەسمىيەت ئۆتەش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇردۇق. سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرى ئىنتايىن چىڭ ئىكەن. ترانزىت زالىدا چېگرىدىن كىرىش ئېغىزىدىن بىرنەچچىسى بولسىمۇ، ئەمما كېچە بولغاچقا، ئېغىزلارنىڭ نۇرغۇنلىرى تاقاق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چېگرىدىن كىرىدىغان ئادەملەر كۆپ بولغاچقا، چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولۇشقا ئۈچ سائەتتەك ۋاقىت كەتتى.

مەن ئۆچىرەت كۈتكەچ، ئايروپىلان كۈتۈش زالىنىڭ ئىچىگە نەزەر سالدىم. زالنىڭ ئىچىدە يوغان قىلىپ يېزىلغان: «مەرھابا، ئى ئاللانىڭ ئەزىز مېھمانلىرى!» دېگەن ئەرەبچە پىلاكات كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتى جىددە شەھىرىنىڭ شىمالىغا 35 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا سېلىنغانىكەن. بۇ ئايروپورتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 105 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، يالغۇز ئايروپىلان كۈتۈش زالىنىڭ ئىچىلا 1 مىليون 500 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن. ئاساسىي زالنىڭ كۆلىمى 150 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، 80 پۇتبول مەيدانىغا باراۋەر كېلىدىكەن. يېرىم سۈزۈك ئەينەك تالاسىدىن توقۇلغان 210 ھەرىكەتچان چېدىر تورۇسىنىڭ ئېگىزلىكى 46 مېتىر بولغانلىقتىن، «تورۇسلۇق شەھەر» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. ھەم يورۇق، ھەم سالقىن زالنىڭ ئىچىدە بىرلا ۋاقىتتا 200 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھەرىكەت قىلالايدىكەن.

ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا، شىمالىي ئامېرىكا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئوكيانىيە قىتئەلىرىدىن ھەج قىلىشقا كەلگەن سېرىق تەنلىك، قارا تەنلىك، ئاق تەنلىك ۋە قىزىل تەنلىك مۇسۇلمانلار ئايىغى ئۈزۈلمەستىن زالغا كىرمەكتە ئىدى. بىر چاغدا، قارىسام ئافرىقىلىق بىر توپ نېگىر مۇسۇلمان زالغا كىرىپ كەلدى،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مەجرۇھ نىگىر ئۇمىلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭ ساداقەتمەن، قەيسەر روھىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايتتى.

ئاخىر، ئۆچىرەت ماڭا كەلدى. مەن پاسپورت، سېرىق مەكتۇپ قاتارلىق ھۆججەتلەرنى يېنىمدىن چىقىرىپ، ئەرەب پاگرانىچنىكىغا سۇندۇم. ئۇ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، ئېگىز بويلۇق بىر ھەربىي ئىدى. ئۇ پاسپورت، ۋىزا، سېرىق مەكتۇپ قاتارلىقلارنى بىرمۇ بىر ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئالدىدىكى كومپيۇتېردىكى مەلۇماتلارغا تېزلىك بىلەن بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، پاسپورتۇمغا «تاق» قىلىپ تامغا ئۇردى - دە، ئەدەپ - ئىكرام بىلەن: «مەرھابا، سىينى (جۇڭگولۇق) دوست!» دېگىنىچە پاسپورت، ھۆججەتلىرىمنى قولۇمغا قايتۇرۇپ بەردى. مەن گەرچە ئەرەبچىنى بىلمىسەممۇ، ئەمما ئۇنىڭ سۆزىدىكى «مەرھابا»، «چىن»، «دوست» دېگەن تاق سۆزلەردىن ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى پەملەپ بولغانىدىم. «رەھمەت!» دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن. بۇ چاغدا سائىتىمگە قارىسام چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيىتىمنى ئۆتەشكە ئاران ئۈچ مىنۇتلا كېتىپتۇ. سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش ئۈنۈمى نېمىدېگەن يۇقىرى - ھە؟! مەن ئۇلارغا قايىل بولغىنىمدىن ھەمدە ھەيران بولغىنىمدىن قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن.

يۈك - تاقلىرىم ئاز ھەم يېنىك بولغاچقا، تاموژنىدىنمۇ ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما مېنىڭ بىلەن ئايروپىلاندا بىللە كەلگەن ۋەتەنداشلىرىمنىڭ چېگرىدىن كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىمەكى ئۇنداق ئوڭايغا توختىمىدى. ئۇلار خۇددى سەئۇدىدىن قايتىپ كەتمەيدىغاندەك تەييارلىق قىلىپ چىققانىكەن. ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرى شۇنداق كۆپ ۋە شۇنداق ئېغىر ئىدىكى، يۈك - تاقلىرى ئۇلارنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ، قەددىنى پۈكۈۋەتكەنىدى. بېشى سەكسەندىن ئاشقان پىچانلىق ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ تەن - سالامەتلىكى تازا ياخشى ئەمەس ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، بوۋاي بىلەن موماي ئىككىسىنىڭ ھەج پەرزلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىن ئالمائاتاغا چىقىپ، ئۇ يەردىن يەنە رامىزانغا ئۈلگۈرۈپ ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدىغا كېلىشى ئىكەن. ئۇلار يولدا بەكمۇ قىينىلىپتۇ، نۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ، رىيازەت چېكىپ، ئاخىر مەقسەتكە يېتىپتۇ. تاموژنا تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، مەن ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى ئۈچ قېتىم توشۇپ يۈرۈپ، ئاران تۈگەتتىم. ئۇلاردىن: «نېمانداق كۆپ نەرسە ئېلىۋالدىڭلار؟» دەپ سورىۋىدىم، «ۋاي بالام، نېمە بولاتتى، پىچاننىڭ تونۇر نېنى بولمامدۇ، - دەپ جاۋاب بەردى موماي، - بىز يولغا چىقىدىغان چاغدا بىزگە يوللۇق تۆتۈش ئۈچۈن، قىزىم ئۇدا ئىككى كۈن توختىماستىن نان ياقتى. بالام، بۇ ناندا يۇرتىمىزنىڭ ھىدى بار ئەمەسمۇ؟» مەن مومايىنىڭ ئاددىي، ئەمما مەنىسى تېرەن بۇ جاۋابىدىن قايىل بولۇپ قالدىم.

مەن ئالمائاتادىكى ۋاقتىمدا، ئالمائاتا «لەززەت ساياھەت كومپانىيىسى» دە ئىشلەيدىغان جۇڭگولۇق دىلى لىيەنىيىڭ خانىم سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارىدىغان ما ھەدە، ۋاڭ ھەدە، لى ھەدە ۋە تيەن ھەدە دېگەن ئۈرۈمچىلىك تۆت خۇيزۇ ئايالنى ماڭا قوشۇپ قويغان ۋە يولدا ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشۇمنى ئالاھىدە جېكىلىگەنىدى. مەن ئۇلار بىلەن بىللە چېگرىدىن كىرىش، تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرىمىزنى ئۆتەپ بولغاندا، سەئۇدى ۋاقتى ئەتىگەن سائەت تۆتتىن ئاشقانىدى. سەئۇدى ۋاقتى ئۈرۈمچى ۋاقتىدىن ئۈچ سائەت كېيىن بولىدۇ. دېمەك، بۇ چاغدا ئۈرۈمچىدە سائەت يەتتىدىن ئاشقانىدى. بىز بەشىمىز يۈك - تاقلىرىمىزنى ھارۋىغا سېلىپ ئىتتىرىپ زالنىڭ سىرتىدىكى ماشىنا توختايدىغان مەيدانغا چىقتۇق. شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئالدى تەرەپتىكى كىشىلەر پاتپاراق بولۇشۇپ، تۆت - بەش ئادەم يېنىمىزدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ زالغا كىرىپ كەتتى. مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ھېچ بىلەلمەي، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ: «ئۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەردى؟» دەپ سورىۋىدىم، ھېلىقى ئادەم بىر نېمىنى يوشۇرغاندەك قىلىپ، «ھېچ ئىش يۈز بەرگىنى يوق، مېڭىۋېرىڭلار، بىز بىر نەرسىمىزنى ئۇنتۇپ قاپتۇق» دەپ زالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، خاتىرجەم بولدۇم - دە، ھېلىقى خۇيزۇ ھەدىلەرنى باشلاپ مېڭىۋەردىم.

دەسلەپتە چەت ئەلگە چىققان ھەرقانداق ئادەم تەجرىبىسىز بولغانلىقتىن، ئاسانلا قايمۇقۇپ

قالىدىكەن. بىزمۇ شۇنداق بولدۇق. بىز ھېلىقى ئۇيغۇرلار توپلىشىپ تۇرغان يەرگە كېلىپ قارىساق، ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئورۇقلۇقىدىن قوۋۇرغىسىنى سانىغىلى بولىدىغان پاكار بىر ئەرەب توسۇۋاپتۇ. ھېلىقى ئەرەب قوللىرىنى شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانىكەن. بېرىشىمغىلا ھېلىقى ئەرەب «پاسپورت» دېمەسمۇ، مەنمۇ ئۇنى «ھۆكۈمەت خادىمى بولسا كېرەك» دەپ، ئويلاپ ئولتۇرماستىن پاسپورتۇمنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندۇم. ئۇ ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوق، پاسپورتۇمنى «مۇسادىرە» دېگىنىچە قولىدىكى بىر سۇلياۋ خالتىغا سېلىۋالدى، ئاندىن يەنە بىر ۋەتەندىشىمىزنىڭ پاسپورتىنىمۇ ئاشۇ ئۇسۇل بىلەن «مۇسادىرە» قىلىۋالدى. مەن شۇندىلا ئىشنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى سېزىپ، كەينىمدىن كېلىۋاتقان ھېلىقى تۆت خۇيزۇ ئايالغا خەنزۇچە: «كەلمەڭلار، قايتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدىم. مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۇلارمۇ دەرھال زالنىڭ ئىچىگە قايتىپ كىرىپ كەتتى.

ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ يا بىز ئەرەبچىنى ئۇقمايمىز، يا ھېلىقى ئەرەب ئۇيغۇرچىنى ئۇقمايدۇ. مەن ئۇقىدىغان ئۈچ - تۆت ئېغىز ئىنگلىزچە گەپ بىلەن ئۇنىڭغا مەقسەتنى تېخىمۇ ئۇقتۇرغىلى بولمايدۇ. بېشىمىزنىڭ ئىچىمۇ - تېشىمۇ قېتىپ تۇراتتى، كىمدۇر بىرسى ئالمائاتا «لەززەت ساياھەت كومپانىيىسى»نىڭ جىددىدە تۇرۇشلۇق دىلمۇرات دېگەن قازاق ۋەكىلىنى تېپىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا: «بۇ ئەرەب ھۆكۈمەت خادىمىمۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ھۆكۈمەت خادىمى بولسا، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەت خادىملىقىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامىسىنى چىقارسۇن، بىز چېگرىدىن قانۇنلۇق كىرگەن جۇڭگو پۇقراسى، پاسپورت بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پۈتۈن پائالىيىتىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئادا قىلالىشىمىزدىكى بىردىنبىر گۇۋاھنامىمىز. پاسپورت بولمىسا، بىر قەدەممۇ مىدىرلىيالمايمىز» دېدىم. ئۇ ھېلىقى ئەرەبكە بىر ھازاغىچە ئەرەبچە كالدىرلاپ سۆزلەپ چۈشەندۈردى. ئەرەب ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، دىلمۇرات ئۇنىڭ سۆزىنى بىزگە: «ئۇ ئەگەر ئايروپىلان بېلىتىڭلارنى كۆرسەتسەڭلار، پاسپورتىڭلارنى قايتۇرۇپ بېرىمەن، دەيدۇ» دەپ تەرجىمە قىلىپ بەردى. بىز يەنىلا ساددىلىق قىلىپ، يېنىمىزدىكى ئايروپىلان بېلىتىنى چىقىرىپ ھېلىقى ئەرەبكە كۆرسىتىۋىدۇق، ئۇ ھەممىمىزنىڭ ئايروپىلان بېلەتلىرىنى بىر - بىرلەپ يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىمۇ ھېلىقى سۇلياۋ خالتىسىغا پۇرلاپ سالدى - دە، مېڭىشقا تەمشەلدى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالغىنىمغا غەزەپلىنىپ، بارغان پېتىم ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ كارنىيىنى قاتتىق سىقتىم ۋە دىلمۇراتقا: «سەن بۇ ئەرەبكە ئېيت، پاسپورت بىلەن ئايروپىلان بېلىتىنى دەرھال قايتۇرسۇن. بولمىسا، ئۇنىڭغا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىمەن!» دەپ دوق قىلدىم. بۇ چاغدا، ئەتراپىمىزدا تۇرغان بىر قەشقەرلىك كىشى ماڭا: «ساراڭ بولدىڭىزمۇ، ئۇ ئەرەب جۇمۇ؟» دېگىنىچە، قوللىرىمنى سىلكىپ، ھېلىقى ئەرەبنى ئاجرىتىۋالدى. ئەمما مەن يەنە بىر قولۇم بىلەن ھېلىقى ئەرەبنىڭ قولىدىكى سۇلياۋ خالتىنى چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالدىم - دە، ھېلىقى قەشقەرلىك كىشىگە: «ئەرەب بولسا نېمە بوپتۇ، پاسپورتىڭ بولمىسا، ئايروپىلان بېلىتىڭ بولمىسا ھەرقايسىڭنىڭ قايتىپ باققىنىڭنى بىر كۆرەيچۇ؟» دەپ زەردە قىلدىم.

بۇنداق بولىۋەرسە، بىرەر ۋەقە چىقىپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىمۇ قانداق، «لەززەت» كومپانىيىسىنىڭ جىددىدە تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دىلمۇرات ئاخىر بىزگە راست گەپنى دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

ئەسلىدە، ھېلىقى ئەرەب مەككىدىكى «ئەل - سوندۇس ساياھەت كومپانىيىسى»نىڭ جىددە خەلقئارا ئايروپورتىدا تۇرۇشلۇق ۋەكىلى ئىكەن. «ئەل - سوندۇس» كومپانىيىسى بىلەن «لەززەت» كومپانىيىسى مەخسۇسلا ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق سەئۇدىغا ھەج قىلىشقا بارىدىغان كىشىلەرنى سەئۇدىغا ئەپكىلىش ۋە رامىزان مەزگىلىدىكى ئۆمرە ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەئۇدىدىن ئۆز ۋاقتىدا كەتكۈزۈۋېتىشكە مەسئۇل ئىكەن. بولمىسا، ئۆمرە ھەج مەزگىلىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق ھەج قىلىشقا كەلگەن شىنجاڭلىق كىشىلەر رامىزان ئېيى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا دەرھال مەككە، مەدىنە ئەتراپلىرىدىن ئەرەبلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ تاكى زۇلھەججە ئېيىغا قەدەر يەتمىش كۈن تالاغا چىقماي مۆكۈۋالىدىكەن. شۇڭا، سەئۇدى ھۆكۈمىتى سەئۇدىدىكى ھەرقايسى ساياھەت شىركەتلىرىگە ئۆمرە ھەج

www.uyghurkitap.com

قىلىش ئۈچۈن كەلگەن شىنجاڭلىقلارنى رامىزان ئېيى توشقاندىن كېيىن، دەرھال كەلگەن يېرىگە يولغا سېلىۋېتىش ھەققىدە قاتتىق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

«لەززەت» كومپانىيىسىنىڭ ۋەكىلى دىلمۇرات سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «بىز پاسپورتۇڭلارنى قولۇڭلارغا قايتۇرۇپ بېرەيلى، ئايروپىلان بېلىتىڭلارنى ئۆمرە ھەجدىن كېيىن قايتىدىغان چاغدا ئاندىن قولۇڭلارغا بېرىمىز، بولمىسا ئايروپىلان بېلىتى ئەتكەس قىلىنىدۇ!» دېدى. «ئۇنداق بولسا،- دېدىم مەن،- قولىمىزغا بىر ئاساس قىلىپ بېرىڭلار، بولمىسا، ئۆمرە ھەجدىن كېيىن، بىز سىلەرنى نەدىن تاپىمىز؟» دىلمۇرات ھېلىقى ئەرەبكە بىر نېمىلەرنى دېۋىدى، ئەرەب يېنىدىكى ئىسىم كارتۇشكىسىنى چىقىرىپ ھەممىمىزگە بىردىن تارقىتىپ بەردى ۋە ئايروپىلان بېلىتىنى تۇتۇپ قېلىپ، پاسپورتلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەردى. قارىسام ئىسىم كارتۇشكىسىدا «ئەل - سوندۇس ساياھەت كومپانىيىسى» نىڭ مەككە، مەدىنە ۋە جىددىدىكى باشقارمىلىرىنىڭ تېلېفون نومۇرلىرى بار ئىكەن. شۇڭا، مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلماستىن، كەينىمگە قايتىپ ھېلىقى ئۇرۇمچىلىك تۆت خوېزۇ ئايالنى ئىزدەپ زالغا كىردىم.

چەت ئەلگە چىققاندا، ئەڭ ياخشىسى ئىناۋەتلىك، ئىشەنچلىك ساياھەت كومپانىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىش لازىم ئىكەن. بولمىسا، بىرمۇنچە پۇلنى بىھۇدە خەجلەپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە، ئادەم ئۆزىگە يەنە كۆپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىۋالىدىكەن.

## «سالام، ئەل رەسۇل شەھىرى!»


بىز مەدىنىگە بېرىش ئۈچۈن ۋەلىد ئىسىملىك بىر تاكسىچى ئەرەب بىلەن سۆزلەشتۇق. ئۇ بەشىمىزنى 370 رىيالغا مەدىنىگە ئاپىرىپ قويۇشقا ماقۇل بولدى. بىر رىيال تەخمىنەن ئىككى يۈەن ئىككى مو خەلق پۇلىغا تەڭ كېلىدىكەن.

ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەرب تەرىپى ئىككى رايونغا، يەنى شىمالىي تەرىپى ھىجاز رايونىغا، جەنۇب تەرىپى يەمەن رايونىغا ئايرىلىدىكەن. ئەرەبچە «ھىجاز» سۆزى «ئارىلىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ قىزىل دېڭىز بويىدىكى تىھامە ئويمانلىقى بىلەن شەرق تەرەپتىكى نەجد ئېگىزلىكىنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر تاغ تىزمىسى بولغانلىقتىن شۇنداق دەپ ئاتالغانىكەن.

سەئۇدى ھۆكۈمىتى مەككە شەھىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ناھايىتى زور مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىپ، پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ تۆت ئەتراپىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ياساتقانىكەن. جىددىدىن مەدىنىگە بارىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىنىڭ ئاخىرى، 70- يىللىرىنىڭ باشلىرىدا تەيۋەنلىك قۇرغۇچىلار تەرىپىدىن ياسالغانىكەن. يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ بېرىش - كېلىش يوللىرى توساق بىلەن ئايرىپ تاشلانغاچقا، بىر تەرەپتە بىرلا ۋاقىتتا تۆت ماشىنا قاتار ماڭالايدىكەن. كىچىك تىپتىكى ماشىنىلارنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغاندا، 160 كىلومېتىرغا يېتىدىكەن. بىز ئولتۇرغان تاكسى ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىدىن چىقىپ، جىددە - مەدىنە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى بويلاپ سائىتىگە 140 كىلومېتىرلىق تېزلىكتە مەدىنىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بارا - بارا شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىدى. بىز مەدىنىگە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى بىرىنچى تەكشۈرۈش ئورنىغا يېتىپ كەلدۇق. شوپۇر ۋەلىد ماشىنىسىنى بىر چەتكە تارتىپ توختاتتى - دە، تەكشۈرتۈش ئۈچۈن پاسپورتلىرىمىزنى يىغىۋېلىپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى ۋە ھايالشىماستىنلا قايتىپ كېلىپ، بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، مۇشۇ يەردە زوھۇرلۇق يەۋالغاندىن كېيىن، تاھارەت ئېلىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئاندىن ماڭىدىكەنمىز. بىز توختىغان يەر تاماقخانىسى، مەسچىتى، تاھارەتخانىسى ۋە باشقا مۇئەسسەسەلىرى تولۇق بولغان بىر ماي قاچىلاش ئورنى ئىكەن. زوھۇرلۇقىمىزنى يەپ بولۇشىمىزغا بامدات نامىزىغا ئەزان ئېيتىلدى. بىز تاھارەت ئېلىپ، مەسچىتكە كىرىپ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سەپىرىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇردۇق. بۇ چاغدا، ئەتراپ خېلىلا يورۇپ قالغانىدى. بىز ئولتۇرغان تاكسى خۇددى ئوتتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەندەك قارا تاشلىق بىر چۆل - جەزىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ باراتتى.

كېيىن ئۇقسام، بۇ ۋاقىم قاراتاش قۇملۇقى دېگەن مەشھۇر بىر چۆللۈك ئىكەن. ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا يۈز بەرگەن «ۋاقىم جېڭى» دەل مۇشۇ چۆللۈكتە بولغانىكەن. بۇ قۇملۇق يانار تاغلاردىن پارتلاپ چىققان ماگمىلاردىن شەكىللەنگەن بولۇپ تاكى جىددىنىڭ شەرقىدىن مەدىنىنىڭ شەرقىغىچە سوزۇلۇپ بارىدىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ نۇرغۇن زېمىنى مانا مۇشۇنداق ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان قاراتاشلىق قۇملۇق چۆل - جەزىرە بولغىنى بىلەن يەر ئاستىدا مول نېفىت بايلىقى كۆمۈلۈپ ياتقان «ئۈستى چۆل، ئاستى كۆل» بىر دۆلەت ئىكەن.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، نېفىت بايقىلىشتىن ئىلگىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنتايىن نامرات، خەلق تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن، ئىجتىمائىي تەرەققىياتى قالاق ئىكەندۇق. شۇ چاغلاردا ھەج كىرىمى - دۆلەت مالىيىسىنىڭ ئاساسلىق قىسمىنى تەشكىل قىلىدىكەن. نېفىت بايقالغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا سەئۇدى ھۆكۈمىتى چەتكە نېفىت چىقىرىدىغان دۆلەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، نېفىت ئىشلەپ چىقارغۇچى دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇپ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى باشچىلىقىدىكى خەلقئارا نېفىت



مونوپولىيە گۇرۇھىنىڭ نېفىت باھاسىنى چۇشۇرۇش سۇيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىپتۇ ھەمدە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلات مىقدارىنى يىلدىن - يىلغا ئاشۇرۇش ئارقىلىق نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ دۆلەت مالىيىسىدىكى سالمىقىنى يىلدىن - يىلغا ئاشۇرۇپ مېڭىپتۇ.

پۇل بولغاندىلا ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ. سەئۇدى پادىشاھى فاھد سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى مۇقەددەس ئورۇن - ئىككى ھەرەم تۇرۇشلۇق دۆلەت بولۇشتەك بىردىنبىر ئەۋزەللىكتىن پايدىلىنىپ ۋە مول نېفىت بايلىقىغا تايىنىپ، ھەر يىلىدىكى ھەج پائالىيىتىنى تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش ئىشىغا يىلدىن - يىلغا تېخىمۇ زور ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى ئاجرىتىپتۇ. ئىككى ھەرەم جايلاشقان مەككە، مەدىنە ۋە ئاساسلىق قاتناش تۈگۈنى بولغان جىددە قاتارلىق جايلاردىكى سەيلە - ساياھەت ۋە ھەج مۇئەسسەسەلىرىنى ۋە ئايروپورت، تاشيول، مېھمانساراي قاتارلىق بىۋاستە ھەج پائالىيىتىگە خىزمەت قىلىدىغان قاتنىق دېتال قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىپتۇ. دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار بولغان قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا قاتنىشى تورىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى بۇنىڭ ئەڭ ياخشى دەلىلىدۇر.

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنىڭ ھەر 50 - 60 كىلومېتىر كېلىدىغان بۆلىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەممە ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولغان زامانىۋى ماي قاچىلاش پونكىتى، مەسچىت، ئىسسىق سۇيى ئۈزۈلمەيدىغان غۇسۇل تاھارەت ئالىدىغان مۇستەھەپخانا ۋە ھاجەتخانا بار ئىكەن. شۇڭا، يولدا يولۇچىلار ئازراقمۇ قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدىكەن. يول ئېغىزلىرىنىڭ ھەممىسىدە ستېرېئولۇق ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر بولغاچقا، تاكى مەدىنىگە بارغۇچىلىك بولغان پۈتۈن 460 نەچچە كىلومېتىرلىق مۇساپىدە ھېچقانداق قىزىل - يېشىل چىراغنى ئۇچراتمىدۇق.

سەئۇدى ۋاقتى چۈشتىن ئىلگىرى ئون بىردە، بىز مەدىنە شەھىرىنىڭ غەربىدىكى بىر ئاچالغا كەلدۇق. تاكسى شوپۇرى ۋەلىد ماشىنىسىنى بىر چەتكە تارتىپ توختاتتى - دە، پاسپورتلىرىمىزنى ئېلىپ، مەدىنە شەھىرىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش ئۈچۈن ماشىنىدىن

www.uyghurkitap.com


چۈشتى. بىز ئۇزۇندىن بېرى زارىقىپ كۈتكەن ۋاقىت ئاخىر يېتىپ كەلدى. بىز ئەل رەسۇل شەھىرى - مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يېتىپ كەلگەندۇق.

مەدىنە مۇنەۋۋەر - ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدىن ھىجرەت قىلغاندا كېلىپ ئون يىل تۇرغان شەھەردۇر.

ئىسلامىيەتكە ئائىت كىتابلاردا يېزىلىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىرىق يېشىدا پەيغەمبەرلىك ۋەھىيسى كېلىپ 13 يىلغىچە مەككە مۇكەررەمەدە ئەرەب قوۋملىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ تەرغىبات ئېلىپ بارغانىكەن. لېكىن مەككىدىكى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭغا ئىشەنگەنلىرى ناھايىتى ئاز بولغانىكەن. مەككە مۇشرىكلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا زىيانكەشلىك قىلىشنى توختاتمىغانلىقتىن، ئاخىر ئۇ يەردى ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانىكەن.

مىلادىيە 622 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئابابەكرى سىدىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىللە مەككىدىن ئايرىلىپ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەدىنىگە يېتىپ كەلگەنىكەن. بۇ ۋاقىت ئىسلام ھىجرىيە كالېندارىنىڭ تۇنجى يىلى قىلىپ بېكىتىلىپتۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، شەھەر سىرتىدىكى قۇبا دېگەن يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئىسلام دىنىدىكى تۇنجى مەسچىت - مەسچىت قۇبانى بىنا قىلىپتۇ. ئاندىن شەھەر ئىچىگە قايتىپ كېلىپ، ئەبۇ ئەييۇب خالىد رەزىيەللاھۇ دېگەن بىر ئەنسارىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپتۇ. بۇ مەزگىلدە ئۇ ھەرەم شەرىف (مەسچىتى نەبەۋى) نى بىنا قىلىپتۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، ئىسلامىيەت ھەر تەرەپكە كەڭ تارقىلىشقا باشلىغانىكەن. مەككىلىكلەرمۇ مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە، ئاندىن ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ۋە ئارقىدىنلا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى ئىسلاملاشقانىكەن. دېمەك، مەدىنە دەۋرىدە ئىسلامىيەتنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرى تولۇق شەكىللىنىپ بولغانىكەن.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ، پۈتۈن ئەرەبىستاندىكى مۇسۇلمانلارنى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا چاقىرغان ھەمدە بۇنى ئىسلام دىنىدىكى بەش چوڭ پەرزنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەنىكەن.

ھىجرىيە 10 - يىلى (مىلادىيە 632 - يىلى) زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ 25 - كۈنى (شەنبە)، مەدىنىگە يىغىلغان 100 مىڭ مۇسۇلمان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدا مەككە مۇكەررەمىدىكى كەئبىنى تاۋاپ قىلىشقا، ھەج قىلىشقا ئاتلانغان ۋە ئۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەج قىلغۇچىلار بىلەن بىللە ھەج پەرزلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، مەدىنىگە قايتىپ كەلگەنىكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆمرىدە پەقەت مۇشۇ بىر قېتىم ھەج قىلغاچقا، بۇ قېتىمقى ھەج «ھەج ۋىدا» دەپمۇ ئاتالغانىكەن. شۇ قېتىمقى ھەجدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋەھى ئارقىلىق ئۆزىگە يەتكۈزۈلگەن: «ئەكمەلتۇلەكۇم دىنەكۇم» دېگەن ئايەتنى ئېلان قىلغانىكەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى: «بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى كامىل قىلدىم ۋە نېمەتلىرىمنى تاماملىدىم ۋە ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار قىلىپ بېكىتتىم» دېگەنلىك بولىدىكەن. بۇ ئايەت نازىل بولۇپ، بەش - ئالتە ئاي ئۆتمەيلا ئاللانىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغان ۋە ئۆزى بىنا قىلغان مەسچىتى نەبەۋى ئىچىگە قويۇلغانىكەن. بۇ يەر كېيىنكى چاغلاردا «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان تاۋاپگاھقا ئايلىنىپتۇ.

### ھەرەم شەرىف

بىز جىددىدىكى ئابدۇلئەزىز خەلقئارا ئايروپورتىدىن چىقىۋاتقاندا، ئۇرۇمچىلىك خويزۇ ئايال جاڭ ھەدە ئۆزىنىڭ مەدىنىدىكى سالىھ ھاجى دېگەن تۇغقىنىغا تېلېفون قىلغانىدى. ئۇ: «سىلەر مەدىنىگە يېتىپ كېلىپلا ماڭا تېلېفون قىلىڭلار» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. تاكسى شوپۇرى ۋەلىد شەھەرگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن، پاسپورتلىرىمىزنى قولىمىزغا قايتۇرۇپ بەردى. جاڭ ھەدە كارتلىق تېلېفون بىلەن ھېلىقى سالىھ ھاجىغا يەنە تېلېفون بەردى. ئۇ بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. تاكسى شوپۇرى ۋەلىد سالىھ ھاجى ئېيتىپ بەرگەن ئادرېس بويىچە بىزنى ھەرەم شەرىفكە يېقىن بىر كوچىدىكى مەھدى ئىسىملىك بىر ئەرەبنىڭ مېھمانخانىسىغا ئۇدۇل ئېلىپ باردى. سالىھ

ھاجى بىزنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانىكەن. بىز ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ كۆرۈشتۇق. ئۇ قىرىق ياشتىن ئاشقان، ئوتتۇرا بويلۇق، قاتاڭغۇر ئادەم بولۇپ، مەدىنىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە چوڭ بولغانىكەن. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئەرەبچە رىدا، بېشىدىكى ئىقال بىلەن باستۇرۇلغان ياغلىقتا قاراپ بىز ئۇنى «ئەرەب» دەپ ئويلاپ قاپتىمىز. ئۇنىڭ خەنزۇچە سۆزلىگىنىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ خۇيزۇ ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇق.

ئۇ بىزنى ھېلىقى مەھدى دېگەن ئەرەب ئاچقان مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. دەل مۇشۇ چاغدا ھەرەم شەرىف تەرەپتىن پېشىن نامىزىغا ئېيتىلغان ئەزان چىقتى. بىز يۈك - تاقلىرىمىزنى ياتاقتا تاشلاپ قويۇپلا، دەرھال تاھارەت ئالدۇق - دە، تۇنجى بىر ۋاخ نامازنى رەسۇلۇللا مەسچىتىدە ئوقۇشنى نىيەت قىلىپ، ھەرەم شەرىفكە قاراپ ماڭدۇق.

بۈگۈن مەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 35 گرادۇسقا يەتكەن بولۇپ، كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قاتار - قاتار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خورما دەرەخلىرىنىڭ يوغان، ئېگىز، تىك ئۆسكەن قاسراقلىق غولىنىڭ ئۇچىدىكى ياپېشىل ياپراقلىرى جۇلالىنىپ، ئۆزگىچە ئەرەبىستان مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ چاغدا پۈتۈن قاتناش توختاپ كەتكەنىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن «مەسچىتى نەبەۋى» دەپ ئۇلۇغلىنىدىغان بۇ ھەرەم شەرىفنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەن نەچچە يۈز مىڭ كىشى ئەرەبىستاننىڭ پىژغىرىم ئاپتىپىدا ئۇچىسىغا ئاق رەڭلىك لىباس كىيىشىپ، ھەرەم شەرىف تەرەپكە قاراپ سۇدەك ئېقىپ كېتىۋاتقانىدى. بىز كوچىنىڭ يەنە بىر بېشىغا بارغاندا، ھەرەم شەرىفنىڭ يېشىل قۇببىسىنى كۆردۇق. مەن سالىھ ھاجى بىلەن بىللە كىشىلەرر توپىغا ئەگىشىپ، ھەرەم شەرىفنىڭ ئاستىغا مەر مەر تاش يېيىتىلغان كەڭ سەيناسى ئىچىگە كىردىم. ئۇدۇلىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارلارنىڭ ئارىسىدىكى ناھايىتى چوڭ ياسالغان، يېشىل قۇببىلىق ھەيۋەتلىك مەسچىتى نەبەۋى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئايان بولدى. ھەيران بولغىنىمدىن ئورنۇمدا تۇرۇپ قالغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن. بىرسى ئاستا يېڭىمنى تارتقاندەك قىلدى، قارىسام، سالىھ ھاجى ئىكەن. ئۇ: «تېز بولۇڭ، بولمىسا ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدە ئورۇن قالمايدۇ» دەپ مېنى مېڭىشقا ئۈندەۋاتقانىكەن. بۇ مەسچىت مىلادىيە 662 - يىلى (ھىجرىيە تۇنجى يىلى) 9 - ئايدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن بىنا قىلغان مەسچىت ئىكەن. دەسلەپتە ناھايىتى ئاددىي ياسالغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە بىرنەچچە قېتىم قايتا كېڭەيتىلىپتۇ. ھازىرقى ھەرەم شەرىف مىلادىيە 1989 - يىلى سەئۇدى پادشاھى فاھىدنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، نەچچە ئون مىڭ ماھىر ئارخىتېكتور ۋە بىناكارلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىشى ۋە قول سېلىپ ئىشلىشى ئارقىسىدا پۈتۈپ چىققانىكەن. ھەرەمنىڭ ئىچىگە جايناماز ئۈچۈن مەخسۇس ھەرەم شەرىفكە ئاتاپ توقۇلغان پارس نۇسخىسىدىكى زىلچا - گىلەملەر سېلىقلىق ئىكەن. ھەرەم شەرىفنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى مۇتلەق كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھەرەم شەرىفنى سىيرىپ سۈپۈرۈشكە مەسئۇل جارۇبكەشلەر كۈچلۈك ماتورلۇق چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچلەر بىلەن ھەرەمنىڭ ئىچىنى كۈندە بىر قېتىم ئەستايىدىللىق بىلەن تولۇق تازىلاپ، ھاۋاسىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. شۇڭا، ھەرەم شەرىفنىڭ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ھاۋاسى ساپ ۋە يېڭى ھالەتتە تۇرىدىكەن، ئازراقمۇ غەيرىي پۇراقنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدىكەن. سامساق ياكى پىياز يەپ ھەرەمگە كىرىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدىكەن.

ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدە ئېگىزلىكى 12.5 مېتىر كېلىدىغان سان - ساناقسىز مەر مەر تۈۋرۈكلەر ھەرەم شەرىفنىڭ ئۆگزىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. ئۆگزىنىڭ ئۈستىدە سەينا بولۇپ، ئۈستىگە لىفت بىلەن چىقىپ چۈشكىلى بولىدىكەن. پۈتۈن ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچى ۋە تۆت ئەتراپىدىكى سەينا مەيدان قوشۇلۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 480 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئېشىپ كېتىدىكەن. ئادەتتىكى چاغلاردا ھەرەمنىڭ ئىچىدە 600 مىڭ كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئۆتىيەلەيدىكەن، ھەج مەزگىلىدە بولسا، ھەرەمنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بىر مىليون كىشى بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئۆتىيەلەيدىكەن.

ھەرەم شەرىفنىڭ ئەتراپىدىكى مەيداننىڭ قىرىق سەككىز يېرىدە يەر ئاستىغا تۆت قەۋەت قىلىپ ياسالغان تاھارەتخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، يىگىرمە تۆت سائەت ئىسسىق سۇ بىلەن

تەمىنلىنىدىكەن. ھاجەتخانا ۋە غۇسۇل تاھارەت ئېلىش ئورنىنىڭ ئۇسكۇنىلىرى زامانىۋى ۋە ناھايىتى قۇلايلىق، تولۇق بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا قىرىق مىڭ ئادەم تەڭلا ھاجەت قىلىپ، تاھارەت ئالالايدىكەن. تۆت قەۋەتنىڭ ھەممىسىدە لىفت توختىماي ئايلىنىپ تۇرغاچقا، چۈشۈپ - چىقماقمۇ ئوڭاي ئىكەن.

قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭ، ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچى ۋە تېشى نىئون - كىسنون چىراغلىرىنىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان كۈچلۈك نۇرىدا خۇددى كۈندۈزدەك ئاپئاق يورۇپ كېتىدىكەن. ھەرەم شەرىفنىڭ تۆت ئەتراپىدا بولۇۋاتقا تاقىشىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئون چوڭ مۇنار چوڭ پروژېكتورلارنىڭ يورۇقىدا ناھايىتى گۈزەل ۋە تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن. بۇ مۇنارنىڭ ئېگىزلىكى 104 مېتىردىن كېلىدىغان ئالتە مۇنار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ھەرەم شەرىفنىڭ تۆت بۇرجىكىدا ۋە ھەرەم شەرىفنىڭ شىمالىي ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەد كۆتۈرۈپ، ھەرەم شەرىفنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىكەن.

سىرتنىڭ تېمپېراتۇرىسى 35 گرادۇسقا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەرەمنىڭ ئىچىدە كىشىگە ئارامبەخش قىلىدىغان سالقىنلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن. ھەربىر مەرمەر تۈۋرۈكنىڭ ئاستىغا مەخسۇس سوغۇق ھاۋا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ھاۋا يوللىرى ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. ھەرەمنىڭ ئىچى ۋە تېشى ھەرخىل گېئومېتىرىك شەكىل چىقىرىپ يېپىشتۇرۇلغان قىلىن مەرمەر تاشلار بىلەن بېزەلگەنىكەن. ھەرەمنىڭ ئاستىغا ۋە ھەرەم شەرىفنىڭ ئەتراپىدىكى مەيدانغا ئاق رەڭلىك مەرمەر تاش يېپىشتۇرۇلغان بولغاچقا، قاتتىق ئىسسىقتىمۇ ياللىڭئاياغ دەسسىسىمۇ ئادەم سالقىنلىق ھېس قىلىدىكەن. پۈتۈن ھەرەم شەرىف سىرتتىن قارىغان ئادەمگە خۇددى خرۇستال شىشىدىن ياسالغان ھەيۋەتلىك قەسىردەك كۆرۈنىدىكەن. . .

مەن سالىھ ھاجى بىلەن ھەرەم شەرىفنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئىشىكىدىن ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، ھەرەمنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن لىق تولغانىكەن. بىز پېشىن نامىزىغا ئولتۇرغان ئادەملەرنى ئارىلاپ ئاران ئارقا تەرەپكە ئۆتتۇق ۋە بىر بوش ئورۇننى تېپىپ، نامازغا ئولتۇردۇق.

بىز پېشىن نامىزىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، سەرراپتا پۇل تېگىشىش ئۈچۈن ئازراق ھايال بولۇپ قالدۇق. سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسى بويىچە ھەر 100 ئامېرىكا دوللىرى 373 رىيالغا باراۋەر بولىدىكەن. مەن 200 ئامېرىكا دوللىرىنى 746 رىيالغا ئالماشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سالىھ ھاجى مېنى بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا ئەكېلىپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. . .

## «رەۋدەتۇ مۇبارىكە»نى زىيارەت قىلىش

مېنىڭ مەدىنىدە ساياھەتتە بولۇۋاتقان كۈنلىرىم دەل دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىككى ھەرەمدە رامىزان ۋە ئۆمرە ھەج پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان مەزگىلىگە توغرا كەلدى. مۇشۇ كۈنلەردە دۇنيادىكى يەتتە قىتئەدىكى ھەرقايسى دۆلەت ۋە رايونلاردىن كەلگەن ئەر - ئايال مۇسۇلمان ئاران 200 مىڭ نوپۇسى بار مەدىنە شەھىرىدە بىرلا ۋاقىتتا ھەج - تاۋاپ پائالىيىتىدە بولدى.

مەن گەرچە ھەرەم شەرىفتىكى پائالىيەتكە كۈندە قاتناشقان بولسامۇ، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياتقان يېرى - «رەۋدەتۇ مۇبارىكە»نى زىيارەت قىلىش شەرىپىگە زادىلا ئېرىشەلمىدىم. گەرچە بىر نۆۋەت ھەرەم شەرىفنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئابدۇلئەزىز ئىشىكىدىن قىستىلىپ يۈرۈپ ئاران ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرگەن بولسامۇ، ئەمما ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئېزىپ قېلىپ، ھەرەمنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان شىرما - توساق (خوتۇن - قىزلار بۆلمىسى)نى بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى - «رىيازۇل جەننەت»كە يېقىنلىشىش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولدۇم. ئەمما ئۇ «رەۋدەتۇ مۇبارىكە»نىڭ ئارقا تەرىپى ئىدى. «رەۋدەتۇ مۇبارىكە»نى ئالدى تەرەپتىن زىيارەت قىلىش ئارزۇسىغا يېتەلمىدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەرلىكى - «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» ھەرەم شەرىفنىڭ شەرقىي جەنۇبى بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن پەقەت غەرب تەرەپتىكى ئىشىك بىلەن كىرىش مۇمكىن ئىكەن. كىشىلەر ھەرەم شەرىفنىڭ غەربىي ئىشىكىدىن كىرىپ، «رەۋدەتۇ مۇبارىكە»نى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن

كېيىن، كەينىگە قايتماي ئۇدۇل شەرقىي ئىشىكتىن چىقىپ كېتىدىكەن. ماڭماي تۇرۇۋېلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدىكەن.

بىر كۈنى، مەن ھەرەم شەرىفتە نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان ئەھمەد ئىسىملىك بىر ساقچى بىلەن تاسادىپىي شارائىتتا تونۇشۇپ قالدىم. شۇ كۈنى ماڭا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتتىمۇ، بىلمىدىم، بېشىم قېيىپ تۇراتتى. «قەدقامەتسالات» تا ئايلىنىپ قېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. بىر ۋاقىتتا قارىسام، مەيداننىڭ يېنىدا توختىتىلىپ قويۇلغان بىر قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە يېتىپتىمەن. ھېلىقى ئەھمەد دېگەن ساقچى بېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ. دوختۇر قان بېسىمىمنى ئۆلچەۋېتىپتۇ، بۇ چاغدا مەن خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندىم. شۇڭا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم، بۇ چاغدا، ئۇلار مېنىڭدىن: «سىز قايسى دۆلەتنىڭ پۇقراسى؟» دېگەندەك قىلىپ، ئەرەبچە سوئال سورىدى. مەن دەرھال پاسپورتۇمنى چىقىرىپ ھېلىقى ئەھمەد دېگەن ساقچىغا سۇندۇم، ئۇ پاسپورتۇمدىكى «China» (جۇڭگو) دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ دەرھال ماڭا قاراپ دوستانىلىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى ماڭا سۇندى. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئەرەبچە: «ئۇتلۇبۇلئىلمە ۋەلەۋ بىسسىين»[1] دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىدىكى «ئىلىم» ۋە «سىين» دېگەن ئەرەبچە تاق سۆزلەردىن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئېيتقان مەشھۇر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرۈۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدىم - دە، قەشقەردە خىزمەت قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆگىنىۋالغان ئىككى - ئۈچ ئېغىز ئوردۇ تىلى بىلەن «ئەرەب - چىن رەپىق!» دەپ جاۋاب بېرىۋېدىم، ساقچى ئەھمەدمۇ، ئەرەب دوختۇرمۇ، مەنمۇ ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بۇ مېنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى زېمىنىغا قەدەم باسقاندىن كېيىن مۇشۇ ھەدىسنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىشىم ئىدى.

ئەھمەد مېنىڭ خېلى ياخشى بولۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ، مېنى بىز چۈشكەن مېھمانخانىغا ئەكېلىپ قويدى. مەن بۇ مېھمانخانىنىڭ ئاستىدىكى بىر دۇكاننىڭ مۇھەممەد ئىسىملىك بىر ئاۋغان خوجايىنى بىلەن تونۇشۇپ قالغاندىم. ئۇ ئىلگىرى قەشقەرگە سودا ئىشى بىلەن كۆپ بارغانىكەن. شۇڭا، ئۇيغۇرچىنى ئوبدان سۆزلىيەلەيدىكەن. مەن ئۇنى تەرجىمانلىققا سېلىپ، ئەھمەدكە ئۆزۈمنىڭ «رەۋدەتۇ مۇباركە»نى زىيارەت قىلىش ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلدىم، ئۇ سائىتىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، مۇھەممەدكە ئەرەبچە بىر مۇنچە سۆز قىلدى.

مەن مۇھەممەدتىن: «ئۇ نېمە دەيدۇ؟» دەپ سورىۋېدىم، مۇھەممەد: «ئۇ سېنى ئەتە دەل چۈش سائەت ئون ئىككىدە ھەرەم شەرىفنىڭ ئابدۇلئەزىز ئىشىكىدە ساقلاپ تۇرسۇن، ‹رەۋدەتۇ مۇباركە› نى ئۆزۈم بىللە زىيارەت قىلدۇرىمەن، دەيدۇ» دېدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولغىنىمدىن ئەھمەدكە: «رەھمەت، رەھمەت!» دەپ ئىختىيارسىز ھالدا ئارقا - ئارقىدىن تەشەككۈر ئېيتتىم.

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا پادىشاھ بىۋاسىتە قانۇن تۈزگۈزۈش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران ھېسابلىنىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھازىرقى پادىشاھى فاھىد بىن ئابدۇلئەزىز بولۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى مىنىستىرلار كېڭىشى، زوراغالىق مەھكىمىسى پادىشاھنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىغا ياردەملىشىدىكەن، ئابدۇللا بىن ئابدۇلئەزىز نايىپ شاھ قوشۇمچە باش ۋەزىرلىكنى ئۆتەيدىكەن. دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ئىسمى سۇلتان بىن ئابدۇلئەزىز ئىكەن.

ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ھازىرقى سەئۇدى خان جەمەتى 16 - ئەسىردىكى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ نەجىد قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مۇسۇلمان ھۆكۈمدارى شەيخ ئەلسەئۇدنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. شەيخ مۇھەممەد بىن سەئۇدى (مىلادىيە 1726 - 1765 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نەجىد زېمىنىغا ھۆكۈمران بولغان تۇنجى ئەۋلاد سەئۇدى پادىشاھى ئىكەن. مىلادىيە 1740 - يىلى، ئۇ ئىسلامىيەتتىكى ۋاھابىيە مەزھىپىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد بىننى ئابدۇلۋاھاب (1703 - 1765) بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ئىسلامىيەتنى گۈللەندۈرۈش تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققانىكەن.

شەيخ مۇھەممەد بىن سەئۇدنىڭ ۋارىسى

---

[1] بۇ ھەدىس ـ «كەشپۇل زۇنۇن» دېگەن كىتابتا رىۋايەت قىلىنغان.

ئابدۇلئەزىز I (1765 - 1830 - يىللىرى تەختتە بولغان) سەئۇدى جەمەتىنىڭ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىكى سىياسىي ئورنىنى ھەقىقىي رەۋىشتە تىكلەش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغاپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، رىياد، ھىجاز، سەدىر، ھەسسا قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغانىكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سەئۇدى جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى ۋاھابىيلارنىڭ شەيخلىقىنىمۇ قوشۇمچە ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولۇپتۇ ۋە تا شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈم ھەقىقىي رەۋىشتە تىكلەنگەنىكەن.

مىلادىيە 1932 - يىلى، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پادىشاھى ئابدۇلئەزىز II سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنى رەسمىي قۇرغاندىن كېيىن، سەئۇدى خان جەمەتى ئەرەبىستانى يېرىم ئارىلىنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپتۇ. ھېلىغىچە بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم يولغا قويۇلۇۋاتقان سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى سەئۇدى خان جەمەتىنىڭ شاھزادىلىرى بىلەن مەلىكىلىرىنىڭ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم.

تۇنجى سەئۇدى پادىشاھى ئابدۇلئەزىز سەئۇدى پۈتۈن ئۆمرى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكەن سەئۇدى پادىشاھىدۇر. ئۇ سەئۇدى تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە شەپقەت بىلەن ھەيۋەتنى تەڭ قوللانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن، مەملىكەت ئىچىدىكى توپىلاڭچى قەبىلىلەرنى قەتئىي باستۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، «قۇدىلىشىش» سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، ھەرقايسى ئۇرۇق - قەبىلىلەر بىلەن قۇدا - باجا بولۇشقانىكەن. شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ خاندانى تېز روناق تېپىپ كۆپەيگەنىكەن. ئەلھال، بۈگۈنكى سەئۇدى خان جەمەتىنىڭ ئەزالىرى نەچچە تۈمەنگە يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى شاھزادىلەر بىلەن مەلىكىلەرنىڭ سانىلا سەككىز مىڭدىن ئېشىپ كېتىدىكەن. رەسمىي «شاھزادە» لىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلىرىنىڭ سانىمۇ بەش مىڭدىن ئېشىپ كېتىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى تىپىك ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن مۇنارخىيىلىك تۈزۈمدىكى دۆلەت بولغاچقا، سەئۇدى جەمئىيىتىدە تەبىقە - دەرىجە تۈزۈمى ئىنتايىن قاتتىق ئىكەن. سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە چوڭ سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خان جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، كۆپچىلىكى «شاھزادە» لىك ئۇنۋانىدىن بەھرىمەن بولغان كىشىلەر ئىكەن. مەسىلەن، ھازىرقى سەئۇدى پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىرى، دىپلوماتىيە ۋەزىرى، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى، ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتلىرى ۋەزىرى، سودا ۋەزىرى قاتارلىق ۋازارەت - ساپارەت دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «شاھزادە» لىك ئۇنۋانى بار ئىكەن. شۇڭا، باشقىلارنىڭ سەئۇدى ھۆكۈمىتىنى «خان جەمەتى ھۆكۈمىتى» دېيىشى بىكار گەپ ئەمەس ئىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ ئىلگىرىدىن تارتىپ «نېفىت پادىشاھلىقى» دېگەن مەشھۇر نامى بار ئىكەن. 1998 - يىلى يىل ئاخىرىدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئېنىقلانغان نېفىت زاپىسى 2 تىرىليون 615 مىليارد 500 مىليون تۇڭغا يېتىدىكەن. دېمەك، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ نېفىت زاپىسى دۇنيا ئومۇمىي نېفىت زاپىسىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن. شۇڭا، سەئۇدى خان جەمەتى ھەققىدىكى ھەرخىل سۆز - چۆچەكلەرنىڭ ھەممىسى دېگەندەك پۇل ۋە بايلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

مەن ھىجازدىكى مەدىنە ۋە مەككە قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولغان چاغلىرىمدا باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن سەئۇدى خان جەمەتىنىڭ بەزى قىزىقارلىق ئىشلىرى ھەققىدە قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلىدىم.

1999 - يىلى يازدا، سەئۇدى پادىشاھى فاھد ئىسپانىيىگە دەم ئېلىشقا بارغانىكەن. پادىشاھ ئولتۇرغان مەخسۇس ئايروپىلان مادرىد خەلقئارا ئايروپورتىغا قونغاندا، پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچى - پاسىبانلىرى، مۇلازىم - چاكارلىرى، پادىشاھنىڭ دوست - يار، بۇرادەرلىرى، خاندان ئەزالىرى ئولتۇرغان ئايروپىلان ۋە ئېغىرلىقى 2 مىڭ كىلوگرام

كېلىدىغان تېببىي ئۈسكۈنىلەر، يېمەك - ئىچمەك قاچىلانغان ئايروپىلان، پادىشاھ فاھىدنىڭ 100 گە يېقىن مەخسۇس پىكاپى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر قاچىلانغان ئايروپىلان بولۇپ، يەنە بەش ئايروپىلانمۇ بىللە قونغانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ كۈنى پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ بارغانلار بىلەن ھەر دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرۇشقا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن، پادىشاھنىڭ ئەمرى بويىچە 200 نەچچە دانە يانفونمۇ سېتىۋېلىنىپتۇ...

بىر قېتىم سەئۇدى خان جەمەتىدىن بىرەيلەن گېرمانىيىنىڭ بىر لىفت شىركىتى بىلەن سودا توختامى تۈزمەكچى بولۇپتۇ. گېرمانىيە تەرەپ قارشى تەرەپتىن خەلقئارا ئىناۋەتلىك دەرىجىسىنى ئىسپاتلايدىغان كىنىشكىنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىكەن، ھېلىقى ئەرەب زەردارى خاپا بولغىنىدىن قاشلىرىنى ھىمىرىپ، مۇلازىمغا ئىشارەت قىلىپ قويۇپتىكەن، ئۇنىڭ بەستلىك ئىككى چاكىرى لىق تىللا قاچىلانغان بىر قاپنى يۇدۇپ كىرىپ، «ئالىدىغان نەرسەڭ مۇشۇمۇ» دەپ، ئۇنىڭ بېشىغا تۆكۈپتۇ.

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق.

ئەتىسى، مەن بامدات نامىزىنى ئۆتەپ مېھمانخانىغا قايتتىم ۋە دەم ئېلىپ چۈشكە يېقىن غۇسۇل تاھارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەل سائەت 12 دە ھەرەم شەرىفنىڭ ئابدۇلئەزىز ئىشىكىگە كەلسەم، ساقچى ئەھمەد شۇ يەردە ھازىر بولۇپ تۇرۇپتىكەن، ئۇ قولۇمدىن يېتىلىگىنىچە ئۇدۇل ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدىكى «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نىڭ ئالدى ئوڭ بۇرجىكىگە باشلاپ كېلىپ، ئۆزى نۆۋەتچىلىكتە تۇرىدىغان ئورۇننىڭ قېشىدىكى جامائەتنىڭ قاتارىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

پېشىن نامىزى ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، مەن ئىسلامىيەت دۇنياسىدا «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ مۇقەددەس تاۋاپگاھنى ئۇدۇلىدىن يەنە بىر قېتىم تولۇق كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. «رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نىڭ ئەتراپى سېرىق مىستىن ياسالغان ۋادەكلەر ئارقىلىق ئېھاتىلەنگەنىكەن. ئالدى تەرىپى بىلەن يان تەرەپلىرىگە ئايەتلەردىن تېپىك ئەرەب – ئىسلام نۇسخىسىدا گۈل چىقىرىپ ئاجايىپ گۈزەل نەقىش قىلىپ ئىشلەنگەن، پۈتۈن قويما پەنجىرە ئورنىتىلغان بولۇپ، مىس پەنجىرىنىڭ ئىچىدىكى ئۆي دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، ئۆز قولى بىلەن سالغان «مەسچىتى نەبەۋى» دىكى «رىيازۇل جەننەت» دەپ ئاتالغان جاي ئىكەن.

«رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئالدىدىكى مىستىن ياسالغان پەنجىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋاپچىلارنىڭ «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئىچىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تاۋاپ قىلىشى ئۈچۈن قالدۇرۇلغان قاتار ئۈچ يۇمىلاق تۆشۈك بار ئىكەن. بۇ تۆشۈكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرىپىدىكى تۆشۈكتىن سەل چوڭراق ئىكەن.

مەن «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالدى بىلەن ئوتتۇرىدىكى چوڭ تۆشۈكتىن ئەدەپ بىلەن «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئىچىگە قارىدىم. ئىچىدە قاتار ئۈچ قەبرە تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تۇپرىقى بولۇپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىكى ئىككى قەبرىدىن سەل چوڭراق ئىكەن. ئوڭ تەرەپتىكىسى چاھارىيارلارنىڭ بىرىنچىسى سەييىدىنا ئەبۇ بەكرى رەزىئاللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسى، سول تەرەپتىكىسى چاھارىيالارنىڭ ئىككىنچىسى سەييىدىنا ئۆمەر بىن ئەلخەتتاپنىڭ قەبرىسى ئىكەن.

سان - ساناقسىز مۇسۇلمان زىيارەتچىلىرىنىڭ ئەسىرلەردىن بېرى سىلاپ بوسە قىلىشى ئارقىسىدا سىلىقلىنىپ، خۇددى ئەينەكتەك بولۇپ كەتكەن سېرىق مىس پەنجىرە ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدىكى خرۇستال چىراغلارنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

«رەۋدەتۇ مۇبارىكە» نى زىيارەت قىلىش تەرتىپى ئادەتتە مۇنداق بولىدىكەن:

ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، زىيارەتچىلەر «رىيازۇل جەننەت» نىڭ ئالدىغا كېلىپ، رەسۇلۇللانىڭ قەبرىسىگە قاراپ قىيامدا تۇرىدىكەن ۋە ئىككى قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، ھەمدۇسانالار بىلەن سالام بېرىدىكەن. خالىغان ئايەت - دۇئالارنى ئوقۇيدىكەن. ئەبۇ بەكرى سىدىق بىلەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاپلارنىڭ قەبرىلىرىمۇ رەسۇلۇللانىڭ قەبرىسىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدە بولغانلىقتىن، زىيارەت ئەھلى بىردەك زىيارەت قىلىشىدىكەن. تاۋاپتىن كېيىن، كەيىگە يۈزلىنىپ دۇئا قىلىدىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



زىيارەت مۇراسىمى شۇنىڭ بىلەن ئادا بولىدىكەن. زىيارەتچىلەر مىس توساقتىن بىر قەدەم نېرى تۇرىدىكەن. توساققا يېقىن بېرىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ئىلگىرى زىيارەتچىلەر «رىيازۇل جەننەت»نى زىيارەت قىلغاندا، مىس پەنجىرىنى سۆيۈۋېرىپ بارا - بارا ئاڭسىز رەۋىشتىكى خۇراپىيلىق شەكىللىنىپ قالغانلىقتىن، ئاخىر ئۇنى سۆيۈش قەتئىي چەكلىنىپتۇ.

«رەۋدەتۇ مۇبارەكە»نى زىيارەت قىلىش مەقسىتىمگە يەتكەندىن كېيىن، مەن غەرب تەرەپتىكى ئىشىكتىن ھەرەم شەرىفنىڭ تېشىغا چىقتىم ۋە مەيداندا تۇرۇپ، «رەۋدەتۇ مۇبارەكە»نى سىرتىدىن يەنە بىر نۆۋەت زىيارەت قىلدىم.

«رەۋدەتۇ مۇبارەكە»نىڭ يېشىل قۇببەسى بولۇپ، قۇببىنىڭ ئاستى تۆت بۇرجەك، سەككىز تەرەپلىك قىلىپ ياسالغانىكەن. «رەۋدەتۇ مۇبارەكە»نىڭ ئېگىزلىكى 16 مېتىر، ئىنى 15 مېتىر بولۇپ، تۆت بۇرجىكىگە ئۈستىدىكى يېشىل قۇببىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۆت دانە ئاق مەرمەر تۈۋرۈك قويۇلغانىكەن. «رەۋدەتۇ مۇبارەكە»نىڭ ئۈستىدىكى يېشىل قۇببە ئەڭ دەسلەپتە مىلادىيە 1601 - يىلى سۇلتان سەلىم II تەرىپىدىن ياسالغان بولۇپ، تۈرلۈك جاۋاھىراتلار بىلەن نەقىش قىلىنىپ، ئۈستىدىن ئالتۇن ھەل بېرىلگەنىكەن. مىلادىيە 1818 - يىلى، سۇلتان مەھمۇد تەرىپىدىن ئاق قۇببىلىق قىلىپ قايتىدىن ياسالغانىكەن. مىلادىيە 1840 - يىلى يېشىل سىرلىنىپ قايتا رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن، تا ھازىرغا قەدەر ئۆزگەرتىلمەپتۇ.

ئىسلام دىنىدا يېشىللىق - ھاياتنىڭ، تىنچلىق - ئاسايىشلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، «رەۋدەتۇ مۇبارەكە»نىڭ يېشىل قۇببىسى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد رەسۇلىللا ئەلەيھىسسالامغا بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## مەدىنىدىكى مۇبارەك قەدەم جايلار

ئالدىن كېلىشىپ قويغىنىمىز بويىچە، بۈگۈن سالىھ ھاجى بىزنى ماشىنىسى بىلەن مەدىنىدىكى بەزى تارىخىي ئىزلارنى زىيارەت قىلدۇرۇپ كەلمەكچى بولدى.

ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، سالىھ ھاجى ئۆزىنىڭ «فورد» ماركىلىق كىچىك ماشىنىسى بىلەن بىزنى ھەممىدىن ئاۋۋال مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرىپىگە جايلاشقان ئۇھۇد تېغىغا ئېلىپ كەلدى. بىز ئۇھۇد جىلغىسىدىكى چوڭ بىر مەيدانغا كېلىپ ماشىنىدىن چۈشتۇق ۋە ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇھۇد قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدۇق.

ئۇھۇد قەبرىستانلىقى – بۇ يەرگە مىلادىيە 625 - يىلى 3 - ئايدا ئۇھۇد تېغىدا يۈز بەرگەن بىر قىتىملىق ئۇرۇشتا قۇربان بولغان يەتمىش مۇسۇلمان جەڭچىسى دەپنە قىلىنغانىكەن.

مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، مەككە مۇشرىكلىرى بەدرە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ سۇفيان 3 مىڭ مۇشرىكقا باشچىلىق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشچىلىقىدىكى مەدىنە مۇسۇلمانلىرىدىن ئۆچ ئېلىش مەقسىتىدە، ھىجرىيە 3 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 10 - كۈنى (مىلادىيە 625 - يىلى 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى) مەدىنىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىكەن. بۇنىڭدىن ئالدىنئالا خەۋەر تاپقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈشمەننىڭ سۈيىقەستىنى بىت - چىت قىلىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلار بىلەن بىللە 1000 مۇسۇلمان جەڭچىسىنى باشلاپ، ئۇھۇد تېغىدا بۆكتۈرمىدە ياتىدىكەن. بىراق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، بۆكتۈرمىدە ياتقان مۇسۇلمان ئوقچىلىرى قوماندانلىقى بويسۇنماي، ئىستىھكامدىن ئۆز ئىختىيارىچە ئايرىلغانلىقتىن، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، زور تالاپەت بېرىدىكەن.

ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار سېپىدىن يەتمىش جەڭچى قۇربان بولۇپ كېتىدىكەن. قۇربان بولغانلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمزە دېگەن تاغىسىمۇ بار ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئۇرۇشتا يارىلىنىپ، ئىككى تال چىشىدىن ئايرىلىپ قالىدىكەن.

ئىسلامىيەت تارىخىدا ئۇھۇد ئۇرۇشى مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولۇپ، زور تالاپەتكە ئۇچرىغان بىر قىتىملىق ئۇرۇش بولۇپ،

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەمەلىي قانلىق پاكىستلار بىلەن مۇسۇلمانلارغا: «ئىتتىپاق بولۇش، جاسارەتلىك بولۇش، قوماندانلىقتا قەتئىي بويسۇنۇش» قاتارلىق تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ بېرىدىكەن ۋە بۇ يەتمىش شېھىتنى ئوھۇد جىلغىسىغا دەپنە قىلىشنى بۇيرۇيدىكەن.

مەسچىت قىبلەتەينى - «مەسچىت قىبلەتەينى» ئىسلامىيەت تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەشھۇر جايلارنىڭ بىرى. چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ سەجدىگاھىنىڭ پەلەستىندىكى ئېرۇسالىمدىن مەككىدىكى بەيتۇن ھەرەمگە ئۆزگەرتىلىشىدەك زور تارىخىي ۋەقەنىڭ شاھىدىدۇر. مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا بەيتۇللاغا قاراپ ناماز ئوقۇيدىكەن، مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، مۇھاجىر، ئەنسارلارنى باشلاپ سەجدە قىلىدىغان قىبلىنى شىمالغا جايلاشقان ئېرۇسالىمدىكى قۇددۇس شەرىفكە ئۆزگەرتىپتۇ. ئېرۇسالىم - ئىسلامىيەت رىۋايەتلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇراققا مىنىپ مىئراجغا چىققان يەر ئىكەن. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە ئېرۇسالىمدىكى قۇددۇس شەرىف مەدىنىدىكى ھەرەم شەرىف بىلەن مەككىدىكى بەيتۇل ھەرەمدەكلا مۇقەددەس دەپ قارىلاتتىكەن.

ھىجرىيە 2 - يىلى شەئبان ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى (مىلادىيە 624 - يىلى 11 - ئاي)، پەمغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇ مەسچىتتە جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، تۆت رەكئەت نامازنىڭ ئۈچىنچى رەكئىتىدە «ئاللا ئۇنىڭغا قىبلىنىڭ كەئبە تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرتىلگەنلى-كىنى ۋەھيي قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا تۇرۇپلا قىبلىنى ئۆزگەرتىپ كەئبە تەرەپكە يۈزلەندى، ئارقىسىدىكى ناماز ئوقۇۋاتقانلارمۇ ئەگىشىپ كەئبە تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى...»① شۇڭا، تارىختا بۇ مەسچىتتە ئېرۇسالىم جايلاشقان شىمال بىلەن كەئبە جايلاشقان جەنۇب تەرەپتە بىردىن ئىككى مېھراپ بولغانلىقتىن «مەسچىت قىبلەتەينى» (ئىككى قىبلىلىق مەسچىت) دەپ ئاتالغانىكەن.

مەسچىتى قۇبا - «مەسچىتى قۇبا» مەدىنە بويىچە تۇنجى مەسچىت بولۇپلا قالماستىن، ئىسلامىيەتتىمۇ تۇنجى قېتىم بەرپا قىلىنغان مەسچىت ھېسابلىنىدىكەن. ئۇ مەدىنە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان قۇبا دېگەن قەدىمكى بىر بازارغا جايلاشقانلىقتىن، «مەسچىتى قۇبا» دەپ ئاتالغانىكەن. بۇ بازارنىڭ ئورنىدا قەدىمدە «قۇبا» دېگەن بىر قۇدۇق بولغانلىقتىن، بۇ بازارمۇ ئاشۇ قۇدۇقنىڭ نامى بىلەن «قۇبا» دەپ ئاتالغانىكەن.

«مەسچىتى قۇبا» قېلىن خورمىزارلىق ئارىسىغا جايلاشقان ھاۋالىق، كاتتا ۋە ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت ئىكەن. بۇ مەسچىتتە ئون مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ناماز ئوقۇيالايدىكەن. مەسچىتنىڭ ئىچى ئېگىز، يورۇق، ئازادە بولۇپ، ئاستىغا بىر كىشىلىك جايناماز شەكلىدە توقۇلغان گۈزەل پارس گىلەملىرى سېلىنغانىكەن.

تارىخىي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، ھىجرىيە تۇنجى يىلى رەبىيەل ئاۋۋالنىڭ 8 - كۈنى (مىلادىيە 622 - يىلى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە، قۇبادىكى بەنى ئەمرى ئىبنى ئەۋف جەمەتىنىڭكىگە چۈشكەنىكەن. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، بۇ يەردە بىر مەسچىت سالدۇرغانىكەن».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرغان مەزگىلدە، ھەر شەنبە كۈنى قۇباغا چىقىپ، بىر ۋاخ ناماز ئوقۇپ كېلىدىكەن ۋە كىشىلەرنىمۇ مەسچىتى قۇباغا كېلىپ بىر ۋاخ ناماز ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلغانىكەن. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان بىر ھەدىستە: «مەسچىتى قۇبادا بىر ۋاخ ناماز ئوقۇسا، بىر قېتىم ئۆمرە ھەج قىلغان بىلەن باراۋەردۇر» دېيىلگەن.

جەننەتۇل بەقىيئو - ئۇ مەدىنىدىكى مەشھۇر چوڭ قەبرىستانلىقنىڭ نامى بولۇپ، ھەرەم شەرىفنىڭ شەرقىدىكى كوچا بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىكەن. ئەينى يىللاردا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قەبرىستانلىقنى يوقلاپ تۇرۇشنى ناھايىتى شەرەپ بىلەتتىكەن. ھەتتا كېچىلىرىمۇ كۆپ قېتىم بۇ قەبرىستانلىققا چىقىپ دۇئا قىلار ئىكەن.

① مۇھەممەد خۇزەري: «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى. 158 - بەت.

www.uyghurkitap.com



## گۈزەل شەھەر - مەدىنە

مەدىنىدە بۈگۈن ھاۋا سەل تۇتۇق ئىدى. ئەتىگەندە ياغقان ئازراق يامغۇر بىلەن ھاۋا بىر ئاز بولسىمۇ سالقىنلىدى. تۈنۈگۈن ئالدىن كېلىشىۋالغىنىمىز بويىچە، سائەت سەككىزدە سالىھ ھاجى مەدىنە شەھىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بىزنى كوچىغا باشلاپ چىقتى.

مەدىنە - ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھىجاز ۋادىسىغا جايلاشقان، ئاھالىسى 200 مىڭدىن ئاشىدىغان زامانىۋى ئوتتۇرا ھال شەھەر ئىكەن. ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ھىجازدىكى مۇھىم بىر قاتناش - سودا تۈگۈنى بولغاچقا، ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى بويىچە ئەڭ چوڭ سودا مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپتۇ. 20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن باشلاپ، مەدىنىدە چوڭ - كىچىك سودا ماگىزىنلىرى، بانكا - سەرەپخانىلار، ئاھالىگە خىزمەت قىلىدىغان تۈرلۈك شەھەر مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئاھالە ئولتۇراق بىنالىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، تېز تەرەققىي قىلىپتۇ. سەئۇدى ھۆكۈمىتى 1961 - يىلى بۇ شەھەردە ئەرەبىستان بويىچە ئاتاقلىق ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ بىرى بولغان مەدىنە ئۇنىۋېرسىتېتىنى بەرپا قىلىپتۇ. جەنۇبىدىكى مەككە بىلەن غەربىدىكى جىددىگە تۇتىشىدىغان ھاۋا - قۇرۇقلۇق يوللىرى ياسىلىپتۇ.

بىز ماگىزىنلارنى ئارىلاپ، مەدىنە مەھكىمە شەرئىيىنىڭ يېنىدىكى ئېلېكتر بۇيۇملىرىنى ساتىدىغان چوڭ بىر ماگىزىنغا كىردۇق. بۇ ماگىزىندا جۇڭگو، ياپونىيە ۋە كورىيىدە ئىشلەنگەن سۈپەتلىك ئېلېكتر بۇيۇملىرى سېتىلىدىكەن، سودىسىمۇ ناھايىتى بەلەن بولۇۋېتىپتۇ. ماگىزىن خوجايىنى بۇ چاغدا مىسىردىن كەلگەن بىر خېرىدارغا كىچىك بىر سىنئالغۇنىڭ تۈرلۈك ئىقتىدارىنى چۈشەندۈرۈۋېتىپتىكەن. مەن مال جازىسىدا تىزىقلىق تۇرغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئونى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، پىركازچىكقا «ئۇنى ئېلىڭ!» دەپ ئىشارەت قىلدىم. مەن بۇ رادىئونى كۆرۈۋېتىپ ئارقىسىدىكى: «جۇڭگودا ئىشلەنگەن» دېگەن ئىنگلىزچە خەتنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز «دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن رادىئو ئىكەن!» دەپ سالدىم. مېنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىگىنىمنى ئاڭلىغان ھېلىقى ماگىزىن خوجايىنى دەرھال قېشىمغا كەلدى ۋە ساپ ئۇيغۇر تىلىدا: «شۇنداق، بۇ رادىئو جۇڭگودا ئىشلەنگەن، سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى!» دېدى، ئاندىن مېنىڭدىن: «سىز قەشقەرىمۇ؟» دەپ سورىدى.

سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلارنىڭ بىز ئۇيغۇرلارنى «قەشقەرى» دەپ ئاتايدىغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. شۇڭا، مەنمۇ دەرھال: «ھەئە، مەن قەشقەرى، سىزچۇ، سىز ئەرەبمۇ؟ ئۇيغۇرچىنى ئەجەب ئوبدان سۆزلەيدىكەنسىز؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىدىم.

- ھەئە، مەن ئەرەب، ئىسمىم ئابدۇللا سەئۇدى، - دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، - سودا ئىشى بىلەن دۆلىتىڭلاردىكى گۇاڭجۇ، شاڭخەي، تيەنجىنلەرگە كۆپ بارغانمەن. ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەرگىمۇ كۆپ بارغانمەن. زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن قەشقەرىيە تىلىنى شۇ چاغلاردا ئۆگىنىۋالغانمەن!

مېنىڭ ماگىزىن خوجايىنى بىلەن قىزغىن سۆھبەتكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىمنى كۆرگەن سالىھ ھاجى ئۈرۈمچىلىك تۆت خېرىدار ئايالنى باشلاپ ماگىزىن ئايلىنىش ئۈچۈن كەتتى.

مەن مەدىنىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقان كۈنلەردە، ئەرەبلەرنىڭ ئىنگلىز تىلىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئانا تىلى بولغان ئەرەب تىلىدەكلا ياخشى سۆزلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران بولغانىدىم.

بىر كۈنى، تالادىكى ئىسسىقتىن قېچىپ، ھەرەم شەرىفنىڭ ئىچىدە سالقىنداپ كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، ياش بىر ئادەم يېنىمغا كەلدى - دە، «سىز ئىنگلىزمۇ؟» دېگەن مەنىدە مېنىڭدىن ئىنگلىزچە گەپ سورىدى. مەن «NO!» دەپ، بېشىمنى چايقىدىم. ئۇ ئاندىن ماڭا ئەرەبچە گەپ قىلىۋېدى، مەن ئۇنىڭ سۆزىدىكى «سەدىقە» دېگەن ئەرەبچە سۆزدىن مېنىڭدىن سەدىقە سوراۋاتقانلىقىنى پەملىدىم. مەن ھەرەم شەرىف ئىچىدە سەدىقە بېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا، ئۇنىڭدىن: «سەن نەلىك؟» دەپ ئىما - ئىشارەت ئارقىلىق سورىدىم. ئۇ: «مەن كەشمىرلىك» دەپ ئىنگلىزچە جاۋاب بەردى.

ئەقەللىيسى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ -

پۇچقاقلىرىدىن ئىككى ھەرەمنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن ھەقىر - پەقىر ئادەملەرمۇ ئەرەب تىلىدا ياكى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىكەن. ئەرەبلەرنىڭ ئەڭ ياۋۇسى بولغان بەدەۋىيلەرمۇ باشقىلار بىلەن ئىنگلىز تىلىدا شۇنداق راۋان سۆزلىشەلەيدىكەن. مەن بۇنىڭدىن سىرنىڭ نېمىلىكىنى يېشەلمەي كېلىۋاتقانىدىم. بۇگۈنكى بۇ تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئابدۇللا سەئۇدى دېگەن ئەرەب سودىگىرى بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئانا تىلىمدا سۆزلىشىپ، بۇ سىرنى يەشمەكچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلغان ئۇزۇن سۆھبەت بۇ تېمىنى دەۋر قىلغان ھالدا قانات يېيىشقا باشلىدى.

ئابدۇللا سەئۇدى يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇمۇشلۇق ئەرەب ئىكەن.

- سىلەر ئەرەبلەر ئىنگلىزچىنى ئوبدان سۆزلەيدىكەنسىلەر، - دېدىم مەن ئۇنىڭغا، ئۆزۈم قىزىقىدىغان بۇ ئىشنىڭ سىرىنى يەشمەكچى بولۇپ، - سىلەر ئىنگلىزچىنى ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆگەنگەنمۇ؟

- نەدىكىنى دەيسىز، - دېدى ئۇ جاۋابەن، - پۈتۈنلەي ئۆزىمىز ئۆگەنگەن. رەھىمسىز رېئاللىق بىزنى ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلدى.

- رەھىمسىز رېئاللىق دەمسىز؟ - دەپ سورىدىم ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي، - رەھىمسىز رېئاللىق، دەپ سىز نېمىنى كۆزدە تۇتماقچى؟


- ياشاش مۇھىتى، تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بولمامدۇ، - دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، - ياشاش مۇھىتى، تىرىكچىلىك ۋەسۋەسىسى بىزنى ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلدى. بولۇپمۇ، 1948 - يىلى پارتلىغان بىرىنچى قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشىدا ئەرەبلەر ئىنگلىزلار قوللىغان ئىسرائىلىيىلىكلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، غەربلىكلەر ئەرەب زېمىنىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. بىز ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا، ئۇلار بىلەن سودا قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. پۇل تېپىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ چۆنتىكىدىكى پۇلنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تىلىنى - ئىنگلىز تىلىنى بىلمەي زادى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇق. ئىنگلىزلارنىڭ ئەرەب زېمىنىغا سىڭىپ كىرىشى يامان ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان بىر قېتىملىق پۇرسەت، ياخشى سودا پۇرسىتى ئىدى. شۇڭا، ئىنگلىز تىلىنى ئۆگىنىش بارلىق ئەرەبلەر ئۈچۈن بىر خىل مودا ئىشقا ئايلاندى، بايلىق يامان ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىنگلىزلاردا پۇل كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىنگلىزلارنى پەقەت پۇل ئارقىلىقلا مەغلۇپ قىلىش مۇمكىن.

مەن ئابدۇللا سەئۇدىنىڭ بۇ سۆزىگە قايىل بولدۇم ۋە:

- شۇنداق، ھازىرقى زامان دۇنياسى رىقابەت دۇنياسىدۇر، - دېدىم ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ، - بىراق، بۇ رىقابەت بوران - چاپقۇنلار بىلەن تولغاندۇر. ھەرقانداق بىر ئادەم، ھەرقانداق بىر مىللەت، ھەرقانداق بىر خەلق بوران - چاپقۇنلۇق كەسكىن رىقابەت ئىچىدە دۇنيادىكى باشقا تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشنى خالايدىغان بولسا، چوقۇم بېشىنى تىك تۇتۇپ، بۇ رىقابەتنى كۈتۈۋېلىشى لازىم. دۇنيا بىزنى بىلىشى، بىز دۇنيانى تېخىمۇ بىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى سىز ئېيتقاندەك ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنمەي زادىلا مۇمكىن ئەمەس...

- ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز، - دېدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ماقۇللاپ، - دۆلىتىڭلار WTO غا كىرىش ئالدىدا تۇرىدۇ (شۇ مەزگىلدە دۆلىتىمىز تېخى خەلقئارا سودا كېلىشىمى تەشكىلاتىغا ئەزا ئەمەس ئىدى) . بۇ - ئاللا سىلەر ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن ياخشى بىر پۇرسەت، دۇنيا ناھايىتى زور رىقابەت دېڭىزىدۇر. كىشىلەر مۇشۇ قاينام - تاشقىنلىق رىقابەت دېڭىزىدا خىرامان ئۈزەلەمدۇ ياكى رىقابەت دېڭىزىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇپ كېتەمدۇ؟ بۇ ھەر بىر كىشى ئوبدان ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم مەسىلە...

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




(بېشى ئالدىنقىساندا)

## جېلىل ئىمىننىڭ ئارزۇسى

توقسۇ خەلقىنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ئۇنۇمى ناھايىتى ئېگىز - پەس ئىدى. توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئاياغ قىسمىغا جايلاشقانلار تاتلىق سۇنى پەقەت كەلكۈن پەسلىدىلا كۆرەلەيتتى. قالدى ۋاقىتتا ئۇلار خۇددى ئايەت ئوقۇغان كىشىلەردەك ئىچىدە «سۇ» دەپ پىچىرلايتتى.

جېلىل ئىمىن ئەنە شۇنداق «سۇ» دەپ پىچىرلايدىغان دېھقان ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان «1 - ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇ سۇنى زاۋۇتتا ياسىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئېقىپ كەتكەن سۇلارنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆزىگە يۈكلەنگەن يۈك بىر ئائىلىنى بېقىش ئۈچۈن ئەمەس پەقەت توقسۇ خەلقىنىڭ بىر يىللىق پاراۋانلىقى ئۈچۈن، تۇپراقلارنى نەم خۇشى قىلىپ بېرىدىغان تاتلىق سۇنى مەككەم ساقلاپ بېرىدىغان مۇشكۇل ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

1994 - يىلىدىن باشلاپ سۇ ئامبىرىغا ھەر يىلى 25 مىليون كۇب مېتىر ئەتراپىدا سۇ قاچىلىناتتى. ھىلال ئاي شەكلىدىكى بۇ توپا دامبا 1994 - يىلى نېفىت ئىزدىگۈچىلەر تەرىپىدىن زەخىمگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كۈندە قانداق قىلغاندا تاتلىق سۇنى دېھقان ئاكىلارغا بىخەتەر يوللاپ بېرىش خىيالى يىغىلىپ تۇراتتى. ئۇ قىزغىن خىزمەت قىلاتتى، خەتەرنى ئويلىغاندا گويا تۆيۈقسىز بىر ئىش يۈز بېرىدىغاندەك بىرقىسىم بىپەرۋا ئامبار خادىملىرىنىڭ بىغەمىلىكىگە چىداپ تۇرالماي كىچىك دائىرىلىك يىغىنلاردا نەرە تارتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ تارتقان نەرىسى توقسۇ دېھقانلىرىنىڭ «سۇ» دەپ ۋارقىرىغان ساداسى دېيىشكە بولاتتى.

ئۇ ھەر كۈنى ئامبار ئىچىدىكى زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇغا قاراپ «بۇ بىر پارچە ھاياتلىق سۈيىنى توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەۋەتەلىسەكلا توقسۇدا مېھرىنى ئۆزگىلى بولمايدىغان نەچچە پارچە ھاياتلىق ئابىدە ئەكس ئەتكەن بولاتتى» دەپ ئويلايتتى.

## سۇ خادىملىرىنىڭ چۈمپەردىسى

بىر كۈنى ئەنۋەر ئايمەت سۇ خادىمى باشلىقىدىن «60 لىتىر سۇ 1.3 مىنۇت ئاقسا قانچىلىك يەرگە بارىدۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ كىشى ھەرقانچە قىلىپمۇ جاۋاب بېرەلمىدى. بۇنداق رەھبەرلەردىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن ئەنۋەر ئايمەت جاۋ چەنفۇغا سۇ رەھبەرلىرىنى تەربىيىلەشنى تاپىلىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئىشنى ئەمەس، ئەمەلنى تۇتۇپ تۇرغانلار ناھايىتى بىلىملىك ھېسابلىناتتى. جاۋ چەنفۇ باشتا ئۇلارنى ھەقىقەتەن بىلىملىك كىشىلەر ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى. لېكىن ئۇلار بىلەن سۇ خىزمىتى ئىشلەش جەريانىدا ئۇلارنىڭ «ئۆستەڭدە سۇ بولسىلا قىلغان ئىشىم ئۇتۇقلۇق» دەپ قارايدىغانلىقىنى، كاللىسىدا سۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق چۈشەنچە يوقلۇقىنى، بار بولغىنى پەقەت تاسادىپىيلىقلا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئەنۋەر ئايمەتنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سۇ خادىملىرىدىن ئىمتىھان ئېلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قوللانما تارقاتتى. ئۇ قوللانما بىر قانچە كۈن دەرس قىلىپ ئۆتۈلدى. بۇ جاۋ چەنفۇنىڭ كەڭ قورساقلىقى ئىدى. ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەر سۇ خادىملىرىغا خۇددى باش - ئايىغى چىقمايدىغان تېپىشماقتەكلا تۇيۇلدى. سۇ ھېسابىنى بىلمەي تۇرۇپ، دېھقانلارنى بېيىتىمەن، زېمىننى كۆكەرتىمەن دېيىش بىر پوچىنىڭ مېزى چۈۋۈلغاندەكلا كۈلكىلىك ئىش ئىدى.

ئىمتىھان باشلاندى. باشقىلارنى كۆزىگە ئىلمايدىغان ھېلىقى رەھبەرلەر بىرقىسىم ئىختىساسلىقلاردىن جاۋاب كۈتۈپ، ئەتراپىغا تەلمۈرۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قۇپقۇرۇق قورسىقى بىلەن ھىيلە - مىكىر توشۇپ كەتكەن كاللىسى ئەپتى - بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىۋاتاتتى.

جاۋ چەنفۇنىڭ بىر جۈپ قاپقارا كۆزلىرى ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ مىدىرلاتمىدى. نەتىجە جاۋ چەنفۇنى چۆچۈتىۋەتتى. 100 گە يېقىن سۇ خادىملىرى ئىچىدىن ئىمتىھاندىن ئۆتكۈچىلەر 30

پىرسەنتكىمۇ يەتمىگەنىدى. ئاخىر سۇ ئىدارىسى ئۇلارنى قايتا تەربىيىلەشكە مەجبۇر بولدى.

## ئەنۋەر ئايمەت بىلەن جاۋ چەنفۇنىڭ ئارزۇسى

سۇ ئىدارىسىدىكى سۇ خادىملىرىنىڭ سەۋىيىسى چالا ساۋاتلاردىن باشلىنىدۇ. ئىلگىرى سۇ ئىدارىسى ئۇلارنى نەچچە قېتىم كۇرس ئېچىپ تەربىيىلىگەن. لېكىن «تەربىيىلەش ئۈنۈم بەرمىدى» دەپ قاراپ ئۇلارنى ئالىي مەكتەپكىچە كۇرس ئوقۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگىنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسىم فامىلىسى بىلەن ئۆزىگە يېقىپ قالغان گەپ - سۆزلىرى بولدى.

ئالىي مەكتەپتە تەربىيىلەنگەنلەرمۇ ئۆزلىرىنى ئاشۇ چالا ساۋاتلارغا لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلەيتتى. جاۋ چەنفۇ ئۇلارنى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى دېڭىز - ئوكيان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان، مول تەجرىبە - ساۋاق ۋە ئەمەلىي بىلىمگە ئىگە ئۇستازلاردا تەربىيىلەش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان رەسمىيەت ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئېلېكتىر مەكتىپىدىن توقسۇغا ئۇستاز تەكلىپ قىلدى.

بىرىنچى بولۇپ غالىپ جېلىل مۇئەللىمنىڭ تۇپراق مېخانىكىسى ۋە گېئولوگىيە دەرسى ئۆتۈلدى. ئۇ ناھايىتى قىزغىن ھەمدە چاقچاقچى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار بىلەن تېزلا چىقىشىپ كەتتى. تۇپراق جاھاندىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلارغا ئوخشاش ناھايىتى قىزىقارلىق بولىدىكەن. دەرس سوغىرىش ۋە سۇ چىقىرىشقا ئالماشتى. بۇ دەرس سۇ خادىملىرىنىڭ كەسپى بولغاچقا، پۈتۈن سۇ خادىملىرى بۇ دەرسكە دىققىتىنى يىغىپ ئولتۇردى. ئەمما ئۇلارنىڭ كاللىسى بەك قۇرۇپ كەتكەچكە ئۆتۈلۈۋاتقان دەرسلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. بىلىم ئالغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. ھەر ھالدا ئۇلار سۇ، تۇپراق، بېتون، ئۆلچەش دېگەنلەرنى خېلى ئوبدان چۈشىنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنۋەر ئايمەت، جاۋ چەنفۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمۇ بىكارغا كەتمىدى.

## نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ يەر تەۋرىتىپ ۋە ئېغىرلىق كۆچى بىلەن سۇ ئامبىرى رايونىنى ئۆلچەشلىرىدىن يوقالغان سۇ

جاۋ چەنفۇ «1 - ماي» سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ سىزىش ئەھۋالىغا دىققەت قىلىۋاتقىلى ئىككى يىل بولغانىدى. سۇ سىزىش 90 - يىلىدىن باشلاپ بەك ئەدەپ كەتتى. ئامبارنىڭ ئارقا تەرىپىگە كەڭلىكى بىر يېرىم چاقىرىم ئەتراپىدا سۇ يېيىلىپ كەتكەنىدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇ نازارىتىنىڭ نازىرى تۇرسۇن توختى بۇ سولۇق ماكانغا 1994 - يىلى كەلگەندە تولىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بۇ سۇدىن پايدىلىنالمىغان توقسۇ خەلقىگە ئىسسىق دەۋەتتى. ئامبار باشلىقى مەمتىمىن ھېلەككە:

– سىلەر بۇ تاتلىق سۇغا نېمىشقا زەيكەش چېپىپ بۇ سۇنى تۆۋەنگە يوللاپ بەرمەيسىلەر؟ بۇ دالانى كۆكەرتىپ كۆك تۇتەكلىكتە ئامبار بىلەن ئاكا - ئۇكا قىلىساڭلار بولمامدۇ؟ – دېدى. بۇ ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ تارىمدىكى تۇنجى ساداسى ئىدى. بۇ سادا بۇ دالانى قاچان قوچىيدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

شۇ يىلى ئامبارغا 35 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلاندى. ئەمما بۇ ئىش سۇ خادىملىرىنى دەككە - دۈككىگە چۈشۈرۈپ قويدى. مۇئاۋىن ھاكىم يەن يۇلۇڭ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامبار رايونىغا توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىلەن سۇ قۇرۇلۇشى خادىملىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇ يەردە تۆردى ھەمدە مەمۇرىي كەنتلەردىن ۋە سۇ ئامبىرىدىن بولۇپ 60 دىن ئارتۇق كۆزىتىش خادىملىرى 5 مىڭ مېتىرلىق توپا دامبىنى 24 سائەت كۆزىتىپ باھار تېرىلغۇسىنى كۈتۈۋالدى. شۇ يىلى ئامبارىدىن يوقالغان سۇ 10 مىليون كۇب مېتىردىن ئېشىپ كەتتى.

## ياسىن كېبىرنىڭ قولىدا

جاۋ چەنفۇ ئاشۇ پارتلىتىشتا زەخىملەنگەن ئامبار بۆلىكىنى پۇختىلاش، يولتۇزغول ئۆستەڭنىڭ باش - ئاياغ قىسمىنى ئۇلاش قۇرۇلۇشىغا پۇل ئىزدەپ، يۇقىرى - تۆۋەن ئورۇنلارغا تولا چېپىپ قارا تەرگە چۆمگەن ھالدا قايتىپ كەلدى.

سۇ ئامباردىن سۇ سىزىشنى تۈگەتمىسە خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمايتتى. غول ئۆستەڭنىڭ باش - ئايىغىنى ئۇيمىسا، دېھقانلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكىنى تۈگەتكىلى بولمايتتى.

جاۋ چەنفۇ سۇ قۇرۇلۇشقا خېرىدار چاقىرىۋىدى، قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرى يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

جاۋ چەنفۇ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ سۈپىتىگە توقسۇدىكى سۈپىتىنىڭ كاپالىتى يوق، سۇ سىڭمەس قۇرۇلۇشلارنى ئەينەك قىلىپ تۇرۇپ جاۋابكار، تېخنىك، نازارەتچىلەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. قۇرۇلۇش مۇددىتىگە چەك قويدى. قۇرۇلۇشنى دۆڭ كۆتۈرە ئالغۇچى ئۇستاملار «قۇرۇلۇش باھاسىنى ئۆستۈرۈپ بېرەرمىكىن» دېگەن ئۈمىدتە جاۋ چەنفۇغا باغلام - باغلام پۇللارنى تەڭلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قولىدا ئىككى ئىشچىنىڭ بىر ئۆمۈر ئالىدىغان مائاشى

www.uyghurkitap.com

تۇراتتى. جاۋ چەنفۇ ئۇ پۇللارنى ئالسىلا ئۇلار بۇ مەخپىيەتلىكنى مىڭ يىلغىچە ساقلىيالايتتى، ئەمما جاۋ چەنفۇ ئۇ پۇللارغا كۆز قىرىنى سالمىدى. ئۇ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ قان تومۇرى ئۇچۇن كۆتۈرە ئالغۇچىلارنىڭ قۇرۇلۇشقا قويغان يۇقىرى باھاسىنى ئىككىلەنمەي رەت قىلدى.

قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرى جاۋ چەنفۇنى «ئىش ئۇقمايدىغان ئادەمكەن» دېيىشتى. قۇرۇلۇشنى ئاخىر ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم سۇ قۇرۇلۇش شىركەتلىرى ھۆددىگە ئالدى. قۇرۇلۇش تېخنىكىلىق تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ كۆزىدە مىڭ كىشىلىك خەلق ئەمگەكچىلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى.

ياسىن كېبىر، ئېزىز غاپپار يۇلتۇزغول ئۆستەڭ سۇ قۇرۇلۇشىدا ئۆز كارامىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئاللىقاچان باش كۆتۈرۈپ بولغان كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدىكى كارخانىلار ھېچنېمىگە قارىماي ئىشلەۋاتاتتى. ياسىن كېبىر ئۇلارنى بىسىپ چۈشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دەرۋەقە ئۇنىڭ قولىدا يۇلتۇزغول ئۆستىڭىنىڭ 1 ـ بۆلىكى ھەممىسىنىڭ ئالدىدا پۈتۈپ چىقتى.

## كېسەلمەن تېنى بىلەن سۇدا تۇرغان جاۋچەنفۇ

كونىلاردا خۇشاللىقنىڭ قايغۇسى بار دېگەن گەپ بار. سۇ ئىدارىسى بۇ سەلتەنەتلىك ئۆستەڭگە سۇ باشلىۋىدى، ئېتىلىپ كەلگەن سۇ بۇ ئۆستەڭنىڭ 70 مېتىر بېتون قېشىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

جاۋ چەنفۇنىڭ كۆزىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس ياش لىغىلداپ تۇراتتى. ئۇ بۇ قۇرۇلۇشقا مول تەجرىبە ـ ساۋاقتا ئىگە، گېئولوگىيىلىك يەر تۈزۈلۈشكە تولۇق باھا بېرەلەيدىغان، تۇپراق مېخانىكىسىدىن خەۋىرى بار، ئىلگىرى نەچچە مىليون يۈەنلىك سۇ قۇرۇلۇشى ۋە سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇرۇپ چىققان ئالىي مەلۇماتقا ئىگە ئىنژېنېرلارنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئۇلار ئامبار رايونىدىكى قۇرۇلۇش بۆلەكلىرىدىن يېتىپ كەلگۈچە جاۋ چەنفۇ ھۆكرەپ يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئاخىر سۇنى توختىتىپ، قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىرىنى چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆستەڭ بويىغا 200 گە يېقىن تېخنىكلار ۋە خەلق ئەمگەكچىلىرى يىغىلدى. باش نازارەتچى مازۇڭمۇ يېتىپ كەلدى. ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتكەن جاۋ چەنفۇ ئۇنىڭغا:

– باش نازارەتچى بۇ نېمە قىلىق؟ مىليون يۈەنلەپ پۇل خەجلىگەن بۇ ئۆستەڭ يىرىم سائەتلىك سۇغا بەرداشلىق بېرەلمىسە سىلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرۈيسىلەر؟ – دېدى.

ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى، ئاخىر شايار ناھىيە سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى سۇ قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ كومۇردەك قارا دىرېكتورى دو داخەي ئالدىغا چىقتى.

– سەۋەنلىك بىزدە. بىز بۇ سەۋەنلىكنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالىمىز.

ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بېتون قاش ھەقىقەتەن ئۇلار ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇش بۆلىكى ئىدى. جاۋ چەنفۇ تېخنىكلارغا قاراپ:

– دەرھال قۇرۇلۇش بۆلىكى ۋە ئىشلەپ بولغان بېتونلاردىن ئەۋرىشكە ئېلىڭلار، – دېدى.

تېلېكامېرا ۋە فوتوگرافلار ئۆستەڭنى رەسىمگە ئالدى. جاۋ چەنفۇ ئىككى كۈنگىچە بۇ يەردە سۇ كېچىپ يۈرۈپ ئۆستەڭ بۇزۇلۇش سەۋەبىنى تەكشۈردى. ئۇنىڭ ئاشقازان كېسىلى بولغاچقا تېنى بەك ئاجىز ئىدى، پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلۇپ، پۇتلىرى قوپال تاشلار ئارىسىدا تىترەپ تۇراتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئۆزى سۆيىدىغان بۇ سۇ ئۆزۈلىغا يار يىلىمدەك چاپلاشتى.

## رەڭگى ئۆچۈشكە باشلىغان كۆك تۇتەكلىك قايتا جانلاندى

6 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى، دان تۇتۇشقا ئاز قالغان بۇغداي باشاقلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن دان تۇتايمۇ ـ تۇتمايمۇ دەپ ھوسۇل بېرىش ئاچىلىدا تۇرۇپ قالغانىدى. سەھراغا رەڭ بەرگەن يايپېشىل دەرەخلەر مەشكە قاقلىغاندەك بولۇپ قالدى. توپا ـ چاڭلارغا پۈركىنىپ كەتكەن ياپراقلار قىلچىمۇ پارقىرىمايتتى. مېۋىلىك باغلار كۆز كىرگەندەك ياپراقلىرىنى تاشلاۋاتاتتى. كېۋەز مايسىسىنىڭ رېڭىنمۇ ئوتتەك ئىسسىق ۋە پىت ـ سىركىلەر تالاپ كەتكەنىدى.

ناھىيە بۇنداق ھادىسىلەرگە ئوكۇل ئاسمىدىيۇ، قىلمىغىنى قالمىدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر چارە ئاشۇ مايسىلارنى باستۇرۇپ سوغۇرۇشتا قالغانىدى. ئەمما توقسۇ ناھىيىسىدە ئۇ مايسىلارنى باستۇرۇپ سۇغۇرغىدەك ئۇنچىلىك جىق سۇ ھەرگىز يوق ئىدى.

جاۋ چەنفۇ بىتۈن ئۆستەڭنىڭ بۇزۇلغان قىسمىنى توپا ـ تاغار بىلەن ئېتىپ بولسىمۇ سۇ ئاقتۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۆستەڭ ئاتكۆكسى توپا ـ تاغار بىلەن قوپۇرۇلدى. تاتلىق سۇ توقسۇ ناھىيىسىنىڭ ئوت كېتەي دەپ قالغان زىرائەتلىرىگە، باغ ـ ئورمانلىرىغا باشلاندى. سۇ ئېچىپ قايتا كۆكەرگەن تىمەن زىرائەتلەر ھوسۇل بېرىش سىزىقىغا سەكرەپ چىقتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



www.uyghurkitap.com



# 2004

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | | | | | | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | 31 | | | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | 1 |
| 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 |
| 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 |
| 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 |
| 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 |
| 30 | 31 | | | | | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 |
| 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 |
| 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 |
| 27 | 28 | 29 | 30 | | | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | 1 | 2 | 3 |
| 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 |
| 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 |
| 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 |
| 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 |
| 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 | 14 |
| 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 | 21 |
| 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 | 28 |
| 29 | 30 | 31 | | | | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1 | 2 |
| 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 |
| 10 | 11 | 12 | 13 | 14 | 15 | 16 |
| 17 | 18 | 19 | 20 | 21 | 22 | 23 |
| 24 | 25 | 26 | 27 | 28 | 29 | 30 |
| 31 | | | | | | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 |
| 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | 13 |
| 14 | 15 | 16 | 17 | 18 | 19 | 20 |
| 21 | 22 | 23 | 24 | 25 | 26 | 27 |
| 28 | 29 | 30 | | | | |

| ي | د | س | چ | پ | ج | ش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1 | 2 | 3 | 4 |
| 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |
| 12 | 13 | 14 | 15 | 16 | 17 | 18 |
| 19 | 20 | 21 | 22 | 23 | 24 | 25 |
| 26 | 27 | 28 | 29 | 30 | 31 | |

قۇربان هېيت 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى

روزا هېيت 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى

نەۋروز بايرىمى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى

国际标准刊号 ISSN1004—1745 国内统一刊号 CN65—1012/I 邮发代号 58—83 零售价: 5.00元